ISSN 1002 _ 9044

# تارىم

9

1993

# يازغۇچىلار تۇرمۇشىدىن



ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچى-
لار جەمئىيىتى يېقىندا ئۈرۈمچى
ئەتراپىدىكى مەنزىرىلىك جايدا
كەسپىي يازغۇچىلار خىزمەت
يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە
يىغىننىڭ ئىچى-سىرتىدا.







# تارىم


باش مۇھەررىر

مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئالىمجان ئىسمائىل، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، خالىدە ئىسرائىل، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختەر مەخسۇت، ئوسمانجان ساۋۇت، ئىمىن تۇرسۇن.



ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

43-يىل نەشرى

9

1993

# بوستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئابلىكىم ئەبەيدۇللا..................كىرپىك (پوۋېست)...................... 13

ئابدۇۋەلى قادىر....................تەقدىر (ھېكايە)....................... 80


## شېئىرلار


تۇرغان شاۋۇدۇن....................سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى........................ 3

مەمتىلى زۇنۇن......................شېئىرلار.................................. 8

سەلەي قاسىم........................ئىككى شېئىر............................. 12


## ئۈمىد چېچەكلىرى

### (شېئىرلار)


ئابابەكرى توختى.....................تۇمانلىق سەھەردە يوقالغان ئۆتمۈش...... 66

ئەركىن داۋۇت.........................ئايدىڭدا پۈتكەن مىسرالار................ 68

ئەسقەر يۈسۈپ........................ئۈچ شېئىر.................................. 71

تاھىر ماسۇت.........................كۈتۈش...................................... 71

كۈرەش تاھىر.........................سەن تەگرىگە ۋەھىي چۈشۈرگىن.............. 72

تەلئەت ئاتاۋۇللا......................ياشلىق نەزمىلىرى.......................... 72

دولقۇن قادىرى........................قولۇمدا يىرتىلغان نىگار سۈرىتى........... 73

نۇرۇللا خېلىل..........................قەدىمىي شەھەر............................ 74

ئەنۋەر مۇھەممەت......................چۈش ئىچىدىكى چۈش........................ 74

ئابدۇرېھىمجان ئابلاجان...............سايە........................................ 74

راھىلە ئابدۇۋايىت......................تەقدىر...................................... 75

ئابدۇقادىر سادىر.......................غەزەللەر................................... 75

ئالىمجان ئازاد..........................سۆيگۈ باھار، سۆيگۈ بىر ئازاب............. 79


## گۈلىستاندىن گۈلدەستە


ئەخمەت تۇردىيۇ......................ئاخىرقى گىرانات (ھېكايە)................... 118

مەمتىلى ھېلىم.......................سۈكۈتكە چۆمگەن دالا (ھېكايە)............... 123

موسا ئەھەد............................ئادەملىكىم سوئال ئۆزۈمگە (شېئىر)........... 129

خۇدا بەردى روزى.....................ئىككى غەزەل................................ 132

نۇردۇن ئىبراھىم..........پارچىلار (شېئىر).......... 133
نۇرمەھەممەت سايىم..........ئۈچ شېئىر.......... 133
ياسىنجان ئىبراھىم..........غەزەللەر.......... 134
ئابدۇكېرىم ئەھمەت..........ئۈچ شېئىر.......... 136
داشات ئابلىز..........شېئىرلار.......... 137
تۆلەندى ئەزىم..........ئىككى شېئىر.......... 138
ئۆمەر مۇھەممەت..........ئارال (شېئىر).......... 138
ئەمەتجان مەخسۇم..........شېئىرلار.......... 139
قاسىم كېرىم..........شېئىرلار.......... 139
ئابدۇرېشىت قۇربان..........تىلەك (شېئىر).......... 140

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم..........ئۇيغۇر ھازىرقى زامان داستانچىلىقىنىڭ نەمۇنىسى... 96
ئازاد سۇلتان..........يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ پىروزا ئىجادىيىتى
تـوغرىسىدا.......... 105
مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلىنىش، دەسلەپكى مېۋە...... 115

## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن

ئابباس ئاۋۇت..........دوكتۇرنىڭ كەشپىياتى (ھېكايە).......... 141
نىجات ئارىپ..........بىر قېتىملىق چۈش (ھېكايە).......... 141
ئەركىن مەتتىمىن، پەرھاد كېرىم، ئابدۇغېنى سېيىت، تۇرغۇنجان تۇرسۇن، غوجىمۇھەمـ
مەت مەمەت، ئارزۇگۈل ئىمىن، ئەخمەتجان مەتقۇربان، ئەمەتجان قۇربان، مەتتۇرسۇن
مەتتوختى، سادىر قادىر، ئابدۇشۈكۈر راشىدىن، توختى تۇرسۇن، ئابلىز ئۆمەرھاجى،
سەمەتجان تۇرغۇن، ئەخمەتجان تۇرۇپ، ئەركىن زوردۇن، ئابدۇرازاق ئايۇپ، نۇرمۇ-
ھەممەت ھاشىم، توختى تۇرسۇن ..... شېئىرلار.......... 146

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

.......... 158

※ ※ ※

رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ

تۇرغان شاۋۇدۇن

# سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى

## ئەي پەرى

بىر كۆرۈپ كىردى كۆڭۈل ئىشقىڭ كويىغا، ئەي پەرى،
ئىككى كۆرمەكنى پەقىر پۈكتى ئويىغا، ئەي پەرى.
ئۈچ كۆرۈشكە گەر نېسىپ قىلسا مۇيەسسەر ئىگىسى،
پەس كېلەر بەلكىم سىـاما پەقىر بويىغا، ئەي پەرى.
تۆت كۆرۈپ تاپسام ۋىسالىڭ ۋەسلىدىن بىر زەررە نۇر،
قاپلىغاي تەلەي گۈلۈم ئەلنى بويىغا، ئەي پـەرى.
بەش كۆرۈپ دەرمەن: ئەمەس ئەپسانە ھۆرلەر قىسسىسى،
بەردى جان ھۆسنۈڭ شۇ ھۆر رەڭگى-رويىغا، ئەي پەرى.
ئالتە كۆرسەم مەي ئىچىپ سۆيگۈ ۋىسالىڭ جامىدىن،
يەتتە ئىقلىمنى پەقىر يىغقاي تويىغا، ئەي پەرى.

## جىسمىم ئىشق، مەن ئىشتىياق

جىر يىگىت ئەردىم غەم-ۇ غۇسسە، ئازابلاردىن يىراق،
نە بالا بولدىكى، كۆيدۈردى مېنى ئېزگۈ پىراق.
ئاقتۇرۇپ جىسمىمدا قانىمنى گويا يالقۇن سۈپەت،
مىڭ قۇياش تەپتىنى كىرگۈزدى بۇ تەنگە ئىشتىياق.
«ئىشتىياقنى تارتا-تارتا، ھېچ مادارىم قالمىدى»،
كۈندۈزى بىھوش، گاراڭمەن، كېچىدە بىدار بىراق.
گەر دېسەم ئاھ، ئۆرتىنەر ئالەم ئۇنىڭ يالقۇنىدىن،
گەر دېسەم ئۇھ، ئۇھلىرىم ياققاي سامالارغا چىراق.
شۈكرىكىم، تاپتىم لېكىن ئۆمرۈم يولى، مەناسىنى،
جان پىدا جانانىغا يەتكەي نېچۈن چەكمەي پىراق.
مەن تۆرەلدىم سۆيگۈنىڭ يالقۇنىدىن قايتا بۈگۈن،
سىڭدى جىسمىم ئىشقىغا، جىسمىم ئىشق، مەن ئىشتىياق.

## ئەجەب غەمزەلىرىڭ باردۇر

ئەجەب غەمزەلىرىڭ باردۇر قىلىپ مەپتۇنـۇ ھەيرانە،
بولۇپ لالە، ئۇچار كۆڭلۈم قۇشى ھەريانە ـ ھەريانە،
ئەگەر كۈلسەڭ كۆڭۈل يايراپ ئالار ھۆسنۈڭ نۇرىدىن زوق،
بولۇپ شەمئىگە جان پەرۋەر گويا پەرۋانە ـ پەرۋانە.
تۇرۇلسە قوشۇماڭ لېكىن ئەمەسمەن مەن ئۆزۈم ئەسلا،
گادادۇرمەن بوسۇغاڭدا ھامـان ۋەيرانە ـ ۋەيرانە.
چېچىلغان ئۇشبۇ كۆڭلۈمدىن خىتاب ئەيلەر مېنىڭ جىسمىم،
ئىدىم بىر دانە، بولدۇممەن بۈگۈن ھەردانە ـ ھەردانە.
ساڭا خوپمۇ مېنى قىيناش چىرايلىق غەمزە ـ تەننازدا،
نە بولغاي قۇت ـ ۋىسال بەرسەڭ، بولـۇپ سۆيگۈدە مەردانە...

## ئىزىڭدىن كېزىمەن دائىم

سېنى كۆردۈم، سېنى سۆيدۈم بۇ جانىمنىڭ جانانى، دەپ،
ئەجەب قاچتىڭ قىيا باقماي قۇتۇلماقنىڭ تامانى، دەپ.
ئىشق ئەھلى ئۈچۈن قىسمەت ھامان شۇنداق پۈتۈلگەنمۇ،
بۇرۇن ئادەم ئاتا كۆيگەن شۇ قىسمەتتە ھاۋانى، دەپ.
ئۇدۇمدۇر يۇ ئىشق ئەھلى ئۈچۈن كۆيمەك ۋەسل ئىزدەپ،
ئىشق تاۋلار ئوتى بىرلە ئەبەتلىككە ۋاپانى، دەپ.
دېمەسمەن ئاھ شۇڭا قانچە ئوتۇڭدا ئۆرتىنىپ كۆيسەم،
ئىزىڭدىن كېزىمەن دائىم ئۆزۈڭ قىلغىن راۋانى، دەپ.
گۈزەل ئارمانلىرىم ئىشقا ئاشارمۇ بىر كۈنى دىلبەر،
كېلەرسەنمۇ قۇچاغىمغا ئەجەب تارتتىڭ جاپانى، دەپ...

## سەن پەرى

يوقتۇر جاھاندا سەندەك بىر پەرى،
بولسىمۇ بولماس مەندەك مۇشتەرى.
قەددىڭ نىھالى ئۆسمەس ھېچ باغدا،
ئۆسسىمۇ يانا ئۆزۈڭ سەرۋەرى.
غۇنچە لەبىڭدەك ھېچ غۇنچە بولـماس،
بولسىمۇ بولماس لەبىڭدەك بەھرى.
چولپان كۆزۈڭنى دورالـماس چولپـان،
نە قىلغاي ئۇندا كۆزۈڭنىڭ سېھرى.
ئايدەك جامالىڭ داغ سـالدى ئايغا،
ئايدىن نۇرانە ھۆسنـۈڭ ئەنۋەرى.
مەن سېنى كـۆردۈم ئازدىم ئەقلىمدىن،
قۇتقۇزغۇچىم سەن ئەي ھـۆر ـ پەيكەرى.
تۇرغانغا سۇنغىن ۋەسلىڭ مەيىدىن،
يانسۇن چاراقلاپ سۆيگۈ ئەختەرى...

## سۆيگۈ

سۆيگۈ ئۆلمەس، سۆيگۈگە ئالەم گۇۋاھ،
سۆيگۈسىز ئادەم خاراب، ئالەم غۇۋا.
سۆيگۈنى ئەتىسە تەقىپ، تىل تۇتۇلار،
سۆيگۈسىز دەرد ئەھلىگە يوق ھېچ داۋا.
سۆيگۈدۇر ئادەم روھىنىڭ جىلۋىسى،
سۆيگۈسىز ئىنساپ قۇرۇق قاقشال گويا.
ئۆلمىگەن جان سۆيگۈدىن لەززەت تاپار،
سۆيگۈ ئىنسانغا زۆرۈر سۇ ۋە ھاۋا.
قايتىلاپ كىردىم كوچاڭغا شۇڭا مەن،
سۆيگۈنى ناخشام ئۈچۈن ئەيلەپ راۋا.
جور بولۇپ قوشقىن ئاۋاز ئەي گۈل نىگار،
ئۇلغاي «ئۇششاق» قا «سىگاھ» نى «ناۋا».
ياڭرىسۇن ئاۋازىمىز ھەريان تاراپ،
خۇددى قۇچقاندەك زېمىننى شوخ سابا.

## قەدىناس ناخشا

قايتىلاپ كىردىم كوچاڭغا ئەي نىگار
شۇ قەدىم ناخشامنى ئەيلەپ دىلغا يار.
ئەيلىمە بۇندىن تەئەججۈپ كونا دەپ،
يەنىلا ناخشامدا ئىشقىڭ مېھرى بار.
ھەر قېتىم ئېيتسام بۇنى زوقۇم بىلەن،
جۇش ئۇرار قەلبىم مېنىڭ بىئىختىيار.
قىلىدۇ پەرۋاز يىراققا ئويلىرىم،
دىلنى ئەيلەپ گۈل يۈزۈڭگە ئىنتىزار.
سۆيىمەن ھەردەم شۇڭا بۇ ناخشىنى،
قىلغۇسى ئېيتقانچە ئىشقىم جىلۋىدار.
مەڭگۈ ئۆلمەس سۆيگۈنىڭ جۇلاسى ئۇ،
قىش ۋە ياز كۆڭلۈم بېغىنى ياشنىتار.
چاچلىرىڭغا قونسىمۇ ئاپئاق قىراۋ،
سۆيگۈدىن قەلبىمدە ياشلىق نەۋباھار...

## بولسا

1

يارى بولسا، ياندا بولسا، كۆرۈشۈپ تۇرسا،
بىر شاختىكى جۈپ غۇنچىدەك تېگىشىپ تۇرسا.
بىللە ئويناپ، بىللە كۈلسە، ھەسرەت چەكمىسە،
كۆرەلمەسلەر پىتنە قىلىپ، ھەسەت چەكمىسە.

2

كۆلپەتتە بولۇپ ھەمدەم تاغ كەبى يۆلەك بولسا،
ئۇسسىسا بولۇپ زەمزەم داۋائى يۈرەك بولسا.
كۆزلىرى خۇمار بولسا، بويىندا تۇمار بولسا،
لەۋلىرىدىن سۇ بەرسە دىل ئاڭا خۇمار بولسا.
رۇخسارى تولۇن ئايدەك، چاچلىرى سىياھ بولسا،
ھىجران تۈنىدە يارنىڭ يولىغا زىيا بولسا.

## كۆڭۈل ئىستىكى

ئۈمىد ئاتا قىلغاي ماڭا كۆڭلۈم ئىستىكى،
ئىستىكىمنى يارىم ئۆزۈڭ ئادا قىلغايسەن.

بىر سېنى دەپ كەزدىم ھىجران باياۋانىنى،
ۋىسالىڭدىن دىلغا كەۋسەر ئاتا قىلغايسەن.

مۈشكۈلاتنى يەڭمەك ئەسلى مەردلىك قىيمىتى،
مەردلىك ئۆزى باتۇرلارنىڭ ئورتاق خىسلىتى.
دېيمەن شۇڭا جاپانىڭمۇ باردۇر نېمىتى،
چەكسەم جاپا گەر يولۇڭدا ۋاپا قىلغايسەن.

ۋاپانى دەپ چەكمەك جاپا مەردلىك قىممىتى،
ۋاپا ئەيلەپ چەكمەك جاپا دەۋران ھېكمىتى.
ئۆتتى دەۋران، ئۆچمىدى ھېچ ئاشىقلار ئېتى،
زۆھرە، سەنەم، ئۆزرا بولۇپ سادا قىلغايسەن.

## ۋەسلىڭ غېمى

ۋەسلىڭ غېمى يۈرىكىمنى چاك قىلدى،
داۋاسىنى سەندىن ئىزدەپ كېلىۋۇرمەن.
ئىشقىڭ ئۆرتەپ بۇ تېنىمنى خاك قىلدى،
سىيماسىنى سەندىن ئىزدەپ كېلىۋۇرمەن.

باھاردەك گۈل پەسلىڭنى دەپ،
مۇھەببەتلىك ۋەسلىڭنى دەپ.
ھۆر ـ پەرىدەك ئەسلىڭنى دەپ،
دەرد چەكمىكىم قامالىڭدۇر.

شەيدالىقىم ئايان زەپىران يۈزۈمدىن،
دىل ئېزىلەر ھەردەم غەملىك سۆزۈمدىن.
قوش بۇلاقتەك ئاقار يېشىم كۆزۈمدىن،
شىپاسىنى سەندىن ئىزدەپ كېلىۋۇرمەن.

يېتەرمەن دەپ مۇرادىمغا،
ۋەدە قىلدىم ئۆز ئالدىمغا.
سەرسان قىلغان مېنى ھەريان،
بويىي مەستخۇش شامالىڭدۇر.

سۇ قاينىماس قازانغا ئوت ياقمىسا،
گۈل ئېچىلماس باھار سۈيى ئاقمىسا.
ئاشىق كۈلمەس، مەشۇق كۈلۈپ باقمىسا،
مەناسىنى سەندىن ئىزدەپ كېلىۋۇرمەن.

قىينىما دەر كۆڭلۈم ساڭا،
تەئەللۇق دەر ئۆمرۈم ساڭا.
كۆڭلۈمدە سەن، ئۆمرۈمدە سەن،
سۆيگۈم ئىشقى نىھالىڭدۇر.

### سۆيگۈم ئىشقى نىھالىڭدۇر

مېنى ئىشقى يولىغا سالغان،
قەددى شەمشاد كامالىڭدۇر.
تەندىن ئەقلى ـ ھوشۇم ئالغان،
مىسلى ئايدەك جامالىڭدۇر.

### كەلمىسەڭ باراي يارىم

بىر ئۇيان ئۆتۈپ كەتتىڭ،
بىر بۇيان ئۆتۈپ كەتتىڭ.
ساچىڭنى پۇلاڭلىتىپ،
كۆڭلۈمنى چېتىپ كەتتىڭ.

ئۆيانمۇ ئۆتەي دەيمەن،
بۇيانمۇ ئۆتەي دەيمەن.
بىر كۆلۈپ باقار بولساڭ،
مىڭ بىر چۆرگىلەي دەيمەن.

قول سېلىپ چىقىپ كەلسەڭ،
پاياندار سالايمۇ يار.
ئۆيانىنىڭ داۋانى يوق،
بۇيانىنىڭ ياۋانى يوق.

ئالدىڭغا بارايمۇ يار،
يولۇڭغا قارايمۇ يار.
كەلمىسەڭ باراي يارىم،
سۆيگۈنىڭ پايانى يوق.

**مەمتىلى زۇنۇن**

# خاتىرەمدىن تەرمىلەر

## مۇقام

جان مۇقام، جانان مۇقام، خەلقىم بىلەن بىر جان مۇقام،
قان تومۇردا لەڭ ئۇرۇپ ئۆركەشلىگەن ساپ قان مۇقام.
ياڭرىساڭ زۇلمەت — زېمىستان قاپلىغان چۆل-دەشتتە سەن،
بولغۇسى شۇ دەشتۇ چۆل پارلاق باھارىستان، مۇقام.

سەندە ئەل قانلىق يېشى، قەھرى بورانى-چاقمىقى،
سەندە مەشئەلدەك لاۋۇلدار ئەڭ ئۇلۇغ ئارمان، مۇقام.
كەچتى دەريا، كەزدى چۆل، ئاشتى خەتەرلىك تاغ-داۋان،
ياڭرىتىپ ھەردەم سېنى مەردانە چوڭ كارۋان، مۇقام.

قانچە رەت ئۆتتۈڭ بوسۇپ زەنجىر — ئاسارەتتىن ئامان،
قۇدرىتىڭگە بولدى قايىل بۇ يېڭى دەۋران، مۇقام.
لەرزىگە كەلمەكتە نى-نى سەھنىلەر ئالەم ئارا،
ھەر تامان، ھەر ئان ساڭا ياغماقتا شۆھرەت-شان، مۇقام.

جان مۇقام، ئالەم ئارا قىلغىن راسا جەۋلان، مۇقام،
ھەر يۈرەك كۈلسۇن پىنارمان، يايرىسۇن ھەر جان، مۇقام.

## ئالتىلىكلەر

1

قارا تۈن — ئىسسىق شەب، بىرسى خوجايىن بارمۇ؟ دەپ كەلدى،
دېدىم: بەلكى ئۇزاق يوللار بېسىپ ھاجەت — تەلەپ كەلدى.
قاراپباقسام، تونۇش چېھرە، كۆچۈكتەك ئويىنىتىپ قۇيرۇق،
دېدى: بۇ ئەرزىمەس سوۋغا، پەقىر كۆڭلىنى ئەپكەلدى.
دېدىم كۆڭلۈمدە: يەم - يەمچۈك قويارمۇ بىغەرەز ئوۋچى،
ئاگاھ بول، ئەي ھالال ئىنسان، مانا ئالدىڭغا خەۋپ كەلدى!

2

تۇغۇلدۇم ئۇشبۇ ئالەمگە، نەزەر سالدىم زامانەمگە،
ماڭا يول بەردى نى تاغلار بولۇپ قايىل ئىرادەمگە.
پەلەككە ئۆرلىمەسمەن چۈپ قانات راسلاپ تەمەننادىن،
بېقىپ ھەر تاڭ — سەھەر، ئايدىڭ كېچە بەستىمگە — سايەمگە.
ھاياتىم قىسسەسىنى ئۆز قولۇمچە يازغىنىم يازغان،
ھالال ئەجرىم ئىزىدىن يول ئېچىپ نۇرانە غايەمگە.

3

يۈتۈن جىسمىمنى، ئەي جانان، قىياس ئەتسەم قىزىق مەشكە،
يۈرەكنى ئوخشىتاي يالقۇن - نۇرى ئالەمچە ئاتەشكە.
ئاشۇ ئاتەش يۈرەكنىڭ پارىنى ئىزدەپ سەھەر - ئاخشام،
راۋان بولدۇم قارا قوزغۇن قانات قاقماس قارا دەشتكە.
تۇرامسەن خۇش ۋىسال گۈلزارىدا ئامراق تولۇن ئايىم،
بېقىپ تەشنا يەمىنەڭدەك بىلى مەھكەم چاپاكەشكە؟

4

دېسۇن كىممۇ، ئۇلۇغ شائىر گۈزەل سۆزلەرگە ماھىرنى،
تىزار بولسا كېچە - كۈندۈز ۋاراقلارغا جاۋاھىرنى.
جاۋاھىر تىزغۇچىدىن ئەتىۋار شائىر بىلەن خەلقىم
گۈزەللىك جانپىداسى ئول غېرىبنى، پەرھادۇ تاھىرنى.

گۈزەللىكنىڭ ئۇلۇغ، يۈكسەك قىياسى جانىمدالىقتۇر،
بۇ ئۆتكەل، بۇ تارازا ئۆلچىگەي مەدداھنى، شائىرنى.

5

قانارمەنمۇ ، تولۇن ئايدەك جامالىڭغا بېقىپ ئۆتسەم،
ئوتتۇڭدا تەڭ يېنىپ، جانان، قىيانىڭدا ئېقىپ ئۆتسەم.
قانارمەنمۇ كېزىپ ھىجران داۋانى، چۆل ـ باياۋاننى
قۇياشلىق تاڭدا گۈلباغدا ۋىسال قەنتى چېقىپ ئۆتسەم.
قانارمەنمۇ ھارارەتلىك يۈرەك ـ باغرىڭغا، ئەي جانان،
مېنىڭ تەشنائىي باغرىمنى ئۆمۈرۋايەت يېقىپ ئۆتسەم.

6

جان ئاتاڭنىڭ ئىپتىخارى ئەر ـ يىگىت سەن، ئەرچە بول،
جان ئاناڭنىڭ كۆز نۇرى، گۆھىرى سەن، گۆھەرچە بول.
زەررە مىس زەرگە قوشۇلسا پەسلىگەي زەر قىممىتى،
قەدرىگە يەتسەڭ يىگىتلىك بىباھا زەر، زەرچە بول.
بولسا قەلبىڭدە يىگىتلىك ئىپتىخارىدىن نىشان،
ئەرچە بول، گۆھەرچە بول، نۇرانە ئەڭگۈشتەرچە بول.

7

زەپ چىرايلىق گۈل ـ چېچەك ئاچقۇزدى ئەجرىڭ ـ مېھنىتىڭ،
مېھنىتىڭ ـ ئەجرىڭ تۈپەيلى ئۆستى قەدرىڭ ـ قىممىتىڭ.
ئەھلى يۇرت قەلبىنى ئىللىتتى باھار ئاپتاپىدەك،
ئەلگە تەقدىم ئەيلىگەن خالىس مۇرۇۋۋەت ـ ھىممىتىڭ.
ھىممىتىڭنى، قىممىتىڭنى كۆككە سورۇپ بىر يولى،
قاپقارا پاتقاقتا ئۇردى بىر تامەننا ـ مىننىتىڭ.

### تۆتلىكلەر

1

قىرانلىق دەۋرىمىز كەتتى، قارا چاچلاردا ئاق ئەمدى،
نەزەر ـ سال، ئىزنى كۆتمەكتە يېڭى ئۆتكەل ـ سىناق ئەمدى.

تىنىمسىز يەكلىشىش - جەينەكلىشىشتىن كەلدى نە قىسمەت،
ئۆتەلمەمدۇق بۇ دۇلىيادىن ئاداۋەتسىز — ئىناق ئەمدى؟

2

قەيەرلىك سەن؟ جاكارلايمەن پۈتۈن ئالەم ئارا مەغرۇر:
ئانا يۇرتۇم — ئىلى، ئالتاي، خوتەن، قەشقەر، قۇمۇل، اوپىنۇر.
تەپەككۇر ئەيلە، يارانلار، خەتەرلىك ئۇشبۇ يۇرتۋازلىق
تۈپەيلى قانچىلىك ھەسرەت - نادامەت چەكمىدى ئۇيغۇر؟

3

قەلب كۆزى نۇرسىز نادان مايمۇنغا تەڭ،
ئاينىغان ئەقىل قەبىھ مەلئۇنغا تەڭ.
قەلبى كورنىڭ بىر گۇناھى بولسا بىر،
ئاينىغاننىڭ مىڭغا تەڭ، مىليونغا تەڭ!

## چاقچىقلىق

### (مۇۋەششەھ)

ئەجەب لەززەت بىغەشلايتتى يۈرەككە چاقچىقلىق، ئۇستاز،
مۇرۇۋۋەت - مېھىرسىتنىڭ ھەتتا بوراندەك ئاچچىقلىق، ئۇستاز.
ئەجەل كەزگەن قارا تۈنلەر تەۋەللۇت ئەيلىدى كۆلكە
تەۋەررۇك شالدۇرۇق؛ جەندە - جەرىدەڭ، قالپىقلىق، ئۇستاز.

ئۆسەتتى قامىتىڭ مىڭ گەز تىياتىر قۇچسا شان - شۆھرەت،
مۇرادىڭ ئەرشىدە چاقنار تەسەۋۋۇر چاقمىقلىق، ئۇستاز.
ئەزەلدىن تۆھپىكار — يول ئاچقۇچى ئەجرى كۆمۈلمەيدۇ،
راۋابىدا سېنى كۈيلەر مىراسخور ئامرىقلىق، ئۇستاز.

سەلەي قاسىم

# ئىككى شېئىر

## ئالتۇن بۆشۈك، كۈمۈش قوڭغۇراق

ئالتۇن بۆشۈك، كۈمۈش قوڭغۇراق،
ئانىسىغا تەلپۈنەر بوۋاق.
كۆزلىرىدە شادلىق جىلۋىسى،
ئەركىلەيدۇ، ئوينايدۇ بوۋاق.
ئالتۇن بۆشۈك، كۈمۈش قوڭغۇراق،
تاتلىقىنا ئوينايدۇ بوۋاق.

تىنماي بۆشۈك تەۋرىتەر ئانا،
تەۋرىگەندەك بولار يەر ماڭا.
ئەتراپىدا ئانىنىڭ گويا
پەرىشتىلەر سالىدۇ ساما.
ئالتۇن بۆشۈك، كۈمۈش قوڭغۇراق،
تاتلىقىنا ئۇخلايدۇ بوۋاق.

ئەللەي! دېسە ئېرىيدۇ ئادەم،
نە ئادەمكى ئېرىيدۇ ئالەم.
يانالىسام بوۋاقلىقىمغا،
قىلسام ئۆيدە ئالەمنى مالەم.
ئالتۇن بۆشۈك، كۈمۈش قوڭغۇراق،
تاتلىقىنا ئۇخلايدۇ بوۋاق.

تامار ئانا لېۋىدىن ھەسەل،
ھەر بىر سۆزى ياقۇتتۇر لەھەل.
ئانا ئۇلۇغ، ئانا قەدىردان،
ئانا دەپلا باشلىنار غەزەل.
ئالتۇن بۆشۈك، كۈمۈش قوڭغۇراق،
تاتلىقىنا ئۇخلايدۇ بوۋاق.

## چۆلدە يانغان چىراغلار

چىللاپ يېقىن - يىراقنى،
قوزغاپ ئىشقىي — پىراقنى،
يۇرتىمىزغا ياراشتى
چۆلدە يانغان چىراغلار.

قۇم تېگىدىن ماي چىقتى،
بۇلۇت يېرىپ ئاي چىقتى،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىدى
چۆلدە يانغان چىراغلار.

تەكلىماكان خۇش بولدى،
ئامەت، بەختى قوش بولدى.
نۇر ئاراتتى كۆكسىگە
چۆلدە يانغان چىراغلار.

نېفىت راۋان ئاقماقتا،
ئەل قۇدرىتى ئاشماقتا،
يېنىۋەرسۇن چاراقلاپ
چۆلدە يانغان چىراغلار.



ئابلىكىم ئەبەيدۇللا

# كىرپىك

(پوۋېست)

## 1 - باب. خىلۋەت ماكان

ئىنسان جۈرئەت قىلىپ تىكسە گەر جاننى،
يەرگە ئېلىپ چۈشكەي ئېگىز ئاسماننى.
— ئابدۇقادىر بېدىل

«قەدىرلىك تاغا، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ راستىنى ئېيتسام سىزگە بۇ خەتنى چوڭقۇر خىجىللىق ۋە يېگانىلىك ئىچىدە يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. تەرسالىقىم، باشباشتاقلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ. دۇرۇس، ھازىر جەمئىيەتتە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن قايسىبىرلىرى يېزىلارغا، بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش ئەڭ چەت - يېزىلارغا بېرىپ خىزمەت قىلىشنى خالىسۇن؟ يەنە كېلىپ ياخشىبىر خىزمەت ئورنىنى تەرك ئېتىپ. شەھەر قانداق ياخشى. پاكىز، ئازادە، كۆڭۈلدىكىدەك شارائىت... شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىز مېنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىمنى، بەختىمنى ئويلاپ، كۆپ يول مېڭىپ، كىملەرگىدۇر يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، توققۇز پوكلۇنۇپ شەھەر ئىچىدە خىزمەت تاپقانىدىڭىز. بىراق مەن بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، مىڭلارچە تەشەككۇر ئېيتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تەلىپىڭىزنى رەت قىلىپ، شەھەرمەركىزىدىن ناھايىتىمۇ يىراق بولغان بىر سەھرادا — قارىساي يېزىسىدا خىزمەت قىلىشنى تەشكىلدىن ئىلتىماس قىلدىم. ئويلىمىغان بولغىيدىڭىز - ھە؟ بىلىپ تۇرىمەن، شۇتاپتا ئاچچىقىڭىزدىن تىترەپ كېتىۋاتىسىز، كۆزلىرىڭىز چەكچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىڭىزنىڭ ئوغلى بولۇپ قالغان بولسام ئاشۇ تەتۈرلۈكۈم ئۈچۈن بىرنەچچە تەستەك تېگىپ كېتىشىدە گەپ يوق ئىدى. خەيرىيەت، سىزنىڭ ئاشۇ ياخشى كۆڭلىڭىز، ماڭا قىلماقچى بولغان شەپقىتىڭىز ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە رەھمەت دېسەممۇ كېچىكمەسمەن. مەن ئۆز يېزامغا جاھىللىق بىلەن كەتكەندىن كېيىن ئېھتىمال سىز يالغۇز دادىسىغا تارتىشىپ ئۆز يۇرتىدا ئىشلەشنى تەلەپ قىلغاندۇ، ياكى ئاشۇ يىراق سەھرادا تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بولغۇچە خورازنىڭ تاجىسى بولاي

دەپ ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇپ يۈرگۈسى كەلگەندۇ دەپمۇ ئويلىغانسىز؛ ھەتتا
ئاشۇ يىراق سەھرادا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى يارىتىپ بىردىنلا كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس
بولۇپ قېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ شۇنداق قىلغاندۇ دەپمۇ قالغانسىز، ھېچ بولمىسا كۆڭ ـ
لىگە پۈككەن بىرەر پىلانى باردۇر دەپ قارىغانسىز، ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى
ئەمەس. ئادەملەر نېمىشقا مۇرەككەپ؟ ئۇنىڭدا مول ھېسسىيات بولغىنى ئۈچۈن. بۇنىڭ
نېمە دېگىنىدۇ دەپ ھەيران بولماڭ تاغا. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلاردا گۈلەم ـ
بەر ئىسىملىك بىر قىزنى ياخشى كۆرەتتىم. بىز دائىم بىرگە دەرس تەكرارلايتتۇق،
ئۆيىمىزمۇ بىر مەھەللىدە بولغاچقا كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. ئادەتتىكى
چاغلاردا گەرچە ئېغىزىمىزدا دېيىشمىسەكمۇ ئەمما ئوتلۇق كۆزلىرىمىز چوغنى پاختا
ئىچىدە يوشۇرغىلى بولمىغىنىدەك ھەممىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى. مەن دەل ئاشۇ قىزنى دەپ،
ئۇنىڭ ھىدىنى ئېلىپ، ھېچنېمىگە قارىماي كېتىپ قالدىم. سىزگە ئېيتسام تاغا، مەن
ھېچقاچان تەگرىدىن ئاغرىنىپ باقمىغان. پەقەت گۈلەمبەر ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن
ئۆتەلمىگەن چاغدا تۇنجى قېتىم تەگرىنىڭ رەھىمسىزلىكىدىن، قاتتىق قوللۇقلۇقىدىن ئاغ ـ
رىندىم، ئادەمنىڭ رايىغا باقمايدىغان تەتۈرلۈكىدىن ئاچچىقلاندىم. ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق
بىر قىسمەتكە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىدىن كۆڭلۈم غەشلىككە تولدى. ئوخلىسام چۈشۈمدە،
چاي ئىچسەم پىيالەمدە سىيماسى پەيدا بولىدىغان شۇنچە ئەقىللىق گۈلەمبەردىن ئايرى ـ
لىپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا كۆزلىرىمگە يىغا ئولىشىپ، كېلىمدىن تۈزۈكرەك تاماق
ئۆتمىدى. ئۆزۈم گەرچە ئالىي مەكتەپكە ئۆتكەن بولساممۇ پەقەت خۇشال بولمىدىم،
ئەكسىچە كۆڭلۈم يېرىم بولغاندەك بىر قىسىملا بولۇپ قالدىم. ئاخىرى چاقىرىق قەغە ـ
زىمۇ كەلدى. بىراق، ئاشۇ مۇقەددەس قەغەزنى قولۇمغا ئالغىنىمدا خۇددى ئۇ قوللى ـ
رىمنى كۆيدۈرگەندەك، چوغنى تۇتۇۋالغاندەك قوللىرىم بىئىختىيار تىترىدى، ئاشۇ
قەغەز ئىچىدە گۈلەمبەر ماڭا قاراپ كۈلگەندەك ۋە بىر تۇرۇپ كۆز يېشى
قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. مەن گۈلەمبەرنى ئىزدەپ باردىم.
ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋالاي، كۆڭلىگە تەسەللى بېرەي، جۈرئەت قىلىپ
مۇھەببىتىمنى ئاشكارىلىۋېتەي دېگەن نىيەتتە ئىدىم. شۇنچە ئىزدەپمۇ ئۇنى ھېچ يەر ـ
دىن تاپالمىدىم. ھەتتا ئائىلىسىدىكىلەرمۇ ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمى ـ
دى. بۇ ماڭا تېخىمۇ ئەلەم بولدى. قەلبىمنىڭ ئالىقانداق يەرلىرى كۆزدىكى ياپراقتەك
تىترىدى. يۈرىكىم ئۇنىسىز يىغلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەي ئارمان
ئىچىدە يۈرۈپ كەتتىم. ھەر قېتىم تەتىل قويۇپ بېرىلگەندە كېلىپلا ئۇنى ئىزلىدىم،
ئەمما ئۇچرىتالمىدىم. ئۇنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغانچە ئۇنىڭ ئۆزىنى مەندىن ئەپ قېچىشى
يۈرۈشى يۈرىكىمدىكى مۇھەببەت ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. تۆت يىلمۇ تۈگىدى.
سىز شۇنچە ياخشى خىزمەت ئورنى ھەل قىلغان بولسىڭىزمۇ مەن ئۆز يۇرتۇمغا قايتىپ
كېتىشنى نىيەت قىلدىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ گۈلەمبەر ئۈچۈن، سەبىيلىك چاغلى ـ
رىمدىكى قەلب ئابىدەمگە ئۆچمەس نەقىش بولۇپ ئويۇلۇپ كەتكەن ئاشۇ قىز ئۈچۈن
بولدى. شۇڭا مەن خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى ناچار بولغان بۇ يېزا ئوتتۇرا

مەكتەپىدە خىزمەت قىلىشتىن زارلانمايمەن، ئاھ - ۋاھ دېمەيمەن. ئۆزى ئوقۇغان ئانا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇش نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك - ھە؟ خۇداغا شۈكرى، دادام ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ مەرھۇم ئانامنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۈرمەي ئۆيىنىڭ چىرىغىنى يورۇتۇپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ، سىزنىڭ ماڭا شەھەردىن خىزمەت ئورنى تېپىش ئۈچۈن كۈچ چىقارغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ سىزگە رەھمەت ئېيتتى، مېنىڭ شەھەردە خىزمەت قىلىشنى خالىماي قايتىپ كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ مېنىڭ «ۋاپادار»لىقىمدىن سۆيۈندى. بۇ تۇپراقتا گۈلەمبەر بولغىنى ئۈچۈنمىكىن ئۇ ماڭا بۆلەكچىلا گۈزەل كۆرۈنىدۇ. ھەر خىل مېۋىلەر، بۈك - باراقسان ئورمانلار، يېزىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان سۇلىرى سۈپسۈزۈك ئۆستەڭ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىغىلا ياسالغان يۇمىلاق شەكىللىك گۈللۈك، گۈللۈكتە تۇرۇپ قارىسا يېزىنىڭ جەنۇبىدا بەش يۈز مېتىرچە يىراقلىقتا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قۇم بارخانلىرى... ئىشقىلىپ ھەممىسى مېنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ناگاھان ناكاندا يېقىمسىز سىگنال بېرىپ ئۆتۈپ قالىدىغان ماشىنىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ يەر ئىنتايىن جىمجىت. ياتىقىم مەكتەپنىڭ ئىچىدە، ئىشىك ئالدىدا يوغان بىر تۈپ سېدە دەرىخى بار. كېچىكىمدە ئاشۇ سېدە تۈۋىدە گۈلەمبەر بىلەن ئوينايدىغان. ئەجەب چاغلار ئىدى - دە، ئۇ! يۈگۈرۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ، مۆكۈ - مۆكۈلەك ئويناپ ھارمايدىغان. مانا ئەمدىلىكتە ھېچكىمنىڭ نەزەرى ئىلىنمايدىغان ئاشۇ سېدە ماڭا ھەمراھ، ھەر قېتىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە قاراپ كېتىمەن، تۈۋىدىن گۈلەمبەرنىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى ئىزلەيمەن، قوۋزاقلىرى ئارىسىدىن ئۇنىڭ تىرناق ئىزلىرىنى كۆرگەندەك بولىمەن، خۇددى ئۇ يېنىمدا تۇرغاندەك قېرى سېدىنى ھىدلايمەن... يالغۇزلۇق، جۇدالىق، غېرىبلىق مېنى مۇشۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويدىمىكىن، ياتاقتا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلاپ كېتىمەن، بۇمۇ بىر ھۇزۇرلىنارلىق ئىشكەن، كۆڭۈل ئېكرانىمىزدىكى ئۆتمۈش كارتىنىلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىمىزگە تەسەللى تاپالايدىكەنمىز، ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ مىنۇتلار ئىچىدىن ئاللىنېمىلەرنى ئىزلىگۈمىز كېلىدىكەن.

بىلەمسىز تاغا، ئادەملەر ھامان ئارزۇ ئۈچۈن كۈرەشىدۇ، ئۆز غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تەر تۆكىدۇ. بىر چاغلاردا مەندىمۇ ئاجايىپ گۈزەل غايىلەر بولغان، ئۈمىد - ئارزۇ ئوتلىرىدا قەلبىم ئوچىقىدىكى ئىشەنچ ئوتلىرى لاۋۇلداپ كۆيگەن، كېيىنكى كۈنلۈكتە ھېچ بولمىسا بىرەر تەتقىقاتچى بولۇشنى كۆڭلۈمگە پۈككەن. ئاشۇ ئارزۇلىرىم ھېلىھەم بىتچىت بولۇپ كەتكىنى يوق. مۇشۇ خىلۋەت ماكاندىمۇ ئوخشاشلا ئۆگىنىدىغانىنى ئۆگىنىمەن، يەنىلا تىرىشىمەن. بۇ يۇرتتا گۈلەمبەر ئۆسكەنلىكى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇنىڭ ئايىغى مۇشۇ تۇپراقلارغا تەگكەنلىكى ئۈچۈنمۇ، ھەر قېتىم سىنىپقا كىرگەندە رەتلىك ئولتۇرغان ئوماق بالىلارغا قاراپ قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كېتىمەن. ئۇلار كۆزۈمگە شۇنداق ئىسسىق كۆرۈنىدۇ. كىيىملىرى كونا، يۈز - كۆزلىرىنى توپا باسقان، سۆز - ھەرىكىتى قوپال بولسىمۇ يەنىلا ئۇلار مېنىڭ ئىنى - سىڭىللىرىمغا ئوخشاش. نېمىشقا دەمسىزا، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قېرىندىشىم، ئۇلارنىڭ يىغىسى مېنىڭ يىغام، كۈلكىسى مېنىڭ كۈلكەم. شۇڭا مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن. ئەمدى مەن مۇشۇ

خىلۋەت ماكاندا يىلتىز تارتماقچى، ئەجىر سىڭدۈرمەكچى، تەر تۆكمەكچىمەن، هاياتلىق شامىنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىغىچە ئۇشۇ ماكانغا بېغىشلىماقچىمەن. ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، مۇلايىم كىشىلەر، سۈتتەك ئاق، بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك قەلبلەر، گۈلەمبەرنى پەپىلەپ باغرىدا ئۆستۈرگەن، ئۆزىنىڭ ساپ هاۋاسى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە جەلب قىلىدىغان پىنهان جاي... مانا بۇلارنىڭ هەممىسى مېنىڭ نەزەرىمدىكى گۈزەللىك، مەن مۇشۇ گۈزەللىكنى تېخىمۇ جۇلالىتىمەن، ئۇنىڭغا نەقىش چېكىمەن. مەن بىر ئايدىن بۇيان مەكتەپتىكى باشقا ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى كۆزەتتىم. دەرسنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتۈش، كەچتە ياسىنىپ - تارىنىپ بىرەرسىنىڭ ياتىقىدا يىغىلىشىپ هاراق ئىچىش، ناخشا توۋلاش، تانسا ئويناش... خۇددى تۈگمەن تېشىدەك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل قېلىپتىكى كۈن ئۆتكۈزۈش مۇقامى. مەنمۇ بۇنداق ئولتۇرۇشقا قارشى ئەمەسمەن، ئەمما كۈندە دېگۈدەكلا بولۇپ تۇرىدىغان بىمەنە ئولتۇرۇشتىن بىزارلىق هېس قىلدىم. قارىساي ئوتتۇرا مەكتەپىدە مېنى ئوقۇتقان پېشقەدەملەردىن سىيىت مۇئەللىمدىن باشقىسى قالماپتۇ. سىيىت مۇئەللىملا هازىر مېنىڭ بىردىن - بىر سىردىشىم. ئۇزۇن گەپنى قىسقارتسام سىزنىڭ ماڭا تاغا بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن مەندىن ئاغرىنىپ يۈرمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنى ئەنە شۇنداق بىر سېهىرلىك كۈچ مۇشۇ خىلۋەت ماكانغا باشلاپ كەلدى. هايات يولۇمدا بەلكى نۇرغۇن بەختسىزلىكلەر مېنى كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئەقىدەم ئىرادەمنى يېڭىپ، يۈرىكىم ئەقلىم ئۈستىدىن غالىب كېلىپ مېنى بۇ يۇرتقا باشلاپ كەلگەنىكەن، هەرقانچە بەختسىزلىككە ئۇچرىسامۇ پۇشايمان قىلمايمەن. كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق راست گەپنى سىزگە ئېيتىش قارارىغا كېلىپ بۇ خەتنى يازدىم. ئەرزىمەس سۆزلەر بىلەن ۋاقتىڭىزنى ئالغىنىم ئۈچۈن بەگباش ئىنىڭىزنى كەچۈرۈڭ، تېنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەپ:

ئەنۋەر».

ئەنۋەر تاغىسىغا يازغان خەتنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى، نېمىندۇر خىيال قىلىۋاتقاندەك قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكتى. ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن - هە؟ — ئەنۋەرنىڭ قاشلىرى هىمىرىلدى، — مانا، خىزمەتكە چىققىلىمۇ بىر ئايچە بوپتۇ، تۈنۈگۈنكى ئوقۇغۇچى بۈگۈنكى ئوقۇتقۇچى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مانا مۇشۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەنغۇ، پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا تۇغۇلۇش، تەرەققىي قىلىش، يوقىلىش، مانا بۇلار ئومۇمىي قانۇنىيەت... هەي... نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟ بەلكىم گۈلەمبەرمۇ ئۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە تەرەققىي قىلغان بولسا ئېهتىمال بۇ ۋاقىتچە بىرەر - ئىككى بالىغا ئانا بولۇپ، تۈگىمەس تۇرمۇش جاپاسىدا قۇرۇق قاقشالدەك بولۇپ قالغاندۇ، نېمىلا دېمىسەڭ بىلەن بىر ئۆينىڭ جاپاسى ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۈلدەك چىرايىنى سولاشتۇرۇپ، ئۇن چىرايىنىڭ بىرىنى قويمىغاندۇ؟ ئەجەب ئوماق، چىرايلىق قىز ئىدى، قانداق بولۇپ كەتتىكىن؟ — ئەنۋەر ئېغىر هەم ئۇزۇن

بىر تىندى، بۇ تىنىش ئىچىگە چوڭقۇر خورسىنىش ۋە يەنە ئاللىقانداق ھارغىنلىق يوشۇرۇنغانىدى...

ئاددىي، ئەمما رەتلىك ياتىقىدا ئولتۇرۇپ يەكشەنبە كۈنىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقان ئەنۋەر شۇلارنى ئويلىغىنىدا جىسمىنى نامەلۇم بىر نەرسە كۆيدۈرۈپ ئۆتكەندەك، ئاللىقانداق ئۈمىد - ئارزۇ ئوتلىرى قەلبىدە لاۋۇلدىغاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ياتاق ئىچىدە ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. كارىۋات، يېزىق ئۈستىلى، چامادان، كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر، كىچىك بولسىمۇ ئازادە، ئالاھىدە بولمىسىمۇ پاكىز كۆرۈنىدىغان بۇ ياتاق ئۇنىڭ ئويلىنىدىغان، تەپەككۇر قىلىدىغان خىلۋەت ماكانى. بۇ يەردە ئۇ خالىغانچە خىيال قىلالايدۇ، پىكىر يۈرگۈزەلەيدۇ، يادىغا كەلگەننى خاتىرىسىگە يازالايدۇ. بۇ خىلۋەت ماكان پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈنلا بەرپا قىلىنغاندەك شۇنچە جىمجىت، شۇنچە تىنچ. ئەمما ئۇنىڭغا يەنە نېمىدۇر يېتىشمەيۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىر نېمىسى كەمدەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ ھازىر شۇنداق يالغۇز، شۇنداق غېرىپ، مىسكىن، نە بىرەر دوستى يوق، ئالىي مەكتەپتىكى قىزغىنلىق، كۈلكە - چاقچاق، شوخلۇق ئىچىدە ئۆتىدىغان كۈنلىرى نەلەرگىدۇر يوقالغان. ئۇنىڭ ئىزىنى بىر خىل مۇڭ، زېرىكىشلىك تۇرمۇش ئىگىلىگەن. ياتاق، ئىشخانا، سىنىپ كۈندىلىك مەشغۇلاتىنىڭ ئۈچ بېكىتى. ئۇ ئەتىگىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىشخانىغا كېلىدۇ، باشقىلار بىلەن ئانچە كۆپ پاراڭلاشماي كېتىدۇ، پەقەت سېيىت مۇئەللىم بىلەنلا قىزغىن سۆزلىشىدۇ. كەچتە ياتىقىغا بىر بېكىنىۋالسا سىرتلارغا ئانچە چىقماي كېتىدۇ. قانداق بىلدىكىن ئۇنىڭ شەھەردە قالمىغىنىنى، كەلگەن كۈنىلا ھەممەيلەن ئۇنىڭغا سەپسېلىشتى، قانداقتۇر ھايۋانات باغچىسىدىكى بىرەر پەۋقۇلئاددە ھايۋاننى تاماشا قىلىۋاتقاندەك قىزىقسىنىپ قاراشتى، كۇس - كۇس پاراڭ، مەسخىرىلىك پىچىرلاشلار... لېكىن ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك، ھەركىم ئۆزىنىڭ قىچىشقان يېرىنى ئۆزى بىلىدۇ - دە، مەيلى نېمە دېسە دەۋەرسۇن، مەن شۇنداق ئەخمەق، ھاماقەت، گۈلەمبەر ئۈچۈن ئاشۇنداق ھاماقەت بولۇشقا رازىمەن... غېرىبلىق، يېگانىلىك، ناچار تۇرمۇش شارائىتى ئەنۋەرگە ئالىي مەكتەپتىكى گۈزەل چاغلارنى، غەمسىز مىنۇتلارنى ئەسلەتتى. ھەي... ھەي، كارامەت چاغلار ئىكەندۇق - دە. بىراق ئۇ ئالىي مەكتەپتىمۇ غەمسىز ئۆتتۈم دەپ ئېيتالمايدۇ. قىزنىڭ گۈزەل رۇخسارى يۈرىكىنىڭ بىر يېرىنى چىمىلدىتىپ، چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن بېقىشلىرىنى ھەر ۋاقىت ئەسلەپ، ھەمىشە ئۇنىڭ ئېسىدە بوپ كەلدى، ئەنسىرىدى، تەشۋىشلەندى، مەڭگۈلۈك يوقىتىپ قويۇشتىن قورقتى. سەۋەب ئۇ گۈلەمبەر بىلەن مۇھەببەت توغرىلىق بىرەر ئېغىز پاراڭلىشىپ باقمىغان. بىر - بىرىدىن تارتىنىش ئوتتۇرىدىكى شېرىن بىر توساقنى بۇزالمىغان. شۇڭا ئۇ ئەنۋەرنى داغۇ - ھەسرەتتە قويۇپ توي قىلىپ كېتىشى، يات بىرسىنىڭ خوتۇنى بولۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ... ئەنۋەر تار ياتاق ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ قالدىمۇ، ئەيتاۋۇر يېزىق ئۈستىلى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەمدى ئۇ ئەتە ئۆتىدىغان دەرسلەرنى تەييارلىشى، ئالدىدا دۆۋىلەكلىك تاپشۇرۇقلارنى تەكشۈرۈشى كېرەك. نېمىدېگەن كۆپ ئىشلار بۇ؟ قىلسا - قىلسا تۈگىمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندىلا چىقىپ تۇرغان،

ئەجەب بۇرۇن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قەدىرىگە يەتمەي ئۇلارنى قاقشىتىپتىكەن، چىشىغا تېگىپتىكەن، نېمىشقا شۇنداق قىلغان بولغىيتىكەن تاڭ؟ ئۇ ئەمدى بىلىۋاتىدۇ، بەكمۇ قەدىرىگە يېتىۋاتىدۇ.

تاك... تاك... تاك! ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز چېكىلىشى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى.

— كىرىڭ.

— پاھ، پاھ، ئوقۇتقۇچى بولدۇم دەپ كىتابلارنىڭ ئىچىگە چۆكۈۋالغىنىڭىزمۇ بۇ؟— قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋاز. ئالىي دەرىجىلىك ئەتىر پۇرىقى. مانا ئەنۋەرنىڭ ئالدىدا گۈزەل بىر قىز كۈلۈپ تۇرىدۇ، ئۇ شۇنچە نازاكەتلىك، كىشىگە پەرگە ئوخشاش يۇمشاق بىر تۇيغۇ ھېس قىلدۇرىدۇ،— يەكشەنبە كۈنىمۇ ياتاقتا بېكىنىۋالامدۇ كىشى، يىگىت دېگەن يىگىتتەك بولۇشى كېرەك - تە، — قىيا بېقىش، قاپىقىنى سوزۇشمۇ بىر چىرايلىق. ئەنۋەر ئۇنى تەكلىپ قىلغۇچە ئۇ تارتىنمايلا كېلىپ كارىۋاتقا ئولتۇردى. مانا شوخلۇق، 90 - يىللارنىڭ ياشلىرىغا خاس جاسارەت،— خېلى ئېپىڭىز باركەن جۇمۇ ئەنۋەر، — قىز چىرايلىق بېشىنى ئۇياق - بۇياققا بۇراپ ھەممە يەرگە تەكشى قاراپ چىقتى، ئۇ بېشىنى مىدىرلاتقاندا قۇلىقىدىكى ھالقىسى پىلدىرلاپ، چاقناپ تۇراتتى،— ياتىقىڭىزنى قىزلار ياتىقىدەك رەتلىك، پاكىز تۇتۇپسىز، تامدىكى مەنزىرە رەسىملىرىمۇ ياتاقنى ئەجەب ئېچىپتۇ.

— رەھمەت سىزگە، ئەمدى... ھازىرچە مۇشۇنداقلا بىر...— ئەنۋەر خىزمەتدىشى دىلنۇرنىڭ كەچ بولغاندا ياتىقىغا كىرىپ كېلىشىدىن بىرئاز ئەجەبلەندى،— خوش، بۈگۈن ياتىقىمغا قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتىغۇ؟

— قارشى ئالمايدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دىلنۇرنىڭ چىرايىدا سۇس نارازىلىق ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

— ياقەي، مۇنداقلا سورىشىم.

— سىز ئىزدىمىگەن بىلەن... —يەنە شۇ نازلىق بېقىش، سىناق نەزەرىدە تىكىلگەن چولپان كۆزلەر،— بىز سىزنى تاشلاپ قويمايمىز، سىزغۇ ئەمدى شۇ... نەق گەپنى دېسەم مەن مۇنداق بىر ئىش بىلەن كىردىم، بۈگۈن بىرقانچەيلەن بىزنىڭ ياتاققا يىغىلغان، تۇرۇپلا سىز يادىمغا يېتىپ قالدىڭىز، شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ شەخسەن ئۆزۈم كىردىم، قېنى مەن بىلەن مېڭىڭ، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا دېدى.

— بولسىغۇ شۇنداق قىلسام بولاتتى، قارىمامسىز، يەنە بىر مۇنچە ئىشلار ماڭا قاراشلىق،— بېشىنى قاشلىدى ئەنۋەر.

— ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى دېگەن كۈندە بار، يۈرۈڭ بىز بىلەن ئولتۇرۇپ بىردەم كۆڭۈل ئېچىپ چىقىڭ، ياش ئادەم دېگەن بوۋاي مىجەز بولمايدىغان، يۈرۈڭە، — دىلنۇر ئۇنىڭ پېشىدىن تارتقۇشلىدى.

— راستىنلا ئەپسۇس، ئولتۇرۇشلارغا داخىل بولالمايدىغان بولدۇم، قەدىمىڭلەر



«بۇگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما» دېيىشكەن، خاپا بولمىسىڭىز كېيىنچەيەنە بىرگە ئولتۇرىدىغان پۇرسەتمۇ چىقىپ قالار.

— قارىغاندا خوتەنلىكتىنمۇ جاھىل ئوخشايسىز، — دىلنۇرنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم يوقاپ، لەسسىدە بولۇپ قالدى، — بوپتۇ ئەمىسە، كېلەر قېتىم مۇشۇنداق قىلسىڭىز ئۇنىمايمەن جۇمۇ.

— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، بۇ قېتىم ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، كېلەر قېتىم چوقۇم...

ئەنۋەر قىزنى ئۇزىتىپ قويۇپ كىرىپ، ئالدىدا دۆۋىلەكلىك تۇرغان تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈردى، ئارقىدىن دەرس تەييارلىدى. بۇ چاغدا ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئولتۇرۇش، ئولتۇرۇش، تۈگىمەيدىغان ئولتۇرۇش، خۇددى بۇ ئىشلارنى بىر ئادەم كېلىپ قىلىپ بېرىدىغاندەك! ئەنۋەرنىڭ كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئوي كەچتى، توغرا، مەن بىرەر پارچە ماقالە يېزىپ ئېلان قىلىپ، ئۇلارنى سەگىتىپ قويمايمەنمۇ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشىنى يالغۇز ئوقۇغۇچىلاردىنلا كۆرگىلى بولمايدۇ- دە! ئەنۋەر قەغەز ئېلىش ئۈچۈن تارتمىنى ئاچتى، ئاچتى- يۇ، ئاللىقانداق چۆچۈش ئىچىدە يۈرىكى جىغىغىدە قىلىپ، پۈتۈن بەدىنى كۆيۈشكەندەك، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر ئىللىق ئېقىم ۋۇجۇدىغا تارالغاندەك بولدى. مانا ئۇنىڭغا ئەڭ تونۇش، ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ ئۇلۇغ بولغان كىچىككىنە نەپىس قۇتا! ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۇنى ئالدى. يەتتە يىلدىن بۇيان ئۆز يېنىدىن ئايرىماي كېلىۋاتقان بۇ قۇتا ئۇنىڭ مۇقەددەس نەرسىسى، شۇنداقلا ئەڭ پىنھان تۇتۇپ كېلىۋاتقان، ئۆزىدىن بۆلەك ئىككىنچى بىر ئادەم بىلمەيدىغان مەخپىي سىرى، بەلكىم ئۇ بۇ سىرنى ئۆمۈربويى ھېچكىمگە بىلدۇرمەي ئۇ دۇنياغا ئېلىپ كېتەر. بۇ قۇتىنى كۆرۈپ تۇرمىسا كۆڭلى ئارام تاپالمايدۇ، ئەنۋەر قۇتىنى ئاۋايلاپ ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە كىرپىككە بىرھازا قاراپ تۇرۇپ كەتتى: ھەي كىرپىك، سائا قاچانمۇ جان كىرەر دەيمەن؟ ئادەمنى قىينايسەنغۇ، قىينايسەن. سېنى يېنىمدا ساقلاۋاتقىلى توپتوغرا يەتتە يىل بوپتۇ، بۇ جەرياندا مەن نۇرغۇن ئۆزگەردىم. چىراي- شەكلىم، بويۇم، ئاۋازىم. ئەمما سەن ئۆزگەرمىدىڭ. مەن سېنى قەدىرلىدىم، ئەزىزلىدىم، ئەتىۋارلىدىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا مەن گۈلەمبەرنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ياخشى كۆرگىنىم ئۈچۈن، سېنىمۇ ئۇنىڭ ئورنىدا ياخشى كۆرۈپ كەلدىم. ئېيتقىنا، گۈلەمبەر ھازىر نەدە؟ ئۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەندىن

كېيىن قانداق قىلدى؟ بىز شۇ چاغلاردا كۆزلىرىمىز ئارقىلىقلا بىر ـ بىرىمىزنى ھەددى-
دىن زىيادە ياخشى كۆرۈشىدىغانلىقىمىزنى بىلىشسەكمۇ، بۇنى ئېغىزىمىزدىن چىقىرىشقا
قادىر ئەمەستۇق. گۈلەمبەر شۇنداق ئاق كۆڭۈل، ئەخلاقلىق، گۈزەل قىز ئىدى. بولۇپ-
مۇ ماڭا ھەممىدىن بەك ياقىدىغىنى ئۇنىڭ سەھرا قىزلىرىغا خاس تارتىنچاقلىقى ئىدى.
ھەي، ئۆزۈمنى قانچە ئەيىبلىسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ. نېمىشقىمۇ شۇ ۋاقىتلاردا لايىغەزەل-
لىك قىلىپ كۆڭلۈمدىكىنى ئۇنىڭغا ئېيتمىغان بولغىيتتىمكىن تاڭ. گۈلەمبەر بىلەن ئىك-
كىمىز كىچىكىمىزدە بىرگە ئوينايتتۇق. دەرس تەكرارلىغان چاغلىرىمىزدا ھېلىقى سېدە
دەرىخى بىزگە پىژغىرىم ئاپتاپتا سايە بولاتتى. ئۇمۇ ھازىر ماڭا ئوخشاش بىچارىلە-
شىپ قاپتۇ. ئەجەب چاغلار ئىكەنتۇق، شۇنداق غەمسىز، تارتىنىش، خىجىل بولۇش
دېگەنلەرنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيدىغان، سەبىي قەلب، بىغۇبار يىللار. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈ-
شىگە ئەگىشىپ بىزمۇ چوڭ بولدۇق. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككىمىز ئاشۇ يوغان
سېدە ئاستىغا جوزىمىزنى قويۇپ دەرس تەكرارلاپ ئولتۇراتتۇق. مەن توساتتىن سېنىڭ
ئۇنىڭ كۆزى ئاستىغىلا چۈشۈپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئەسلىدە چوڭلاردىن
قارشى تەرەپنىڭ كىرپىكىنى قوينىغا سېلىۋالسا، ئوتتۇرىدىكى مۇھەببەت تېخىمۇ كۈچى-
يىپ كېتەرمىش دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىۋالغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن سېنى قولغا چۈشۈ-
رۈشنىڭ كويىغا چۈشتۈم. شۇنداقلا ئېلىۋالسام گۈلەمبەر باشقىچە ئويلاپ قېلىشى مۇم-
كىن ئىدى. ئاخىرى مەن ئۇنىڭغىمۇ ئامال تاپتىم. گۈلەمبەر! دېيىشىم بىلەن تەڭ جې-
نىمنى قاقشىتىدىغان بىر جۈپ نۇرلۇق كۆز ماڭا ئوتلۇق نەرەز بىلەن تىكىلدى. ھەي،
ھەي، سىزنىڭ مۇشۇ خالىڭىز ـ زە، بەك يارىشىپتۇ جۇمۇ. مەن شۇنداق دېگەچ قانداقتۇر
خالنى كۆرسەتكەن بولۇپ بىگىز بارمىقىم بىلەن سېنى ئەپچىللا ئېلىۋالدىم. ئادەملەر
جىددىي پەيتتە ئەنە شۇنداق ئەقىل ئويلاپ چىقالايدۇ، مەن دەسلەپتىلا ئۇنىڭغا تويدۇر-
ماي بىگىز بارمىقىمنىڭ ئۇچىنى ئازراق نەمدىۋالغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېچنېمىنى
سەزمىدى. ئەمما مېنىڭ پۈتۈن بەدىنىم ئوت ئالدى، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى تېزلەشتى،
خۇددى بىر گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك جىددىيلىك ھېس قىلدىم. خەيرىيەت، ئۇ
پۈتۈن زېھنى بىلەن كىتاب كۆرۈۋاتقاچقا بۇنىمۇ بايقىمىدى. ئۆيگە قايتىپ بارغاندا
ساڭا قانچىلىك قاراپ تۇرۇپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. بىر چاغدا قوينۇمغا سالماقچى
بولۇپ ئىختىيارسىز توختاپ قالدىم. قانداقتۇر ھەي ئەخمەق بالا، ئۇنى قوينۇڭغا سال-
ساڭ يوقاپ كەتمەمدۇ؟ دېگەن غايىبى بىر سادانى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن
ئۆينى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ مۇشۇ نەپىس قۇتىنى تېپىپ، سېنى ئۇنىڭغا سالدىم. يىللار
ئۆتتۈۋەردى. لېكىن مەن سېنى توپا قوندۇرماي ساقلاپ كەلدىم. مانا، ھېلىھەممۇ ماڭا
ھەمراھسەن. ئەمما مەن شۇنچىلىك ئەقىدە بىلەن ياشىدىم ـ يۇ، يەنە نېمىشقا مۇرادىمغا
يېتەلمەيمەن؟ ئاھ خۇدا، ئادەملەرنىڭ مۇرادىغا يېتىشى شۇنچە تەس ـ مۇشكۈلمۇ؟ نېمىشقا
مەندەك غېرىب بەندىگە ئىچ ئاغرىتمايسەن؟!' بەلكىم گۈلەمبەر بۇۋاقىتچە مېنى ئۇنۇ-
تۇپ كەتكەندۇ، ئەمما مەن نېمىشقا ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن؟! شۇنچىلىك تىرىشىپ
باقتىم، سەبىيلىك نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ بۇلاقتەك كۆزنى زادىلا يادىمدىن

چىقىرالمىدىم. تەقدىر شۇنداق تەتۈر ئوخشايدۇ، كېيىن مەن ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلىپمۇ بىرەر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىداش قىزلارنى ئۇچرىتىپ قالسام ئىختىيارسىز قاراپ كېتىمەن. نېمە ئۈچۈن؟ بۇنىسى نامەلۇم. پەقەت ياخشى كۆرگىنىم ئۈچۈنلىمۇ؟ بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ئۇنى پەقەت ئۇنتالمىدىم. ھەي كىرپىك، سەن ماڭا ئازاب، مۇڭ ـ ھەسرەتتىن باشقىنى ئاتا قىلىشنى بىلمىسەڭ، سېنى تاشلىۋېتىش تېخى قولۇمدىن كەلمىسە، مەن قانداق قىلاي؟ سەن ماڭا زادىلا ياردەم قىلالامسەن؟ كۈلگۈم كېلىۋاتىدۇ، سېنىڭدىن ياردەم تىلىگەنلىكىم بۇتتىن سەدىقە تىلىگەندەكلا بىر ئىش ئەمەسمۇ؟! سەن ناۋادا ئاجايىپ بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ تىرىلىپ گۈلەمبەرگە ئايلىنىپ قالغان بولساڭ كاشكى، مەن ئۆمۈربويى يالغۇز قالمايتتىم، بىچارە يۈرىكىممۇ ئارام تاپاتتى. بىلەمسەن، مەن پەقەت گۈلەمبەرنى دەپلا بىرەر قىزغا كۆڭۈل بېرىپ باقمىدىم. مەيلى ئۇ توي قىلىپ بولغان بولسىمۇ بىر كۆرسەم بولاتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر كۈنى ئوقۇتقۇچى ئىككىمىزنى سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنى يېزىپ چىقىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئېيتىپ بەردى، مەن يازدىم. ئىشخانىدا پەقەت ئىككىمىزلا بار ئىدۇق. يۈرىكىم ھېلىلا سوقۇشتىن توختاپ قالىدىغاندەك، قوللىرىم ئىختىيارسىز تىترەيتتى، نەپىسىم قىسىلاتتى. بىر چاغدا قانداق بولغان، قوللىرىمىزنىڭ بىر ـ بىرىگە تېگىشىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قاپتۇق. نەدىن كەلگەن جۈرئەت بولغىيتتىكى بىر ۋاقىتتا تەڭلا قارىشىپ قاپتىمىز، يۈزلىرىم ئوت ئالدى، ئۇنىڭ يۈزلىرىمۇ ۋىلىلدە قىزاردى. بىر خىل ئىللىق ئېقىم پۈتۈن بەدىنىمگە تارالغاندەك، ئىچىمدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى زىكىر قىلدىم، نېمىلەرنى دېدىمكىن، بىرەرسىمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ. ئەمما شۇ چاغدا دەقىقە ئۇچرىشىپ قالغان يانغىن كۆزلەر ھېلىمۇ ئېسىمدە. مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ئەڭ چوڭ خاتالىققا يول قويغان بولۇشۇم مۇمكىن، ئەمما ئۆزۈمنى ئەيىبلەشكە ھەققەتەن ئاجىزمەن. تا ھازىرغىچە مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشمىساممۇ، ئۇنى كۆرەلمىسەممۇ خىيالىمدا ئۇنى كۆرىمەن، ئۇنىڭ بىلەن چۈشلىرىمدە مۇڭدىشىمەن، ئۇ يەنىلا مەن بىلەن بىللە ياشايدۇ. سەن ئۇنىڭ كىرپىكى بولغىنىڭ ئۈچۈن مەن سېنى گۈلەمبەرگە كۆيگەن يۈرىكىمدە قەدىرلەيمەن، ئۇنىڭغا قارىغان كۆزۈمدە قارايمەن، شۇڭا سەن مۇقەددەس، مەن ئۈچۈن قەدىرلىك. سەن ماڭا ئىلھام، تەسەللى بېرەلەيسەن، يېگانە قالغان چاغلىرىمدا ماڭا ھەمراھ بولۇپ، مېنى گۈلەمبەر بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلدۇرالايسەن، شۇڭا دەيمەنكى سەن قۇدرەتلىك، مۇقەددەس دەپ... ئەنۋەر كىرپىكنى قۇتىغا سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىدا گۈلەمبەردىن ئايرىلىپ قېلىشتەك زور يوقىتىش بولۇپ باقمىغاندەك تۇيۇلدۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە گۈلەمبەرلا. شۇ ئىشلارنى ئويلىسا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇھ تارتىدۇ. ئالىي مەكتەپتىكى چېغىدا بىرنەچچە قىز ساۋاقدىشى ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن خېلى تىرىشىپ كۆردى. ئەمما ھەممىسى نەتىجىسىزلىك، كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇ چاغلاردا ئۇ كىرپىك سىرىنى ئاقلاش يۈزىسىدىن چۈشەندۈرۈپمۇ ئولتۇرمىدى. ھايات دېگەن شۇنداق نەرسە ئوخشايدۇ.

ئۇ ئۇنىڭغا ئىنتىلسە، بۇ يەنە بىرىگە ئىنتىلىدۇ. ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىگە ئېرىشىش ئادەم ئۈچۈن ئۆمۈر مەنزىللىرىدىكى ئەڭ قىيىن ئىمتىھان بولسا كېرەك. شۇڭا چىدام، غەيرەت، ئەقىدە، پاك سۆيگۈ بولمىسا ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ... ئەنۋەرگە تۇرۇپلا ماقالە يېزىشىمۇ خۇش ياقمىدى. ۋاقىت ئاللىقاچان بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ ئۆزىچە سىرتقا چىققۇسى كېلىپ قالدى. بۇ يەردە شەھەرلەرنىڭكىدەك يورۇپ تۇرىدىغان چىراغلار يوق، كوچىلىرى شۇنداق قاراڭغۇ. ئەنۋەر ھازىرلا كىرىمەنغۇ دېگەن ئوي بىلەن قول چىرىغىنىمۇ ئالماي مەقسەتسىزلا سىرتقا چىقتى.

كېچە، ئاسماندا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلاپ ئەنۋەرگە كۆز قىسىشماقتا. ئاي قاراڭغۇسى بولغىنى ئۈچۈنمۇ ئەتراپ شۇنداق قاراڭغۇ، يول ياقىسىدىكى دەرەخلەر تولىمۇ سۈرلۈك. ئۇيەر-بۇ يەرلەردىن ئاڭلىنىۋاتقان گۇڭگۇر-مۇڭگۇر پاراڭلاردىن ئەنۋەر كىشىلەرنىڭ كىنودىن قايتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئەمدى نەگە بارىدۇ؟ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. كاللىسى قايغانچە يول مېڭىش دېگەن شۇ بولسا كېرەك. ئەنۋەر ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا قارىدى. يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا گۈلەمبەرنىڭ كۆزلىرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى، نېمانچە جىق كۆزلەر بۇ، ئۇنىڭ كىرپىكلىرى قېنىكىنە؟

— گۈلەمبەر، توختاڭا... بىر ئېغىزلا گېپىم بار، — ئۆزىدىن ئالتە مېتىرچىلا نېرىدىن ئاڭلانغان بۇ يېلىنىش ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەنۋەر چۆچۈپ كەتتى. گۈلەمبەر؟ قايسى گۈلەمبەردۇ ئۇ؟ ھەتتەڭەي، قېرىشقاندەك شۇنداقمۇ قاراڭغۇ بولامدۇ جاھان، — ئەنۋەر يۈرىكىنىڭ خۇددى كۆكرىكىنى يېرىپ چىقىدىغاندەك دۇپۇلدىشى ئىچىدە يوغانراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان ھالدا ئۇلارنىڭ گېپىگە سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سالدى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، گۈلەمبەر؟ بۈگۈن سىزنى دىلنۇرنىڭ ياتىقىغا چىللاپ چىقسام، سىيت قېرىنىڭ ئۆيىگە بېكىنىۋالغىنىڭىز نېمىسى، — بۇ ئەنۋەرنىڭ خىزمەتدىشى تالىپنىڭ ئاۋازى.

— سىيت مۇئەللىم مېنىڭ ئۇنىڭ قىزى بىلەن ئارىلىشىشىمغا قارشى ئەمەس، شۇڭا ئۇ يەرگە كىرىشكە ھەققىم بار، سىز مېنى باشقۇرىمەن دېمەي ئۆزىڭىزنى بىلىڭ، — جاۋاب ئېنىق، سالماق، كەسكىن ئىدى، — بولدى مەن كىرىپ كېتىمەن، — قىز مېڭىشقا تەمشەلدى، تالىپ يەنە ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— سىز مېنى نېمىشقا بۇنداق قىينايسىز گۈلەمبەر، — يەنە شۇ غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋاز، — مەن سىزنى دەپ تالاي كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي ئۆتكۈزدۈم، ئەمما سىز خىيالىڭىزدا يوق يۈرۈيسىز، ماقۇل دېسىڭىز ئىش پۈتمەمدۇ، ئادەمنى تىرىك قىينىغىچە؟

— بۇنداق تېتىقسىز گەپلىرىڭىزنى كىمگە بېرىپ دېسىڭىز دەڭ، يولۇمنى توسۇماڭ!

— گۈلەمبەر، ئۇنداق قىلماڭ، مەن سىزنى بىر ئۆمۈر بەختلىك قىلىشقا قەسەم قىلاي، كېيىنچە سىزنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىمەن، ماقۇل دەڭ، ھازىر ئۇنىماي كېيىن پۇشايمان يەپ يۈرمەڭ يەنە، ماقۇل دېسىڭىزا، ھە...

— قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، نېمىدېگەن نومۇسسىز، پەس ئادەمسىز؟! سالاھىيىتىڭىزگە يارىشا ئىش قىلسىڭىز بولمامدۇ؟ مېنى نېمە چاغلاۋاتىسىز؟! — قىزنىڭ غەزەپى تۇتقان بولسا كېرەك، ئاۋازى تىترەپ چىقتى. تالىپ تۇرغان جايىدا مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى. قىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولدى. ئەنۋەر ياتاق تەرەپكە ماڭغاچ ھېلىقى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىدى. گۈلەمبەر... قايسى گۈلەمبەردۇ ئۇ؟ ھېلىقى گۈلەمبەر بولسىچۇ؟ ياق، ياق، بۇ زادىلا مۇمكىن ئەمەس، بالىلارچە خىيال، كۈلكىلىك تۇيغۇ. ساراڭكەنمەندە، ئۇ نېمە ئىش قىلىدۇ بۇ كېچىدە؟ يەنە كېلىپ تالىپ بىلەن...

ئەنۋەر بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئەنە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يۇملاق ئۆسكەن سېدە دەرىخى تېخىمۇ سۇرلۇك كۆرۈنمەكتە. ئەنۋەر خۇددى دۇرۇت ئوقۇغاندەك ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى: ھەي سەبىي مۇھەببىتىمىزنىڭ شاھىدى بولغان سېدە، كۆرۈۋاتامسەن؟ بىر چاغلاردا ساڭا ھەمراھ بولىدىغان ھېلىقى كىچىك بىر جۈپلەر ھازىر چوپچوك ئادەم بولدى. ئەپسۇسكى ئۇلار بۇرۇنقىدەك بىرگە ئويناپ - كۈلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە بىر - بىرى بىلەن تېپىشالمىدى... مېنى كۆرۈۋاتامسەن؟ گۈلەمبەر ئىسىملىك ھېلىقى قىزنىڭ دەردىدە ئاۋارىمەن، نېمىشقىكىن، ئۇنى خۇددى يېنىمدا باردەكلا ھېس قىلىمەن... ھەي خىلۋەت ماكان، سەن قوينۇڭغا نېمىلەرنى يوشۇرغان - ھە؟! سەندە ھەممىسى تېپىلىدۇ: گۈلمۇ، ئازغانمۇ بار، مۇنبەت يەرمۇ، چۆل - جەزىرىمۇ بار، ياخشى ئادەملەرمۇ، رەزىل ئادەملەرمۇ بار، ئىشقىلىپ ھەممىسى تېپىلىدۇ. ئەمما گۈلەمبەر بولغىنى ئۈچۈنلا سەن مەن ئۈچۈن شۇنچە مۇقەددەس. ئاھ، خىلۋەت ماكان، سەن شۇنچە جىمجىت، شۇنچە خىلۋەت، لېكىن سېنىڭ قوينۇڭدا ياشاۋاتقان ئادەملەر تۈمەن مىڭ ياڭزا، ئۇلارنى چۈشىنىپ يەتمەكمۇ شۇنچە قىيىن. ئېيتقىنا، ھېلىقى گۈلەمبەر ئىسىملىك قىز زادى كىم؟ ئۇ زادى مەن سۆيگەن گۈلەمبەر شۇمۇ؟ بەلكىم مېنىڭ سەزگۈلىرىم شۇنداق ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. گۈلەمبەر ئىسىملىك قىز جاھاندا ئازمۇ، ئۇ قىزنىڭ گۈلەمبەر بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس...

ئەنۋەر خېلىغىچە ئويلاندى. ئۇنىڭ كاللىسىدا كەسكىن كۈرەش بولۇۋاتاتتى. خىيالىغا ھەر خىل ئويلار كېلەتتى. تۇرۇپ ھاياجانلانسا، تۇرۇپ ئىزتىراپقا چۈشۈپ قالاتتى: مېنىڭ سەزگۈلىرىم چوقۇم ئالدىغان نېمە، بايا نېمانداق ساراڭ ئادەمدەك بىمەنە خىياللارنى قىلىپ كەتكەندىمەن؟ شۇنچە كەڭ زېمىندا گۈلەمبەر شۇنداق بىر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇچرايدىغاندۇ... كىم بىلىدۇ، ئەرۋاھلارنىڭ كۆزۈمنى غەلەت قىلىپ، سەزگۈلىرىمنى بىخۇدلاشتۇرۇپ ئويناپ چىققان ئويۇنىمۇ بۇ تېخى! ئەنۋەر خىيال بىلەن قەدىمىنى ئېغىر ئېلىپ ياتاققا كىرىپ كەتتى...

## 2 - باب چاقماق چاققاندا...

جانى جاھانى ھەممە ئادەم ئۆزۈك،
ئالەمگە سىغمىغۇچى جان ھەم ئۆزۈك.
— خۇسراۋ دېھلەۋىي

قاراسايىنىڭ قىشى بۇ يىل باشقىچىلا بالدۇر كەلدى. دېكابىر ئېيى كىرىشى بىلەنلا لەپىلدەپ قار يېغىشقا باشلىدى. بۇنداق بالدۇر ياغقان قارنى قاراسايلىقلارنىڭ تۇنجى كۆرۈشى. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن بىئارام بولمىدى. ئەكسىچە خاسىيەتلىك قارنىڭ پەيدا-سىنى سۆزلەپ كېلىپ ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى... ھەممە يەر ئاپئاق، ئۇششاق بالىلار كېلەڭسىز قىشلىق كىيىملىرى بىلەن ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈشمەكتە، ياشلار بىر - بىرىگە قار ئېتىشماقتا... بىر سائەتلىك دەرسنى تۈگىتىپ سىنىپ ئالدىغا چىقىپ بۇياقىن مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرغان ئەنۋەرنىڭ كۆڭلى قەۋەتلا سۆيۈندى. ۋاسكېتبول مەيدانىنىڭ بىر چېتى-دە بىر - بىرىگە قار ئېتىپ ئويناۋاتقان بىر جۈپ ئوغۇل - قىز ئوقۇغۇچىغا قاراپ مەستلى-كى كەلدى. ئۇمۇ بىر چاغلاردا مۇشۇ مەيداندا گۈلەمبەر بىلەن قار ئېتىشىپ ئوينىغان، يۈگۈرگەن، كۈلگەن، ھەتتا ئەنۋەر نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشكەن. شۇ چاغ-دىكى گۈلەمبەرنىڭ ئەنۋەرنىڭ قولىدىن تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۈستىدىكى قار-لارنى قېقىپ چۈشۈرۈشىمۇ ئۇنتۇلماس گۈزەل بىر كۆرۈنۈش. قانداق چاغلار ئىدى - ھە؟ شېرىن تۇيغۇلار پەيدا قىلىدىغان ئاجايىپ دەقىقىلەر... قېنى شۇ كۈنلەر؟ قېنى شۇ گۈ-لەمبەرنىڭ شوخ، سۈزۈك كۈلكىلىرى؟!

— قانداق ئۇكا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قار ئېتىشىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەكتەپ ھاياتىڭ يادىڭغا يېتىۋاتامدۇ، — مانا سىيىت مۇئەللىم، خۇش خۇي چىراي، ئەنۋەرنىڭ نەزەرىدىكى ھۆرمەتكە ئىگە ئىنسان. ئۇنىڭ ئۇچلۇق بۇرنى بىلەن سوقچاق بېشى ئادەمگە بىر خىل كۈلكىلىك تۇيغۇ بەرسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىللىق، خۇش خۇي...

— شۇنداق، بىزمۇ مەكتەپتىكى چاغلاردا مۇشۇنداق ئىدۇق، — ئەنۋەر ئېغىر خور-سىندى، ئۇ نېمىشىندۇر ئەسلىمەكتە، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەر ئۈچۈن ئەمدى ئۇھ تارتماقتا.

— بۇ يىل ئەجەب بالدۇرلا سوغۇق چۈشۈپ كەتتى دەيمىنا، لېكىن قار ياغقىنى بىر ھېسابتا ياخشى بولدى... مۇنداق گەپ ئۇكا، ئۆي تامقىنىمۇ سېغىنىپ قالغانسەن، ئۆزۈڭنى بىلىپ پات - پات باراي دېمىدىڭ، كەچتە بىزنىڭكىگە كىرەرسەن، — سىيىت مۇئەللىم سائىتىگە قاراپ قويدى، — ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ! — ئۇ شۇنداق دەپلا كىرىپ كەتتى. ئەنۋەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر خىل ھۆرمەت، سۆيۈنۈش نەزەرىدە قاراپ قالدى. قارىماققا كۆرۈمسىز، قوپالدەك، ئەمما شۇنداق ئوچۇق، مېھرىبان ئادەم - دە، بۇ، — دې-دى ئەنۋەر ئىچىدە تەكرارلاپ، — بىر قاراپ ئۇنى ھېچكىمنىڭ ھۆرمەتلىگۈسى كەلمەي-دۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن تۆت كۈنلا بىللە بولىدىغان بولسا... ئەنۋەر تۇساتتىن ئارقا

تەرىپىدىن كېلىپ تەگكەن قار كومىلىچىدىن ئەندىكىپ كەينىگە قارىدى: يەنە شۇ دىلنۇر، زىلۋا بويلۇق، قاپقارا قۇندۇز چاچلىرى ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان گۈزەل قىز ئەنۋەرگە قاراپ تاتلىقىنە كۈلمەكتە، ئىنچىكە بارماقلىرىنىڭ سوغۇقتا قىزىرىپ كەتكىنىگە قارىماي، قارنى كومىلاچ قىلىپ ياسىماقتا. ئەنە ئىنىڭ مۇھەببەتلىك شەھلا كۆزلىرى سىزمۇ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەمسىز؟ دېگەندەك چوڭقۇر مەنىدە ئۇنىڭغا تىكىلگەن، ئەنۋەرنىڭ ئۆزىگە ياندۇرۇپ قار كومىلىچى ئېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە. بىراق ئەنۋەر گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىزغا قاراپ كۈلۈمسىرەپلا قويىدى. ئەجەبا، ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى ئېغىر-بېسىق بولۇۋالغىنى ئەمەسمىكىن؟ ئەنۋەرگە قاراپ قىزنىڭ ھاياجان ئىچىدە سوقۇۋاتقان يۈرىكى بىردىنلا مۇز پارچىسىغا تەگكەندەك شۈركەندى، ياشلىقىنىڭ شېرىن تۇيغۇلىرى بىلەن، مۇنداقچە، ئېيتقاندا ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق ئىستەكلىرى بىلەن دولقۇنلاپ تۇرغان قەلبى بىردىنلا لەسسىدە بولۇپ قالدى، كۆڭلى غەش بولغاندەك بىئاراملىق ۋە خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلدى. ۋاي قوۋۇرغام، نېمە دېگەن چوڭچىلىق بۇ؟ گۈزەل بىر قىز، نى-نى يىگىتلەر ۋىسالىغا يېتەلمەيۋاتقان مەندەك بىر قىز چاقچاق قىلىۋاتسا، مۇنداقچە ئېيتقاندا قىزلىق نومۇس، ئەدەب-ھايانى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز كۆڭلىنى، يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىۋاتسا، بۇنىڭ گۈشۈيۈپ تۇرغىنى نېمىسىدۇ؟ ئۇنى بەزى ئوقۇغۇچىلار غەلىتە مىجەزى بار ئىكەن، ھاكاۋۇركەن دەۋاتاتتى، بۇ راست گەپ ئوخشايدۇ، ناۋادا... ياق-ياق، ئۇ ھەرقانچە بوينى قاتتىق بولسىمۇ مەن ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويماسلىقىم كېرەك. ئۇنىڭدەك ھەر جەھەتتىن ياخشى يىگىتنى قېلىپتا قويۇۋالغىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇنى ھامىنى بىر كۈنى ئۆزۈمگە قارىتىمەن، ئەگەر ئۇ مۇز چوققىسى بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزۈمنىڭ قۇياش كەبى ئوتلۇق ھارارىتىم بىلەن ئېرىتىپ، ئۇنىڭ مۇھەببەت شەربەتلىرى ئارقىلىق قەلب ئېتىزىمدىكى سۆيگۈگە تەشنا مايسىلارنى سۇغىرىمەن. باشقىلار ئۇنى يامان كۆرسىتىپ مەندىن تارتىۋالماقچى، مەن ئۇلارغا ھەرگىز يول قويمايمەن، مەندە ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك گۈزەل رۇخسار بار. مەن ھامىنى بۇ مەغرۇر بايقۇشنى ئۆز چاڭگىلىمغا كىرگۈزمەي قويمايمەن... دىلنۇر ئاخىرقى شېرىن ئويلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆزىنىڭ بايىقى ئەنۋەرنىڭ ئالدىدا ئالدىراپلا قىلىپ سالغان ئەخمىقانە قىلىقىدىن ئاغرىنمىدى، ئەنۋەرنىڭ غەرەز ئۇقمايدىغان «دۆلتى» لىكىنى كەچۈردى. بەلكىم ئۇ يۈزى تۆۋەن يىگىت بولسا ئوڭايسىزلىنىپ قالغاندۇ ياكى بولمىسا ماڭا ياندۇرۇپ چاقچاق قىلىشتىن ئەيمىنىپ قالغاندۇ، ھەممىلا ئادەمنى ئۆزىدەك مىجەزدە بولسۇن دېگىلى بولاتتىمۇ؟

— كەچۈرۈڭ ئەنۋەر، ئەدەبسىزلىك قىلىپ قويدۇم، — دىلنۇر چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى ئۆزگەرتمەستىن ئەنۋەردىن ئەپۇ سورىغان قىياپەتتە دېدى.

— بۇنچىلىك ئىشلارغىمۇ ئەپۇ سوراپ يۈرەمدۇ كىشى، — ئەنۋەر قىزغا قاراپ كۈلۈپ قويدى-دە، پەرۋاسىز ھالدا ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

كىچىككىنە ئىشخانىدا ئەنۋەر قوشۇلۇپ تۆت ئوقۇتقۇچى خىزمەت قىلىدۇ. مەشتە ئوت گۈرۈلدەپ كۆيمەكتە. ئەنۋەرنىڭ ئىشخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشتى. ئالدىدا تۇرغان بىر دۆۋە تاپشۇرۇق دەپتىرىگە قاراپ تېخىمۇ زېرىكىشلىك ھېس قىلدى. بىرنەچچە تاپشۇرۇق دەپتەرنى ۋاراقلاپ قويۇپ يەنە ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويدى. ئۇ تارتمىنى ئېچىۋىدى، قايسى كۈنى تاغىسىغا يازغان خېتى چىقتى. ۋاي خۇدايىم، بۇ خەتنى ھازىرغىچە سالمىغىنىم نېمىسى؟ ما ئۇنتۇلغاقلىقىمنى كۆرۈڭ. ئالدىراشچىلىقتا ئۇنتۇپ قاپتىمەن-دە، ئەڭ ياخشىسى، باشقا ئىشىم بولمىغاندىكىن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بۇ خەتنى پوچتىدىن يوللىۋېتەي، تاغام ئولتۇرسا-قوپسا مەندىن نارازى بولۇپ قارغاپ يۈرۈۋەرمىسۇن يەنە...

ئەنۋەر سوراپ يۈرۈپ يېزىلىق پوچتىخانىنىمۇ تاپتى. ئىشىك-دېرىزىلىرى كۆك سىر بىلەن سىرلانغان، خىشتىن سېلىنغان يېزىلىق پوچتىخانا ئىككى تەرىپىدىكى ئاپئاق قاردىن يېپىنچا ئارتقان ئېگىز ئورمانلار ئىچىدە خۇددى يۆگەك ئىچىدىكى بوۋاققا ئوخشاش ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئەنۋەر خەتنى پوچتىغا سېلىۋېتىپ تېزلا قايتىپ چىقتى. ئۆزى مۇشۇ يۇرتلۇق تۇرۇپ يەنە پوچتىخانىنى باشقىلاردىن سوراپ يۈرگىنى نېمىسى؟ دۇرۇس، ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ مۇشۇ يۇرتتا ئويناپ چوڭ بولغان، ئەمما ئۇ ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن بۇ يەردىكى ئۆزگىرىشمۇ ئاز بولمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ تەتىل كۈنلىرىنى ئاساسەن شەھەردىكى ھېلىقى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزگەن بولغاچقا بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇ چاغلاردا تاغىسى ئۆزىنىڭ مائارىپ ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغانلىقى بىلەن ياخشى يەرگە تەقسىم قىلدۇرالايدىغانلىقىنى ئېيتقان، ئەمما ئەنۋەر بۇلارغا ئانچە كۆڭۈلشىمىگەنىدى. ئۇ، كۈندە دېگۈدەك ناھىيە مەركىزىدىكى كۇتۇپخانىغا كىرىپ كۈن بويى كىتاب ئوقۇيتتى، ئۇ پەقەت مۇشۇ كۇتۇپخانىنى دەپلا تەتىل كۈنلىرىنى شەھەردە ئۆتكۈزگەن. شەھەردىكى باشقا نەرسىلەر ئۇنىڭ نەزىرىدە ئانچە مۇھىم ئەمەس، پەقەت كۇتۇپخانىغا بىر كىرگەنچە كەچتە تاقىلغاندا چىقسا، قولىدىكى نېمىلەر بىلەندۇ توشقان كارتىلارغا قاراپ سۆيۈنۈپ كېتەتتى. تەتىل مەزگىللىرىدە ئۇ بىر قانچە قېتىم گۈلەمبەرنىڭ دېرىكىنى قىلدى، بىراق گۈلەمبەر يىراق بىر تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە ماشىنىچىلىقنى ئۆگەنگىلى كەتكەنلىكتىن كۆرۈشەلمىدى. ئوخشىمىغان ئىككى خىل تەقدىر، ئىككى خىل ياشاش يولى ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا روشەن بىر سېلىشتۇرما بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ئەنۋەر ھەممە بەخت-شادلىقتىن، كۆرۈدىغان ھۇزۇر-ھالاۋەتتىن يەنىلا گۈلەمبەرنى ئۈستۈن ئورۇنغا قوياتتى. شۇڭا ئۇ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپلا يۈرەك رىشتى مۇستەھكەم باغلىنىپ كەتكەن ئۆز يۇرتى قارىسايغا — ئۆزىنىڭ بەخت يولى، گۈزەل كېلەچىكى ئۈچۈن يېقىلغان بارلىق يېشىل چىراغلار بىلەن كارى بولمىغان ھالدا تۇرمۇش پاراۋۇزىنى ئۇدۇل بۇ يەرگە ھەيدەپ كەلدى...

ئەنۋەر پاكار لاي تام بىلەن قورشالغان، يوپۇرماقلىرى ئاللىقاچان تۆكۈلۈپ ئاپئاق قاردىن لىچەك ئارتىشقان شاپتۇللۇق باغ يېنىدىكى دوقمۇشقا كەلگەندە ئالدى تەرىپىدىن يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى بىر قىز چىقىپ كەلدى. ئۇ بېشىغا يېشىل

رەڭلىك چۈچىلىق يىپەك ياغلىق ئارتقان، ئۆڭۈپ كەتكەن قارا دۇخاۋىدىن پاختىلىق چاپان، كۆك يوپكا كىيگەن بولۇپ، پۇتىدىكى كالتە قونجىلىق ئۆتۈكىدىن ماڭغاندا غاچىلداپ ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. قىز يېقىنلاشقانچە ئەنۋەرنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى قانلار تومۇرلىرىغا پاتماي قالغاندەك ئۇرغۇشقا باشلىدى، ئۇدۇلغا كەلگەندە بولسا خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك چۆچۈپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئوڭۇممۇ-چۈشۈممۇ؟ ياكى گۈلەمبەرگە ئوخشايدىغان باشقا بىر قىزمىدۇ بۇ؟ كۆز، قاشلىرى ئەجەپ قۇيۇپ قويغاندەكلا... ياق، دەل ئۆزى شۇ، كۆرۈشمىگىلى توپتوغرا يەتتە يىل بولغان گۈلەمبەرنىڭ نەق ئۆزى شۇ. ئاھ خۇدا، بىزنى قار ياغقان خاسىيەتلىك كۈندە ئۇچراشتۇرغىنىڭمۇ بۇ؟!

قىزمۇ ئەنۋەرنى كۆرۈش بىلەنلا ھەيرانلىق، ھاياجان، تېڭىرقاش، يېتىرقاش ئىچىدە تولغىنىپ كەتتى، پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ماجالى قالمىغاندەك تۇرۇپلا قالدى. يۈرىكى باشقىچىلا شىددەت بىلەن سوقماقتا. ئاھ، بىرگە ئوقۇغان چاغلاردىكى قامەتلىك گەۋدە، قويۇق قاشلار ئارىسىدىكى جاننى قاقشىتىدىغان چوڭ-چوڭ قوي كۆزلەر، ھەم قارا پارقىراق چاچلار... پەقەت بويىلا ئۆسۈپتۇ، يۈزلىرىگە ساقال-بۇرۇتلار چىقىپ، ئۇ يەر-بۇيەرلىرىدە مۇدۇر-چوقۇرلار پەيدا بوپتۇ، لېكىن كۆزلىرىدىن بۇرۇنقىدەكلا كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىكىنە؟ غەلىتە ئەھۋال، زادىلا ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان تېپىشماق... بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدۇ-ياي؟ ئاھ خۇدا، شۇنچە يىللار ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرىمەن دەپمۇ قاچۇرۇپ بولالماپتىمەن، تەقدىرنىڭ ماڭا قىلغان چاقچىقىمۇ-بۇ؟ قىز دەقىقە ئىچىدە شۇلارنى ئويلىيالىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىدا جان يوقتەك، بېشى قېيىپ ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تۇيۇلدى.

— ياخشىمۇسىز گۈلەمبەر؟

— ئۆزىڭىزچۇ، قانداقراق؟

ئۇلارنىڭ تىللىرىمۇ گەپ قىلىشقا تازا قولىشىپ بەرمىگەندەك ئىدى. قىسقىلا سالاملىشىش، ئۈنسىز بىر-بىرىگە قاراپ تۇرغان ھاياجانلىق گەۋدىلەرنى تېزلا ئايرىۋېتەلمىدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئاپئاق قار ئىچىگە تېخىمۇ پېتىشقا، كۆزلىرى ئۈنسىز سۆزلىشىشكە باشلىدى. ئىككى جۈپ كۆز بىر-بىرىگە شۇنچە بىچارىلەرچە، مىسكىنلىك، مۇڭلىنىش ئىچىدە تىكىلگەن دەقىقە ئىچىدە جۈپ يۈرەكتە چېقىلغان دەھشەتلىك سۆيگۈ چاقمىقىدىن ئۇچقۇنلىغان ھارارەتلىك بىر ئېقىم ئۇلارنىڭ قەلب تارلىرىنى تىترەتتى، ئۆتۈپ كەتكەن ئۇنتۇلماس گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى ئەسلەتتى، قىسقىغىنا ھاياجاندىن ھەر ئىككىسى مەستخۇش بولدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە قانچىلىك تۇرۇشتى، بۇنىسىمۇ بىلمەيدۇ، ئاخىرى ئەنۋەر ئوڭايسىزلىققا خاتىمە بېرىپ ئېغىز ئاچتى:

— قاراڭ گۈلەمبەر، كۆرۈشمىگىلى بەكمۇ ئۇزۇن بولۇپتۇ، بۈگۈن بۇ يەردە تەقدىرنىڭ كارامىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق... — ئۇ ئوتلۇق نەزەر بىلەن قىزغا

تىكىلدى، قىز بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك كىلاستەك قىپقىزىل نېپىز لەۋلىرى-نى سەدەپتەك چىشلىرى بىلەن يېنىك چىشلىگىنىچە چولپان كۆزلىرىنى يەرگە تىكتى.— مەن مۇشۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتىمەن، ياتىقىم ھېلىقى سېدە دەرىخىنىڭ يېنىدا،— ھاياجانلىنىپ كەتكەچكىمۇ ئەنۋەرنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى،— خالىسىڭىز بۈگۈن كەچتە ياتىقىمغا كىرىڭ، سىزنى ساقلايمەن، قالغان گەپنى شۇ چاغدا دېيىشىمىز، ماقۇلمۇ؟ مانا ھەقىقىي جۈرئەت، مۇھەببەتتىن كەلگەن غەيرەت-شىجائەت... ھېلىمۇ ياخشى ئىنچىلىك گەپ چىقتى بۇ ئېغىزدىن.

گۈلەمبەر نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغاندەك بىر ھازا تۇرۇۋېتىپ، ئاندىن بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى-دە، ئەنۋەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۆستەڭ بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئەنۋەر ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە قاراپ تۇردى. ئەنۋەرنىڭ ھاياجىنى تېخى بېسىلمىغانىدى. گۈلەمبەرنىڭ بويى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ زىلۋالىشىپ، سۈزۈك يۈزلىرى، قان تېمىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ مەڭزى، ئىلمەكتەك بۇرنى ئاستىدىكى ئويماقتەك ئېغىزى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ گۈزەللىك ئاتا قىلغان. ئەنۋەرنىڭ نەزىرىدە ئەسلىدىنلا گۈزەللىك ئىلاھى ھېسابلىنىدىغان بۇ قىز ھازىر ئەنۋەرنى پۈتۈنلەي مەھلىيا قىلىۋالغان. سەزگۈلىرىم مېنى ئالدىماپتۇ، قايسى كۈنى كېچىدە تالىپ ئالدىنى توراپ مۇھەببەت ئىزھار قىلغان گۈلەمبەر دەل مۇشۇ ئىكەن،— پىچىرلىدى ئەنۋەر،— ئۇ ئىلگىرىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە چىرايلىقلىشىپ كېتىپتۇ... شۇ دەقىقىلەردە ئەنۋەرنىڭ تالىپقا ئۆچمەنلىكى كەلگەندەك ۋال-ۋۇل قىلىپ يانغان رەشك ئوتى يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىنى چىمداپ ئۆتكەندەك قىلدى.

— نېمىگە قاراپ تۇرۇپ كەتتىڭ ئاغىنە؟— ئەنۋەر چۆچۈپ يېنىغا قارىدى، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشى ساۋۇت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ ساۋۇت بىلەن قايسى كۈنى تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان، بۈگۈن بۇ يەردە يەنە كۆرۈشۈپ قالدى.

— خەت سېلىپ قايتىشىم، ئاۋۇ باللارنىڭ مۇز تېيىلىشىغا قاراپ تۇرىمەن،— دېدى ئەنۋەر ئۆستەڭدە مۇز تېيىلىۋاتقان بىر نەچچە بالىنى كۆرسىتىپ. شۇ تاپتا ساۋۇت ئۇنىڭ يالغان گەپ قىلغانلىقىنى بىلىپ قالغاندەك يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئەمما ساۋۇت ئۇنىڭدىن بىخەۋەر كەتمىنىنى دولىسىغا ئارتىپ، بېشىغا ماس كەلمىگەن يوغان تۇمىقىنى ئۈستىگە سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئەنۋەر بىلەن ياندىشىپ ماڭدى. يېشى ئوخشاش، يەنە كېلىپ بىر سىنىپتا ئوقۇغان بۇ ئىككىسىنى كۆرگەن ھەر قانداق ئادەم ئۇلارنى ساۋاقداش دېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن ئەكسىچە تەڭ دېمەتلىك دەپمۇ قارىمايتتى. بىرى قاپقارا چاچلىرى، پارقىراپ تۇرىدىغان يۈزى، زىيالىي سۈپەت كىيىنىشلىشى بىلەن كىشىگە 21 ياشلىق يىگىتتەك كۆرۈنسە، يەنە بىرى ئالدىغا سەل ئېگىشكەن، بىر قولىنى يوغان تېرە جۇۋىسىنىڭ قوينىغا تىققان، ساقال بېسىپ كەتكەن يۈزلىرى ياغاقلىشىپ كەتكەن قىياپىتى بىلەن 30 لاردىن ھالقىغان ئادەمدەك كۆرۈنەتتى.

— ھەي ئاداش، بىرىمىز بۇرۇن ساڭا ئوخشاش ياخشىراق ئوقۇغان بولساق بىرەر ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيتتۇق، مانا ئەمدى پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا يوق. بالا ئىككى، سېنى ئۆزىدىن دېھقان بولۇپ كەتتۇق. سەن ئۆزگەرمەپسەن، مەن شۇنىڭدىن خۇشال ئاداش، بەزىلەر ئۆزىنى ئاسمانغا ئېسىۋالدى قارا، ساۋاقداش تۇرۇپ نومۇس قىلغاندەك بىر پەردە ئۇچرىشىپ قالسا قارىماي ماڭىدۇ.

— ياتىقىم مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئىچىدىلا، ۋاقتىڭ يەتسە بارارسەن، مۇڭدىشىمىز، — ئۇلار ئەنۋەرنىڭ ياتىقىغا بۇرۇلىدىغان تار يولغا كېلىپ قالغانىدى.

— ھازىرىڭنىڭ ئۆزىدە بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، بېقىۋاتقان سېمىز بىر پاقلىنىم بار، كاۋاپقا تارتىمسام ھېساب ئەمەس، يۈر، — ساۋۇت تارشىدەك كۈچلۈك قوللىرى بىلەن ئەنۋەرنىڭ خېمىردەك يۇمشاق بىلىكىدىن قاماللاپ تۇتتى.

— بۈگۈنچە بولماس ئاداش، كەچتە بەكلا مۇھىم ئىشىم بار ئىدى، باشقا چاغدا چوقۇم باراي، — ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرىدە بىچارىلەرچە يېلىنىش، بىر خىل كەسكىنلىكتىن ئەكس ئېتەتتى.

— كېيىنكىگە ئىشەندىم، ئۇنداق بولسا ماڭا ھازىرچە قەرز بولۇپ تۇرغىن.

ئەنۋەر ساۋۇت بىلەن خوشلىشىپلا ئالدىراپ ياتىقىغا ماڭدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سوقماقتا، قەلبى ھاياجانلانماقتا، قانداقتۇر يوقىتىپ قويۇپ ئۇزۇن يىلدىن بېرى تاپالمىغان قىممەتلىك نەرسىسىنى قايتىدىن تېپىۋالغاندەك خۇشاللىق، سۆيۈنۈش پۈتۈن جىسمىنى ئىگىلىۋالغان. ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسە: قارىمۇ، زومچەك-زومچەك قەبرىلەردەك كۆرۈنىدىغان كېسەك ئۆيلەرمۇ، ناگان-ناگاندا يەيدىغان بىر نەرسە ئىزدەپ كوچىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈپ قالىدىغان لالما ئىتلارمۇ ھازىر ئۇنىڭغا باشقىچە يېقىملىق، گۈزەل بولۇپ تۇيۇلماقتا...

ئەنۋەر ياتىقىغا كېلىپلا مەشكە دەرھال ئوت ياقتى، ياتىقىنى باشقىدىن رەتلىدى، پاكىز سۈپۈرۈپ سۇ سەپتى، يۈز-كۆزلىرىنى سوپۇنلاپ يۇدى. ھەتتا ئەينەككە قاراپ چېچىنى تاراۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. تارتمىنى ئېچىپ، كىرپىك سىلىنغان ھېلىقى قۇتىنى جوزا ئۈستىگە، كالپۇندارنىڭ قېشىغا قويۇپ قويدى. ناۋادا ئۇ ھېلىغىچە باشقا بىرسىگە كۆڭۈل بەرمىگەنلا بولسا (ئۇنداقتا بۇنى بىر مۆجىزە دېيىش كېرەك) ئەنۋەر بۈگۈن بارلىق سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ. يەتتە يىل ئازاب چەككەن يۈرىكىنىڭ دەرد-ھەسرىتىنى تۆكىدۇ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان پاك سۆيگۈ ۋە ئەقىدىسىنى دەپ ياخشى خىزمەت ئورنىنى تاشلاپ قاراسايغا كەلگەنلىكىنى دەيدۇ. ئەمما ئەنۋەر تۇرۇپلا قۇتىنى يەنە تارتمىنىڭ ئىچىگە سېلىۋەتتى. ناۋادا ئۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسا مەن يېنىكلىك قىلغان، ھەتتا غۇرۇرۇمغا تېگىدىغان ئىش قىلغان بولمامدىمەن؟ كەلمىسىچۇ تېخى؟! ياق، چوقۇم كېلىدۇ! كەلگەندە نېمىلەرنى دېسەم بولاركىن؟ مۇھەببەت توغرىلىق گەپ قىلسامچۇ؟ ياق، ئالدىراپ كەتمەسلىكىم كېرەك.

— تاك ... تاك ... تاك ... !

مانا گۈلەمبەر كەلدى! ئەنۋەرنىڭ يۈرىكى بىردىنلا شىددەتلىك سوقۇپ كەتتى، تومۇرلىرىدىكى قان قىزىشقانىدەك، قاپاقلىرى ئىختىيارسىز لىپىلداپ كەتتى. ئۇ ھازىرلا كۆرىدۇ، ئىنتىزارلىق، سېغىنىش، تەشنالىق ئىچىدە ئۇزۇن يىل خىيالىدا، چۈشلىرىدە كۆرۈپ كەلگەن ھېلىلا چاقماق چاقىقانىدەك غىل - پاللا كۆرۈنۈپ قالغان قەلبىدىكى گۈزەل پەرىشتە گۈلەمبەر بىلەن دىدارلىشىدۇ... يۈگۈرۈپ دېگۈدەكلا بېرىپ ئىشىكنى ئاچقان ئەنۋەر ئورنىدا ھاڭقىيىپ تۇرۇپلا قالدى.

— بۇ نەچچە قارشى ئېلىش ئەنۋەر؟ خۇددى مېنى تۇنجى كۆرۈۋاتقانىدەك تەئەججۈپلىنىپ تۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ ماڭا نېمانداق قارايسىز؟ — دىلنۇرنىڭ خۇش خۇي ئاۋازى، ئەنۋەرگە قاراپ تۇرغان شەھلا كۆزلىرى مۇشۇ مىنۇتلارنىڭ ئۆزىدە ئەنۋەرنىڭ خىيالىدىن سىرت ئارتۇقچە نەرسىلەر ئىدى.

— قېنى ياتاققا كىرىڭ، — ئەنۋەر دىلنۇر ئارانلا ئاڭلىيالىغۇدەك قىلىپ دېدى. دىلنۇر كارىۋاتنىڭ نېرىدىقى بېشىغا — يېزىق ئۈستىلىگە يېقىن جايغا بېرىپ ئورۇن ئالدى. بۈگۈن ئۇ ئۆزىنى ئالاھىدە تۈزەشتۈرگەن، ئۇچىسىدىكى بېغىر رەڭ خۇرۇم چاپىنى، كۆل رەڭ يۇڭ پوپايكىسى، نازۇك پۇتلىرىغا كىيگەن قارا رەڭلىك ئايىغى ئەۋرىشىم قامىتىگە ئاجايىپ ياراشقان، بوۋاقلارنىڭكىدەك سۈزۈك يۈزلىرى، بىلىنەر - بىلىنمەس لەۋ گىرىمى سۈرگەن جىنەستىدەك نېپىز لەۋلىرى... مانا مەن دېگەن يىگىتلەرنىڭ ئەقلىنى ئېلىپ يەردە قوياتتى. ئاپئاق شارپىسى خۇددى چىرايلىق ئېچىلغان ئەتىر گۈلنىڭ بويىنىغا لېنتا چېگىپ قويغانىدەك ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

— قېنى چاي ئىچىڭ، — ئەنۋەر كۈرۈشكىنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ قويدى، — بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كىرگەنمىدىڭىز؟

— قىزىق گەپ - تە بۇ، ئىشى يوق ئادەم سىزنى ئىزدەپ كىرەتتىمۇ بۇ يەرگە؟ — قىز كۆزىگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى، — سىز قاچانلا بولسا مۇشۇ ياتاقتا ئولتۇرىدىكەنسىز، سىرتلارغا چىقسىڭىز بولمامدۇ؟

— ھازىر سىرتقا چىقىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئاۋارىچىلىق دەڭا، — ئەنۋەر سائىتىگە يوشۇرۇنچە قاراپ قويدى. ئەستا، ئىشى بولمىسا چىقىپ كەتسىمۇ بوپتىكەن، گۈلەمبەر بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇشۇنداق پەيتتە نەس باسقىلى تۇردىغۇ مېنى؟

گۈلەمبەر قويلارغا غازاڭ تاشلاپ بېرىۋېتىپ قانداق قىلىش ھەققىدە ئويلىنىۋاتاتتى. بارماي دېسە ۋەدە بېرىپ قويدى، دۇنيادا يالغانچىلىقتىن ئارتۇق سەت ئىش يوق، بارسىچۇ، ئۇ ئەنۋەردىن بەك - بەك يىراقتا قالدى. بۇ ئىش گۈلەمبەرگە خۇددى كۈلۈپ قاراۋاتقان ئاينىڭ يۈزىنى بىردىنلا قارا بۇلۇت توسۇۋالغاندەك تۇيۇلاتتى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئانىسى ئېيتقانىدەك پېشانىگە پۈتۈلگەن ئىشمىدۇ؟ ئادەمنىڭ تەقدىرى تۇغۇلۇشتىنلا پېشانىسىگە يېزىلىمىش، گۈلەمبەرنىڭ پېشانىسىگە نېمە دەپ يېزىلغان بولغىيدى؟!

گۈلەمبەر ۋەدىلىرىنى ئېغىر ئالغان ھالدا ئۆيىدىن چىقتى. نېمىلا بولمىسۇن

لەۋزىدە تۇرۇشى كېرەك-تە. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى تەگسىز ھاۋالاردا ئۇچۇپ يۈرگەچكە، ئانىسىنىڭ «نەگە بارىسەن قىزىم؟» دېگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلانماي قالدى. خۇشاللىق، ئازاب، ئىشەنچ، ئۈمىد، مۇڭ-ھەسرەت، ھاياجان، ئىزتىراپ، ئۆزىنى بەزلەش، قەتئىيلىك ئۇنىڭ قەلبىدە بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى ئالماقتا. ئەتراپ كۆگۈم پەردىسى بىلەن ئورالغان، ھەممە ياق تىمتاس. ئەتىگەندىن بېرى قۇياش تەپتىدە ئازراق ئېرىپ قالغان قارلار ئەمدىلىكتە غۇژمەكلىشىپ مۇز تۇتقان.

گۈلەمبەر ئەنۋەرنىڭ ياتىقىغا يېقىنلاشقانچە نەپەسلىرى جىددىيلىشىشكە، يۈرىكى تېز-تېز سوقۇشقا باشلىدى. يۈزلىرى ئوت ئېلىپ كۆيۈشتى. ئاھ، ئۇ ماڭا نېمىلەرنى دەر، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالسام قانداق قىلارمەن. شۇ تاپتا پۈت-قولۇمدا جان يوقتەكلا قىلىدۇ، ئۇنىڭ قوچىقىغا يىقىلىپ چۈشمىسەم بولاتتى كاشكى...

ئەنۋەرنىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلگەن گۈلەمبەر ياتاق ئىشىكىنى چەكمەكچى بولۇپ كۆتۈرگەن قولىنى دەرھال تارتىۋالدى.

— ماقۇل دەڭ ئەنۋەر، بىللە كىنو كۆرەيلىچۇ، مەن سىزنىڭ بۇنداق بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە ياشىشىڭىزنى خالىمايمەن، ئادەمنى ئازراقمۇ بولسا چۈشەنسىڭىزچۇ، — ئەركىلىگەن، نازلىق ئاۋاز.

— ياق دىلنۇر، مېنىڭ بۈگۈن كەچتە يازىدىغان نەرسىلىرىم بەك جىق، باشقا ۋاقىتتا كۆرەيلى، خۇدانىڭ كۈنى دېگەن كۆپقۇ...

گۈلەمبەرنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، ئىچ-ئىچىدىن بۇخسۇپ كېلىۋاتقان يىغا ئۇنىڭ جىسمىدىكى كۈچلۈك مۇھەببەت زەربىسىدىن پەيدا بولغان ئەلەملىك ھەسرەت نىداسىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئەنۋەرنىڭ ياتىقىغا چىللاپ قويۇپ دىلنۇر بىلەن ئولتۇرغىنى ئۇنىڭغا ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلدى، ياتاقتىن يىراقلاشقانچە دېمى سىقىلغاندەك بولۇپ، ئاددىي قىشلىق كىيىملىرى ئىچىدىكى نازۇك بەدىنى جالاقلاپ تىترىدى... مانا مەن ئويلىغاندەك چىقتى، ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەسلىدە مېنى كولدۇرلاتقىلى، ئۆزىنى كۆرسەتكىلى چاقىرغان گەپ. قايسىبىر يىگىت قىزنىڭ چىرايى بىلەن جەمئىيەتتىكى ئورنىنى تەڭ ئورۇنغا قويىمىغان؟ ئەمدى بىلدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك ھاياتىنى ماڭا كۆز-كۆز قىلماقچى ئىكەن-دە، شۇنى ماڭا بىلدۈرۈپ قويغىلى بۈگۈن ئاتايىن چاقىرغان گەپ. ئۆزىنىڭ ئورنىنى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگىنىنى ماڭا كوزا-كوزاڭ قىلغىلى ئالايىتەن بۇ ئويۇننى ئويناپ چىقىپتۇ. ئادەملەر نېمانچە پەسكەش، رەزىل... ھەي ئەنۋەر، مەن سېنى ئۆزۈمنىڭ ئۈمىد قوشۇم، بەخت يۇلتۇزۇم دەپ بىلگەچكە، تا ھازىرغىچە نۇرغۇن ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپ توي قىلماي كەلگەنىدىم، بۈگۈنكى كۈندە سېنىڭ بۇرۇنقى مېھرىلىك بېقىشىڭدىن، ماڭا مۇھەببەت ئاتەشلىرىنى تىنماي چېچىپ تۇرىدىغان يۈرىكىڭدىن ئەسەرمۇ قالماپتىغۇ؟! بەلكىم شۇنداق قىلىشقا ھەقلىقتۇرسەن. ئەمما مېنىڭمۇ ئىلاجىم يوق، بۇ بىز قىزلارنىڭ ئورتاق ئاجىزلىقىمىز. مەن سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا باشقا بىر قىز بىلەن ماڭغانلىقىڭنى كۆرگىنىمدە قانچىلىك ئازاب چېكىدىغانلىقىمنى بىلمەيسەن. بەلكىم ئۆمۈر بويى سېنى

ئۇنتالماسمەن، بەختسىزلىك ئىچىدە زار - زار ئۆتەرمەن. مەيلى، ساڭا بولغان پاك مۇھەببىتىمنىڭ سادىق قۇربانى بولۇشقا رازىمەن، بىراق بۇندىن كېيىن سېنى كۆرمىسەمكەن دەيمەن. ئاڭلاۋاتامسەن! ئەسلىدە مەن سەندىن ئاغرىنىشقا ھەقلىق ئەمەس ئىدىم. نېمىشقا دەمسىنا، رېئاللىقتا ئىككىمىز ھامان تۇرمۇش دەرياسىنىڭ ئىككى قېشىدا تۇرىمىز، ئەينى ۋاقىتتىكى دەھشەتلىك دولقۇن بىزگە زەرپ بىلەن ئۇرۇلۇپ، ئەنە شۇنداق ئىككى تەرەپكە ئايرىۋەتكەن. شۇڭا مېنىڭ سەندىن ئاغرىنىشقا ھەققىم يوق. لېكىن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، سەن ماڭا دائىم كۈلۈپ قاراپ تۇرغاندەكلا، ئاشۇ ئوتلۇق كۆزلىرىڭ بىلەن ماڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقاندەكلا تۇيۇلىسەن... بۇنىڭ غېمى ئامال يوقمىدۇ؟ بۇمۇ پېشانەمگە پۈتۈلگەن ئىشمىدۇ؟

گۈلەمبەر ئىختىيارسىز دوستى سائادەتنىڭ ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى. ئەنۋەر تىت - تىت بولۇپ ھەدەپ سائىتىگە قارايتتى. بىر چاغدا دىلنۇر ئۆزىنىڭ يەنە مەغلۇپ بولغانلىقىنى سېزىپ، ئازابلانغان، كۆڭلى غەش بولغان ھالدا ئەنۋەر بىلەن سوغۇقلا خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئەنۋەر ئەمدى گۈلەمبەرنىڭ كېلىشىدىن ئۈمىدمۇ كۈتمەيتتى. بۇنداق كەچتە ئۇنىڭ كېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سېيىت مۇئەللىم ئۇنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلغان، ئەمدى شۇ يەرگە بېرىپ قورسىقىنى توقلاپ كېلىشى كېرەك، باشقا ئىشلار كېيىنچە بىر گەپ بولار...

ئەنۋەر سىرتقا چىقىشى بىلەن تەڭ يۈزلىرىگە سوغۇق شامال ئۇرۇلدى. ئۇ شۈركەندى، چىشلىرى ئىختىيارسىز كاسىلداپ كەتتى. گۈلەمبەرنىڭ ئىشى چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ، بولمىسا چوقۇم كەلگەن بولاتتى... ئەنۋەر ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى. ئەنە ئاۋۇ كىچىك كۆۋرۈكتىن ئۆتسىلا سېيىت مۇئەللىمنىڭ ئۆيى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — يوغان پاختىلىق مىلەكزىنى قايرىپ ئۆيىگە كىرگەن ئەنۋەر ئۆزىگە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قالغان گۈلەمبەرنى كۆرۈپ كۆڭلى قەۋەتلا سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ قانداق ئىش؟ تاسادىپىيلىق ئەمەستۇ - ھە؟

— كەل ئۇكام، سائىتىمگە تولا قاراپ كۆزۈم تېز بولدى، ئۆزۈم چىقايمىكىن دەپ تۇراتتىم، — مايكىچان، يالاڭپاشتاق سېيىت مۇئەللىم ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

— بۇ قىز قىزىمنىڭ دوستى گۈلەمبەر، ئۆزى مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئۇستا ماشىنىچىسى.

— ئولتۇرۇڭ گۈلەمبەر، — ئەنۋەرنىڭ يېقىملىق ئاۋازى گۈلەمبەرگە ھۇشىت ئۇرغاندەك قاتتىق ئاڭلاندى. ئۇ ئەدەب يۈزىسىدىن بىر ئاز ئولتۇرۇپلا نېرىقى ئۆيگە — سائادەتنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي سېيىت مۇئەللىمنىڭ ئايالى ئەنۋەرگە چاي ئەكەلدى.

— شۇنداق قىلىپ ئۇكا، ئىشلىرىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتامدۇ؟ قېنى چايغا باق...

— يامان ئەمەس.

— يېزا دېگەن شۇنداق گەپكەن، بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلارنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدۇ. ئۆزۈڭ ئائىلىسىگە بېرىپ يىغىپ كېلىدىكەنسەن، بارمىساڭ تېخى بولمىغان، — دېدى

سىيىت مۇئەللىم ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قۇرغان مەشىنىڭ ئوتىنى ئۇلغايتىۋېتىپ.

ئەنۋەر ئوتقا قارىدى. قىپقىزىل چوغ ۋىلىلداپ، بوغۇم-بوغۇم ئوتلار تۇرۇلۇپ كۆيمەكتە. ئەنۋەرنىڭ يۈرىكىمۇ گۈلەمبەرنىڭ ئىشقىدا ئاشۇ چوغقا ئوخشاش يانماقتا. ئەجەپ ئىش، ئۇ نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن بىرگە ئولتۇرماي باشقا ئۆيگە چىقىۋالدۇ؟ نېمىشقا ماڭا ۋەدە بېرىپ قويۇپ بۇ يەرگە كېلىۋالدۇ؟ ئەنۋەر ھەر قانچە ئويلاپمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ھورلىرى پۇرقىراپ تۇرغان چۆچۈرە كىردى، ئاشكۆكنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغلارغا ئۇرۇلدى. ئەنۋەر كىچىكىدىنلا چۆچۈرىنى ياخشى كۆرەتتى. مەرھۇم ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا كۆپرەك مۇشۇ تاماقنى ئېتىپ بېرەتتى.

— قېنى ئوكام، سوۋۇپ قالمىسۇن، قىزىقىدا ئىچسىلە، — ئايال ئاشقا ياغاچ قوشۇقنى چۆكۈرۈپ سىيلىۋېتىپ قوشۇپ قويدى.

گۈلەمبەر تاماق ۋاقتىدىمۇ ئەنۋەر بار ئۆيگە چىقمىدى. ئۇ بىر چىنە چۆچۈرىدىن ئازراقلا ئىچىپ، شۇ پېتى قويۇپ قويدى. بۇرۇنلاردا چاكىلداپ سۆزلەيدىغان گۈلەمبەر بۈگۈن بەكمۇ جىمغۇر، كەمسۆز، سائادەت ئۇنىڭ بۈگۈن باشقىچىلا بولۇپ قالغانلىقىدىن ھەيران، سورالغان سوئاللارغا ھە، ياق بىلەن جاۋاب بېرىشىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلماقتا.

— ئاداش، مەن چىقىپ كېتەي، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئانام شۇ تاپتا قانداق بولۇپ كەتتىكىن؟

ئەنۋەر سىيىت مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىققاندا كۆڭلىنى غەشلىك قاپلىۋالدى. ئەسلىدە گۈلەمبەر بۈگۈن ئۇنىڭغا مۇنداق مۇئامىلە قىلمىسا بولاتتى. ئىككىسىنىڭ بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭلىشالمىغىنى، گۈلەمبەرنىڭ ئەنۋەرگە خوشمۇ دېمەي كېتىپ قېلىشى ئۇنىڭغا بەكمۇ غەلىتە ۋە ئازابلىق تۇيۇلدى. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى مەندىن قاچۇرىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان ئىش قىلمىغان ئىدىمغۇ؟

ئەنۋەر سىرلىق تېپىشماق ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ئۆزىگە سوئال قوياتتى. شۇنچە يىل ئارزۇ قىلغان كۈنلەر يېتىپ كەلگەندە ۋىسال قۇشى ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرماقتا. ئەمما ئەنۋەرنىڭ كۆزلەيدىغىنى بىرلا، ئەقىدىسى، تۇرمۇش قارىشى ناھايىتى ئېنىق. ئۇ گۈلەمبەرنى دەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەن، پاك سۆيگۈگە ئەقىدە باغلاپ، تۇرمۇشنىڭ جاپالىق يوللىرىنى تاللىۋالغان، تۇرمۇش يولى داغدام بولمايدۇ، بىراق گۈلەمبەرنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەمدۇ-يېتەلمەمدۇ، بۇنى بىر نېمە دېيىش قىيىن. كىم بىلسۇن، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى باشقا بىرىگە كۆڭۈل بەرگەن بولسا، ئۇ ئۇ ئۆز ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتامدۇ تېخى! ئەگەر شۇنداق بولغىنىدا ئەنۋەر گۈلەمبەرنى ئەبەدىي سۆيۈپ قېلىۋېرىدۇ، ئۇنىڭ بۇ ئەقىدىسىنى ھېچكىم بۇزۇۋېتەلمەيدۇ!

ئەنۋەر روھسىزلانغان ھالدا ياتىقىغا يېتىپ كەلدى. ئەنە، سىبدە دەرىخى ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتامدىكىن، ياكى بولمىسا ئىچ ئاغرىتىۋاتامدىكىن؟ ئەنۋەر ئۇنىڭ مۇزدەك

قوۋزاقلىرىنى سىلىدى، پېشانىسىنى يېقىپ، قانداقتۇر كۆڭلىگە تەسەللى تاپماقچى بولغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاغزى ئۆمەللىنىپ، نېمىنىدۇر پىچىرلىماقتا، مەست ئادەمدەك بىر نېمىلەرنى دەپ سۆزلىمەكتە. ئۇ ئۆزىگە سۆزلەۋاتامدۇ ياكى سېدىگە سۆزلەۋاتامدۇ، بۇنى بىلىش قىيىن...

## 3 - باب. ئۆتۈلۈپ كەتكەن ئىش

پەرۋانە ئاتەشتىن ھۇزۇر تاپسا گەر،
كۆيسىمۇ ھېچقاچان قىلمايدۇ ھەزەر.

ئەنۋەرنىڭ قاراسايدىكى كۈنلىرى بىر خىل زېرىكىشلىك ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆتمەكتە. گۈلەمبەرنىڭ پىراقى ھە دېسىلا ئۇنى بىئارام قىلماقتا، قەلبىدىكى ھەسرەتنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە. مانا، يازلىق تەتىل تۈگەيدىغانغا ئىككى كۈنلا ۋاقىت قالدى. ئۇ تېخى ھېلىلا دادىسىنىڭ قېشىدىن قەدىردان مەكتىپىگە قايتىپ كەلگەن. يەنە دەرس مۇنبىرىگە چىقىدىغانلىقىنى، ئوماق بالىلارغا بىلىم بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆزىگە ئانچە - مۇنچە تەسەللى ۋە ئاراملىق تاپقاندەك بولدى. ئەمما بۇ ئۇنىڭ بىردەملىك كۆڭۈل ئازادىلىكىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن كۈلگىسى كەلسىمۇ ئۆزىنى ئۆزى قىچىقلاپ كۈلدۈرگەندەكلا بىر ئىش ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ ھېلىغىچە دادىسى بىلەن دەرقەمدە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تويى ئىشى توغرىلىق پاراڭلىشىپ باقمىغان ھەم پاراڭلىشىشنىمۇ خالىمايتتى. ئەمما بۇ قېتىم دادىسى ئۇنىڭدىن گەپ سوراپ كېلىپ، ئەگەر لايىق تاپسىلا دەرھال تويىنى قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە بۇ ئىش پۈتۈنلەي ئۇنىڭ مەيلىچە بولىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ چات كىرىۋالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەنۋەر نېمە دېسۇن؟ ھازىرقىدەك ئەھۋالدا ئۇ دادىسىغا ھە ياكى ياق، دەپ بىر نېمە دېمىدى، پەقەت سۈكۈت ئىچىدە جىملا ئولتۇردى. تەقدىر ئۇنىڭغا بۈگۈنكىدەك كۆڭۈلسىز كۈنلەرنى بەخشەندە قىلىۋاتقان، ئۇنىڭ مۇھەببەت تەشناسىدا تالاي يىللاردىن بېرى چاك - چاك بولغان يۈرىكىگە يەنە تۈگىمەس ئازابلارنى سالغان يەردە ئۇ، نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئەنۋەر ئەنە شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلى بىردىنلا غەشلىككە تولدى. كىچىككىنە ياتىقى ئۇنىڭغا زىنداندەك بىلىندى. مانا، ساقىلىنى ئالمىغىلىمۇ بىرەر ئايچە بولۇپ قاپتۇ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، قوۋزىلىرى بۆرتۈپ چىققان، ئېيتاۋۇر نەچچە يىل كېسەل تارتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ بۇندىن كېيىن قانداق قىلسۇن؟ بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتسۇنمۇ-يا؟ بىراق، ھەممىدىن ۋاز كېچىپ جاھانكەشتە بولۇۋېلىش ئەنۋەردەك غەيرەتلىك، غايىلىك بىر ياش ئۈچۈن يات بىر ئىش.

كەچكە يېقىن ئۇنىڭ ياتىقىغا ساۋۇت كىرىپ كەلدى.

— بەللى، تازا ئۇستۇڭدىن چۈشۈپتىمەن - دە، مۇشۇ كېلىشىمدە سېنى ئۆيۈمگە

تەكلىپ قىلىپلا كەلدىم ئاداش، خالىساڭ هازىرنىڭ ئۆزىدىلا ماڭايلى، ــ ساۋۇت ئالدىرىغاندەك ئەنۋەرنىڭ قولىدىن تارتتى.

ــ قېنى ئولتۇرمامسەن، نېمىگە ئالدىرايسەن؟ ــ ئەنۋەر ئۇنىڭ مۈرىسىدىن بېسىپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى، ــ خۇددى جانىنى ئالدىغان ئىش بولغاندەك.

ــ ئالدىراشچىلىقتا شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى سېنى چاقىرىۋالالمىدىم، بۈگۈن مەن بىلەن ماڭمىساڭ بولمايدۇ، يۇر، باشقىلار ساقلاپ قالمىسۇن.

ئۇلار سىرتقا چىقىشتى. ئەنۋەر ھېلىمۇ روھسىز، قەدەملىرى ئېغىر.

ــ تېز - تېز ماڭساڭچۇ، نېمە خوتۇن كىشىدەك هال تارتىسەن؟ ــ ساۋۇت چاقچاق ئارىلاش دېدى، ــ مىجەزىڭ يوقمۇ - يە؟

ــ ئۆزۈم بىلمەن ئاداش، مېنىڭ هازىر تارتىۋاتقان دەردىمگە هېچ نەرسە كار قىلمايدۇ، ــ ئەنۋەرنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن زەئىپ، غېرىب ۋە بىچارە.

ــ نېمە دەرد ئۇ؟ مەنغۇ دېهقان بولغاندىكىن ساڭا چوڭ ياردەم قىلالمايمەن، شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈڭگە تەسەللى بېرىشكىمۇ بولسا يارايمەن، ماڭا ئېيتىپ باقمامسەن؟ ساقىلىڭمۇ ئۆسۈپ كېتىپتۇ، ئاشقىنىڭ ئۆزىلا بولۇپسەن، قارىسام بۇ يەردىن بەزگەندەكلا كۆرۈنىسەن، كەلگىنىڭگە پۇشايمان قىلغان ئوخشىمامسەن؟

ــ ياقەي، باشقا بىر ئىش.

ــ بىرەر گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويۇپسەن - دە؟

ــ ياق.

ئەنۋەر بەزى گەپلەرنى ساۋۇتقا ئالدىراپ دەۋېتىشنىڭ ئۆزى تەنتەكلىك دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكى ئازابلىرىنى دېيىشنى خالىمىدى. قىسقىسى، ئۇ بەزى خەۋەرلەرنىڭ ئاسانلا ئاخبارات بولۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى ياقتۇرمايتتى. ساۋۇتمۇ ئۇنىڭدىن ئىنچىكىلەپ سورىمىدى. ئۇ كوچىلاپ سوراۋېرىپ ئەنۋەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن ياكى ئۇنى تەڭقىسلىقتا قالدۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى. هەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا مەخپىيىتى بولىدۇ - دە.

ــ مانا مۇشۇ ئۆي بىزنىڭ، ــ ئەتراپى دەرەخزارلىق، هويلىسى كەڭ، تالقالىقى بار ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە ساۋۇت شۇنداق دېدى.

ــ ئادەم كۆپمۇ نېمە؟

ــ ياقەي، بۇرۇن بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلاردىن بىر نەچچەيلەن بار شۇ.

ئەنۋەر هويلىغا كىردى. ئۆي ئىچىگە ياندىشتۇرۇپ بېلىنىغان سۇپىدىكى كىگىز ئۈستىدە بىرقانچە ياش چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ئەنۋەرنى كۆرۈپلا دوررىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى ۋە ئۇنى تۆرگە تەكلىپ قىلىشتى. ئەنۋەر شۇندىلا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. يا زەبىبم، هەر ساقال، ئۆزۈن چاپان، تونۇيالماي قالغىلى تاس قالاركەنمەن. ئەنۋەر ئولتۇرۇۋېتىپ ئەتراپىغا نەزەر سالدى: هويلىنىڭ چېتىدە ياتقۇزۇپ قويۇلغان تېرەك ياغىچىدا 5 - 6 چە ئۇششاق باللار ئولتۇرۇشقان، ئۇلار بۆجەندەك قاراشماقتا، بىر - بىرىنى دىخمىرلاشماقتا، قايسىبىرلىرى

لىرى ئەنۋەرنى تەئەججۇپ ئىچىدە كۆزەتمەكتە.

كۆتۈلمىگەندە ئەنۋەرنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ھاياجانلانىدى، ئەنە، چىرايلىق ياسىنىۋالغان گۈلەمبەر قارلىغاچتەك لەرزان قەدەم بىلەن پەتنۇستا چاي كۆتۈرگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر چىرايى تۇتۇق، غەمكىن، ئەنۋەر شۇ تاپتا ھەممىنى ئۇنتۇپ، گۈلەمبەرگە قاراپ تۇرۇپ قالغىنىنىمۇ سەزمىدى.

— چايغا باق ئاغىنە، — تۇرتۇپ قويدى ئۇنى يېنىدىكى بۇرۇتلۇق يىگىت ھەيران- لىق ئىچىدە. ئەنۋەر شۇندىلا ئېسىگە كېلىپ، ئىتتىك ئىككى قوللاپ چاينى ئالدى. شۇ دەقىقىلەردە بىلىنەر - بىلىنمەس تېگىشىپ قالغان قوللار ئىككى يۈرەك، ئىككى قەلبنى تەڭلا داۋالغۇتۇۋەتتى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ تېنى شۇررىدە قىلىپ قالغاندەك بولدى.

ئۇلار نېرى - بېرى پاراڭلار بىلەن ئۇخشىتىپ قىلىنغان پېتىر مانتىنى يەپ تويۇن- غان چاغدا ئەتراپ ئاللىقاچان قاراڭغۇلۇقتىن تون كىيگەنىدى.

— قىرىشقاندەك بۇ يەردە توكنىڭ يوقلۇقى، يا ئاسماندا ئاي، — غۇدۇڭشىدى ساۋۇت، — ئەمدى جىن چىراغ ياقماقتىن باشقا ئامال يوق - تە. قاپقارا يىلان باغرى ئىس چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان قارا چىراغ ھويلىنى كۆڭۈلگە يورۇتاتتى. ئەمدى ئەتراپتىكى ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماي قالدى. ئاڭغىچە ھېلىقى يىگىتلەردىن ئىككىسىنىڭ قولىدا تەمبۇر بىلەن دۇتار پەيدا بولدى. ئارقىدىنلا داستىخانغا ئىككى تەخسە سەي بىلەن بىر بوتۇلكا «كۆسەن» ئاق ھارىقى ھازىر بولدى. ئەنۋەر زادى ھاراق ئىچىپ باقمىغان. ئەمدى قانداق قىلار؟ ئىچمەيمەن دېگەنگە قويمايدۇ بۇلار، ھەي ... ئاستا ئۆزرە ئېيتىپ چىقىپ كەتسۇنمىكىن؟ ئۇ گۈلەمبەرنىڭ پات - پاتلا يېنىغا كىرىپ قويۇپ بەرگەن چېيىنى قانغىچە ئىچتى، يەنە ئۇنىڭ قولىدىن بىر نەرسە يېيىش نېمىدېگەن راھەت، ئارامبەخش - ھە؟ ھازىر ئەنۋەر بۆلەكچىلا خۇشال، بۈگۈن ئۆيلىنىغان يەردىن گۈلەمبەرنىڭمۇ بۇ يەردە بولۇشى ئۇنىڭغا ئالەمچە شادلىق ئاتا قىلغان. شۇڭا ئۇ كۈلدۇ، يېنىدىكىلەر بىلەن چاق- چاقلىشىپ سۆزلىشىدۇ، ئۆزىنى تولا بەختىيار سېزىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى گۈلەمبەرنى ئاختۇرۇپلا تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىدۇ. شۇ تاپتا گۈلەمبەر نېمە- لەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ ئۇمۇ خۇشالمىكىن؟

گۈلەمبەر بۈگۈن ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

— ئەمدى كېتەيمىكىن، — دېدى گۈلەمبەر ساۋۇتنىڭ ئايالىغا يېلىنغاندەك قىياپەتتە.

— نېمىشقا ئەمدى، كۆڭلىڭىزگە كەلگۈدەك بىرەر ئىش بولدىمۇ - يا؟

— ياقەي، ئانام ئەنسىرەپ قالارمىكىن دەيمەن.

— ۋاي شۇ ئىشمىدى، خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنى بۇ يەرگە ياردەمگە چاقىرتقان ئادەم مەن تۇرغان يەردە ئانىڭىز ھېچ نېمە دەپ قالمايدۇ، مەن ئۆز قولۇم بىلەن سىزنى ئانىڭىزغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. بۇ گەپلەر گۈلەمبەرگە ھاجەت ئەمەس ئىدى. شۇنداق، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى بۇ ھويلىدا ئۇزاقراق تۇرۇشقا تارتىشىدۇ، گەرچە ئەن- ۋەردىن ئۈمىد كۈتمىسىمۇ، كۆڭلىدە ئۇنى قانداقتۇر ئۆزىگە يېقىن ۋە شۇنداقلا ھېرىس- مەنلىك ئىچىدە ئۆزىگە قوللىرىنى سوزۇپ تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ. قىيا باققان، ئۇنىڭغا

ئۇغرىلىقچە قارىغان چېغىدا ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان مۇھەببەتلىك كۆز-لىرىنى ئۇچرىتىدۇ. قانداق شېرىن مىنۇتلار...

— بۈگۈن بۇ يەردە لايىقىدا بولمىسىمۇ ئوبدان ئولتۇردۇق، تۈنجى قەدەھنى سېنىڭ خۇشاللىقىڭ ئۈچۈن كۆتۈرىمەن ئەنۋەر، قېنى، خوشە ئاداش! — ساۋۇت قاتمال قوللىرى بىلەن رومكىنى ئېزىۋېتىدىغاندەك بىر ئەلپازدا كۆپكىدە ئىچىۋەتتى. ئارقىدىنلا رومكىنى تولدۇرۇپ ئەنۋەرگە ئۇزاتتى.

— مەن پەقەتلا ئىچىپ باقمىغان، زورلىمساڭ ئاداش، — ئەنۋەر ئۇنىڭغا يېلىنىش نەزەرى بىلەن قارىدى.

— ھېلىتىن مۇنداق دېگىلى تۇرساڭ قاملاشمايدۇ، قولۇمنى قايتۇرماي بۇنى بىر ئالە! — ساۋۇتنىڭ قاپاقلىرى سېلىندى، بىر خىل بۇيرۇق ئاھاڭىدا رومكىنى ئەنۋەرگە تۇتقۇزۇپ قويدى.

ساز چېلىندى، ناخشا باشلاندى. چىراغمۇ بارغانسېرى كۈچلۈك نۇر تارقاتماقچى بولغاندەك يالقۇنى ئۆزىراپ، ۋاللىداپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئارقا - ئارقىدىن ئىچىلگەن بىرنەچچە قەدەھ مەي ئەنۋەرنىڭ ئىچ - ئىچىنى كۆيدۈرۈپ، كاللىسىنى ئايلاندۇرغاندەك قىلدى. ئۇ بىردەمگە ھەممىنى ئۇنتۇدى. بىر خىيالىي دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، خۇددى گۈلەمبەر ئۇنى قولتۇقلىۋالغاندەك چەكسىز بىر ھۇزۇر ئىچىدە ئۆزىنى بەختىيار ھېس قىلدى، مەستخۇش كۆزلىرى بىلەن گۈلەمبەرنى ئىزلىدى. ئەنە، چولپان كۆز، سۇمبۇل چاچ ئۇنى ئاتايىن ئىزدەتمەكچى بولغاندەك بىر چەتتە قاراپ تۇرىدۇ. سازەندىلەرنىڭ ناخشىسى ئەۋجىگە چىققان، ئەنۋەر تونۇمايدىغان ئۈچ - تۆت ئەر - ئايال ئوتتۇرىدا ئۇسسۇل ئويىنىماقتا. ئەنۋەرمۇ قىزىغانچە سازەندە دوستلىرىغا جور بولۇپ ناخشا توۋلىماقتا. ئۇلارنىڭ ئاۋازى بۇ خىلۋەت جاينىڭ كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزماقچى بولغاندەك ھاۋانى يېرىپ ئۆتۈپ يىراقلارغا ئاڭلانماقتا!

ئاسمىنىڭدا ئاي بولۇپ،
جىمى ئالەمنى تەك كۆرسەم.
پىيالەڭدە چاي بولۇپ،
لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم.

ئەجەپ ناخشىدە - بۇ، لەۋلىرىڭنى كۆيدۈرسەم، — پىچىرلىدى ئەنۋەر، — بايا گۈلەمبەر قۇيۇپ بەرگەن چاي لەۋلىرىمنى كۆيدۈرگىنىدەك مۇنداق بىر ناخشىنىڭ بارلىقىنى ئەجەپ ھېس قىلماپتىمەنا؟ لېكىن - زە، گۈلەمبەرنىڭ ئاسمىنىدىكى ئاي بولالماي قالغىنىم، قاچانمۇ ئۇ ماڭا قۇيۇپ بەرگەن چايلار لەۋلىرىمنى مەڭگۈلۈك كۆيدۈرۈپ تۇرىدىغان چاغلار كېلەر؟

— ئەنۋەر، قوپە ئاداش، بىر ئۇسسۇل ئويناپ بەرگىنە! — ساۋۇت ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى. ئەنۋەر بىر سىلكىنىپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارغا قارىدى: پاھ، گۈلەمبەرمۇ ئاسماندىن چۈشكەن تولۇن ئايدەكلا ئوتتۇرىغا چۈشۈۋاپتىغۇ؟ ئەنۋەرمۇ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ كىچىكىدىن مەشرەپ، ئەل - نەغمە سورۇنلىرىغا بېرىپ، ئۇسسۇلنى

خېلى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينىيدىغان بولۇپ قالغان. ئەـما بـۈگـۈن نېمـە ئۈچۈنـدۈر
پۇتلىرى كالۋالىشىپ قالغاندەك تازا ئوبدان ئوينىيالمايۋاتـىدۇ، بېشىغا قونـدۇرۇۋالـغان
قارا شەپكىسى كۆزىگە چۈشۈۋېلىپ، گۈلەمبەر بىلەن قارىشىپ ئويناشقا توسالغۇ بولۇ-
ۋاتىدۇ. بارا ـ بارا مەيداندا ئىككىسىلا قالدى. ئۇلار ئوينىماقـتا، باشـقىـلار ئۇلارغا زوق
بىلەن قاراشماقتا، ئۇلار شۇنچە لەرزان ئويـنـاشـتىـكى، خۇددى گۈلـلـەر ئارا ئۇچـۇپ
كېتىۋاتقان بىر جۈپ كېپىنەككە ئوخشاش ھەرىكەتلىرى بىر ـ بىرىگە جىپسىلىشىـپ كەتـ
تى. ئەنۋەرنىڭ دەسلەپكى تارتىنىشى تۈگەپ، ئەتراپىدا ھېچكىم يوقتەك، پەقەت ئىككىـ
سىلا باردەك ئەركىن ئوينىماقتا ئىدى ... داۋالغۇغان قەلبلەر، ھاياجان ئىچـىـدە سوقۇ-
ۋاتقان يۈرەكلەر ... ئۇلار ھازىر ئۆزلىرىنى بۇلۇت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقاندەك سېزىشمەكـتە،
تېخىمۇ ئېگىز ئۆرلەۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر سېزىم ئىچىدە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلـ
مەكتە، ئۇچماقتا ...

ھاراقمۇ ئىچىلىپ بولغان. ئەنۋەرنىڭ دوستلىـرى ئىككـىدىن بولـۇشـۇپ ئـۆزئارا
قەلب چۈشەندۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. كاھىلىرى مەستلىكتىن ئۇيقۇغا مۈللاق ئېتىش-
قان. ساۋۇتمۇ بىر تۈۋرۈككە يۆلىنىپ .بېشىنى سالغىنىچە ئولتۇرىدۇ. ئۇ شۇ تاپـتا مۇگ-
دەۋاتامدۇ ياكى خىيال ئىچىدە ئولتۇرامدۇ بۇنىسى نامەلۇم. ئەنۋەرمۇ خېلىلا تەڭشىلىپ
قالغان، گەرچە ئۇ كۆپ ئىچمىگەن بولسىمۇ تۇنجى قېتىم ئىچىشى بولغاچقا، بېشـى پىر-
قىرىماقتا، ھېلىلا يىقىلىپ چۈشۈدىغاندەك پۇتلىرى قايچىلاشماقتا.

ــ توۋا دېسلە، مەن تۇرغان يەردە گۈلەمبەردىن نېمە ئەنسـىرەش، ــ ساۋۇتنىڭ
ئايالى گۈلەمبەرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولغاندا ئەنـۋەر ئۇنـى رەت قىلـدى، ــ
مەن دېگەن ئوغۇل بالـىمەن ـ ھە، گۈلەمبەرنـى سـالامەت ئۆيـىگە يەتكۈزەلمەسمەنمۇ؟!
خۇش ئەمىسە، ئاچا، سىلىگە كۆپ رەھمەت! قىزىق گەپ ـ تە بۇ، ئىككى بالىغا ئانا بولـ
سىلا ئاچىسى بولۇپ قالغىنىنى، ئەمەلىيەتتە سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە ساۋۇتنىڭ ئايالـى ئەنـ
ۋەردىن قاق ئىككى ياش كىچىك. ئەمما ئەنۋەر بۇلارنى ھېسابلاپ ئەلتۇرغىدەك ئەمەس.
ئەتراپ قاپـقاراڭـغۇ، ئەل ياتار ۋاقـتى بولغان، ھەممە ياق شۇنداق جىمجـىـتـە قاۋاپ
ھېرىپ قالغان ئىتلارمۇ ئۇيقۇغا كېتىشكەن. ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئەنۋەر گۈلەمبەرنى
خۇددى كىچىك بالىنى يېتىلىگەندەك ئۇنىڭ پاختـىدەك يۇمشـاق، كىچىككـىـنە قوللىرىـنى
يوغان، كۈچلۈك ئالىقانلىرى ئارىسىغا قىسىپ تۇتۇۋالغان ھالـدا كەلمەكـتە. مۇشۇ قولـ
لارنى تۇتۇش بۈگۈن ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم نېسىپ بولۇۋاتـىدۇ. يەنە كېلـىپ ئۆمـرىـدە
مۇنداق راھەتلىك مېڭىشنىڭ تۇنجى قېتىمى.

ــ ئۆيىڭىز نەدىرەك؟ مەن سـىزنـى ئاپىرىـپ قوياي، ــ دېدى ئەنـۋەر يىقىـلىپ
چۈشۈدىغاندەك ئالدىغا بىر سەنتۈرۈلۈۋېتىپ.

ــ سىز مەست بولۇپ قاپسىز، ئالدى بىلەن سىزنـى ئاپىرىـپ قوياي، مەن ئـۆزۈم
كېتەلەيمەن.

ــ بولمايدۇ گۈلەمبەر، بولمايدۇ، مەن دېگەن ئەركەك، سىـز دېگەن قىز تۇرسىـ
ڭىز، قانداقسىگە شۇنداق قىلغىلى بولسۇن؟

ئەنۋەر شۇنداق دېسىمۇ، پۇتلىرى ئۆز ياتىقى تەرەپكە قاراپ ماڭماقتا. ئۇنىڭ گۈلەمبەرنى تۇتۇۋالغان قوللىرىدىن بىر خىل هارارەتلىك ئېقىم چىقىپ، گۈلەمبەرنىڭ بەدەنلىرىنى ئاللىقاچان زەرەتلەپ بولغان، ئۇ هازىر ئەنۋەرنىڭ قولىدىن ئاجراشقىمۇ قادىر ئەمەس، بەدەنلىرى ئوت بولۇپ كۆيۈشمەكتە.

ئۆز ياتىقى ئالدىغا كەلگەندە ئەنۋەر ماڭغىلى تەمشەلگەن گۈلەمبەرنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى:

— نېمىگە ئالدىرايسىز؟ ئۆتكەندە كىرىمەن دەپ كىرمىدىڭىز، بۈگۈن بولسىمۇ ياتىقىمدا بىردەم ئولتۇرۇپ چىقىڭ. گۈلەمبەر ئارتۇقچە تارتىنىشىپمۇ تۇرمىدى. لېكىن ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئويلاپ، دىلنۇر توغرىلىق ئەنۋەرنىڭ يۈزىگە سالماقچى بولدى - يۇ، تۇرۇپلا بۇ هەقتە گەپ قىلىشنى خالىمىدى. مەن نېمە چېپىلىپ يۈرەتتىم ئۇ ئىشقا؟ بەش مىنۇت ئولتۇرۇپلا قايتىپ چىقمايمەنمۇ. ئەنۋەر لامپۇچكىنى يېقىپ، چىراغنى ياندۇردى ۋە دەلدەڭشىپ بېرىپ كۈرۈشكىدىكى سوغۇق چاينىڭ هەممىسىنى ئىچىۋەتتى، كېيىن گۈلەمبەرگە بۇرۇلدى:

— قېنى ئولتۇرۇڭ، نېمىگە قاراپ تۇرىسىز؟ — ئۇ گۈلەمبەرنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ كارىۋىتى ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇچۇق تۇرغان ئىشىكنى پۇتلىرى بىلەنلا كۆچەپ ئېتىۋەردى، ئىشىك تاقىلىپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇنى سەزگۈدەك هالى يوق. شۇ ئەسنادا گۈلەمبەرنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولاشقاندەك، ئاللىقانداق بىر تۇيغۇ قەلبىنى چۇلغىۋالدى.

— گۈلەمبەر، بىلەمسىز، بىز... بىز دېگەن تارىخىمىز ئۇزۇن يوشۇرۇن كۆيۈشۈۋاتقانلار، سىزگە كارىڭىز يوقلا يۈرىسىز، سىزنى مېنىلا قىيناشقا ياراتقانمۇ؟ ئەجەبا مەن سىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىڭىزگە ئەرزىمەمدىم؟

— ئۇنداق دېمەڭ ئەنۋەر، خۇش بولۇپ كېتەي، ئەمدى مەن قايتمىسام بولمايدۇ.

— نەگە ئالدىرايسىز، سىزنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇممۇ - يا؟ ئەنۋەردىن قاڭسىق هاراق پۇرىقى كەلمەكتە. تىلى كالۋالاشقانچە كۆپ سۆزلىمەكتە، كۆپ سۆزلىگەنچە هاياجانلىنىپ تېخىمۇ مەست بولماقتا. گۈلەمبەر ئەمدى ماڭماق بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشقا قېرىشقاندەك توك ئۆچۈپ قالدى. ئەنۋەرمۇ خۇددى ئۆزىگە بىر قولايلىق شارائىت يارىتىپ بېرىلگەندەك گۈلەمبەرنى چوڭقۇر بىر مۇهەببەت، تەخىرسىز سۆيگۈ ئىچىدە ئۆزىگە تارتتى.

— ئۇنداق قىلماڭ جېنىم ئەنۋەر، سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي، مېنىڭ كېيىنكى بەختىمنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ، — ئەنۋەرنىڭ ئۆزىنى ئاچكۆزلەرچە سۆيۈشىدىن ئۆزىنىڭ بەخت ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتنىڭ سايىسىنى غىل - پال كۆرگەندەك بولغان گۈلەمبەر يېلىنىش ئاهاڭىدا شۇنداق دېدى. ئۇنىڭچە، بولسا بارلىقىنى هەتتا جېنىنىمۇ ئەنۋەرگە تەقدىم قىلىۋەتسە ئارمانى يوق ئىدى. بىراق، ئەنۋەر بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان هاڭ بولغاچقا، ئۇنداق قىلسا كېيىن ئۆزىگىمۇ، ئەنۋەرگىمۇ ياخشى بولمايتتى. ئەل - جامائەت ئالدىدا قايسى يۈزىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدۇ؟ ۋاقتىنچىغۇ هېچ كىشى

بىلمەس، ئەمما ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا دېگەندەك كىشىلەر ھامىنى بىر كۈنى
بىلىپ قالىدۇ، سۆز - چۆچەك قىلىشىدۇ، بۇنىڭدىن كۆرە ئۆلۈم ياخشىراق ... بىراق ئۇ شۇ
تاپتا ئۈستىگە تاغنى ئارتىۋالغاندەك قىمىرلاشقىمۇ، قارشىلىق قىلىشقىمۇ ماجالى يوق،
ھەتتا توۋلاي دېسىمۇ ئاۋازى چىقمايدۇ. پۇت - قوللىرى بوشىشىپ، ئۆزىنى ئەنۋەر-
نىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرماقتىن باشقا چارە يوقتەك جىمىمىدە. ئۇمۇ ئەنۋەر ئۆزىنى ياخشى
كۆرگەندەك ئەنۋەرنى ئەسەبىيلەرچە ياخشى كۆرىدۇ. چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ، مۇشۇ
مىنۇتلاردا ئۇنىڭ يۈرىكى ھالسىزلانغان، پۈتۈن بەدىنى ئوت بولۇپ يانماقتا... ئەن-
ۋەرنىڭ ئۆزىنى — يۈز - كۆزى، چاچلىرى، قوللىرىنى چىدىماي سۆيۈشلىرىدىن مەست
بولغان ... ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا غايەت زور قىزىللىق، ئاشۇ قىزىللىق ئىچىدە ئۇ رەڭگا-
رەڭ گۈللەرنى ئۈزمەكتە، قۇلاق تۈۋىدىن غۇيۇلداپ شامال ئۆتۈۋاتىدۇ، مېڭىسىدىگە
يېقىملىق بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك شادلىق، بەختىيارلىق، ھېسابسىز سۆيۈنۈشنى سەزمەكتە..
ئەنۋەر خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەم تاماقنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتقاندەك
گۈلەمبەرنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلىماقتا، ئۇنىڭ ئىڭراشلىرىمۇ ئەنۋەرنىڭ قۇلىقىغا
كىرىدىغاندەك ئەمەس، پەقەتلا ...

ئەتىسى توخۇ چىللاشقا يېقىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن گۈلەمبەر ئۆزىنىڭ ئەن-
ۋەر بىلەن بىر كارىۋاتتا — بىر يوتقاندا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ
كەتتى. نومۇس ۋە ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولدى، ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق
پۇشايمان، قايغۇرۇش ئالامەتلىرى كۆرۈنمەيتتى. نېمە رەسۋاچىلىق بۇ؟ ئەمدى قانداق
بىر قىزغا ئايلىنىپ قالدىم مەن؟ گۈلەمبەر ئەنۋەرنىڭ ھېلىغىچە ئۆزىنى قامالاپ تۇر-
غان قوللىرىدىن ئاستا بوشاندى. ئەنۋەر ئويغىنىدىغاندەك ئەمەس. مەندىكى قىزلىق ھايا،
ئەخلاق نەگە كەتتى؟! ئۇنى ياخشى كۆرگىنىم، سۆيگىنىم ئۈچۈن بىر كېچە ئۇنىڭ
بىلەن بىرگە بولدۇم، ئەمما بۇندىن كېيىن قانداق قىلىمەن؟ بەلكىم ھاياتىمدا تۇنجى
سۆيگەن ئادىمىمنىڭ ۋىسالىغا يەتكەندىمەن. ئەنۋەر بىلەن ئۆمۈرۋايەت مۇنداق ياتقىلى
بولماس... ئەپسۇس، مېنىڭ خاتىرجەم كۈنلىرىم ئەمدى ئاخىرلاشتى. مەن ئەنۋەرنىڭ بۇ
ئىشلىرى ئۈچۈن ئاغرىنمايمەن، ئەكسىچە ئۇنىڭدىن ئىنتايىن رازى، ھەر ھالدا باشقى-
لار (دىلنۇرغا ئوخشاشلار) ئۇنىڭغا ئېرىشىشتىن ئىلگىرى مەن ئۇنىڭغا ئېرىشتىم. ئىككىمىز
ئوتتۇرىسىدا بۇندىن كېيىن قىلچە ئالاقە بولمايدۇ، مەنمۇ ئىككىنچىلەپ ئۇنىڭ يۈزىگە
قارىمايمەن. بۇ ھەم شېرىن، ھەم ئازابلىق، ھەم ئۇلۇغ ھەم رەزىل كېچىنى پۈتۈنلەي
ئۇنتۇپ كېتىشىم كېرەك، — گۈلەمبەر پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان ئەنۋەرگە سۆيۈش، نەپ-
رەت ۋە خىجالەتچىلىك ئىچىدە قاراپ شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەچ ئالدىراپ كىيىندى.

— خوش ئەنۋەر، — پىچىرلىدى ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، —
بەختلىك بولۇڭ، مەن ئەمدى بۇ ئىپلاس بەدىنىمنى نېمە بىلەن قاچانلىققا پاكىزلەيمەنكى-
تاڭ، بالدۇر ئويغىنىپ كەتكىنىم ئۈچۈن خۇداغا شۈكرى... ئاشۇ دەقىقىلەردە ئىشىكنىڭ
تۇتقۇچىنى تۇتۇپ ئېچىشىمۇ گۈلەمبەرگە ئېغىر تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ئايالى بولۇپ قالغان
بولسا - ھە؟ بىر - بىرىنىڭ تىنىقلىرىنى پۇراپ خاتىرجەم ئۇخلىغان، ھازىرقىدەك دەككە-

دۆككە، ئىزتىراپلىق ئىچىدە چىقىپ كەتمىگەن بولاتتى. ئانىسى نېمە دەرىكىن تېخى؟ ئەدى يالغان گەپ قىلىپ ئۇنى ئالدىماقتىن باشقا چارە يوق ـ تە. بۇنىڭغۇ بىر ئامال قىلىپ تۈگىتىۋەتكىلى بولىدۇ، ئەمما ...

ئەنۋەر بىر چاغلاردا كۆزىنى ئاچتى. ئۇنىڭ چېكىسى ھېلىلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىماقتا. بېشى شۇنداق ئېغىر، ئاغزى ـ بۇرنىدىن تونۇگۈن ئىچكەن ھاراقنىڭ بۇسى بۇخسىماقتا. ئۇ نېمىدۇر ئېسىگە كەچكەندەك ئىختىيارسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. تونۇگۈن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يىراق بىر يەردە غۇۋالىق ئىچىدە ئۆتكەندەك بولدى: ئەنە ئۇ گۈلەمبەرنى ياتىقىغا ئەكىردى، بىر چاغلاردا گۈلەمبەر يىغلىغاندەك بولۇۋىدى، كېيىن ... كېيىن قانداق قىلىپ ... ئۇ ھازىر نەدە؟

ئەنۋەر خىيال بىلەن يوتقىنىنى قايرىپ يېنىغا قارىدى، ئاپئاق كۆرپە ئۈستىگە قاراپ قېتىپ قالدى. ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ئىش؟! مانا مەستلىك ـ نەستىلىك دېگەن شۇ بولدىمۇ ئاخىر؟ ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرىگە قىزىللىق تىقىلدى، پۈتۈن ئەزايى سوغۇقتا قالغان ئادەمدەك جالاقلاپ تىترىدى. ئىككى قولىنى پۇتلىرىغا تىرەپ، بېشىنى ساڭگىلاتقانچە خۇددى چاچلىرىنى يۇلۇپ تاشلايدىغان ئەلپەزدا مەھكەم قاماللىدى. شۇ تاپتا ئۇ جاھاندىكى ھەممە غەم ـ قايغۇنى، ئازاب ۋە ھەسرەتنى بىر ئۆزىلا يىغىۋالغاندەك ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرغۈپ چىقىۋاتقان كۈچلۈك ئازابنى بېسىۋالالمىدى. لەۋلىرىنى شۇنداق قاتتىق چىشلىدىكى، سىرغىپ چۈشكەن قىپقىزىل قانلار ئاپئاق يوتقان كىرلىكى ئۈستىدە بۇلۇتلارغا ئوخشاش بىر شەكىلنى ھاسىل قىلدى. لېكىن ئۇ بۇنى ھازىر سەزمەيدۇ، كۆزلىرى مەھكەم يۇمۇلغان، خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەملەردەك بىر نېمىلەرنى دېمەكتە، بېشىنى ئىككى تەرىپىگە توختاۋسىز ئىرغىتماقتا:

خۇدا، ئەي ھەممىگە قادىر خۇدا، ئەگەر گۇناھكار بەندىلىرىڭنى جازالايدىغان ئىشىڭ بولسا، مانا مېنى جازالا، دەرگاھىڭغا ئېلىپ كەت! ئەسلىدە سەن مېنى ئادەم دەپ ياراتقان ئىدىڭ، ئەمما مەن ئادەم تۇگۇل ئەقىللىيسى ھايۋانچىلىكمۇ بولالمىدىم، ئۆزۈم سۆيگەن چىرايلىق بىر گۈلنى دەسسەپ چەيلىدىم، خارلىدىم، ئۇنى نابۇت قىلىۋەتتىم، ئاشۇ ھاراقنىڭ كاساپىتى بىلەن يىگىتلىك ھېسسىياتىمنى بېسىۋالماي رەزىل، بەكمۇ ئىپلاس بىر ئىشنى قىلىپ سالدىم، نەپسىم ئەقلىمدىن غالىب كېلىپ ھەممىنى ـ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت، پاك مۇھەببەت دېگەنلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھېچكىم قىلمىغان ئىشنى قىلىپ سالدىم... ئاھ، گۈلەمبەر! ئېچىلىش ئالدىدىكى غۇنچە، مەن سېنى دەپسەندە قىلغان بولدۇممۇ ئاخىر... سەن تونۇگۈن نېمىشقا مېنى ئۇرۇپ ـ تىللىمىدىڭ؟ قارشىلىق قىلمىدىڭ؟ مەن قانداق ئەنۋەر ئىدىم ـ ھە؟ سېنىڭ مېنىڭ يېنىمدىن قاچانلاردا كېتىپ قالغىنىڭنى بىلمەيمەن، بىراق شۇنىسى ئېنىقكى، ئىش ئاللىقاچان ئۆتۈلۈپ كېتىپتۇ ... مەن ئۆمرۈمدە قىياس قىلىپمۇ باقمىغان ھەتتا ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىش تونۇگۈن كېچە يۈز بېرىپتۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىڭدا گۇناھكارمەن ... مەن ئەزەلدىن مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە قىزلارنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىغان، ھەتتا سەندىن باشقا ھەر قانداق بىر قىزغا تىكىلىپ قارىغان بەندە ئەمەستىم.

ھېسابسىز ياخشى كۆرۈش، تەلۋىلەرچە سۆيۈش ماڭا شۇنداق ساراڭلارچە ئىش قىلدۇ-
رۇپ قويغان بولسا، ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ سەن مېنىڭ قەلب ئابىدەمگە ئويۇلغان
مەبۇد، مۇھەببەت بېغىمدىكى يېگانە گۈل، ھەر قانداق بىر قىزنى ئېلىپ قويغان تىدر-
نىقىڭغىمۇ تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان پەرىشتە ئىدىڭ، ھېلىھەممۇ شۇنداق، بۇندىن كې-
يىنمۇ، ئۆمۈر بويى شۇنداق. ئەمما مېنىڭ سېنىڭ قەلبىڭدىكى ئوبرازىم، سەندە قال-
دۇرغان تەسىرىم نۆلگە تەڭ بولدى. خۇددى ئوتتۇز كۈن روزا تۇتۇپ، بىر كۈن نە-
جاسەت بىلەن ئېغىزلانغاندەك بىر ئىش بولدى.

ئەنۋەر ئۆزىنىڭ شۇ تەرىقىدە قانچىلىك ئولتۇرغىنىنى سەزمىدى. پەقەت بىر چاغلاردا
دېرىزىدىن چۈشكەن كۈچلۈك نۇر دەستىسىنىڭ قىزىتىشى بىلەن ئاندىن ئېسىگە كەلدى.
سائەت دەل ئون بولغان، دېمەك ئۇ تۆت سائەت مۇشۇنداق ئولتۇرغان، بەللىرىنىڭ
ئاغرىۋاتقانلىقىنى، لەۋلىرىدىن قان چىققانلىقىنى شۇ چاغدىلا سەزدى. «ئۆزۈڭنى يوقى-
تىپ قويما ئەنۋەر، يەنىلا ئەقىل بىلەن بىر ئىش قىلغىنىڭ تۈزۈك ...» ئەنۋەرنىڭ
كۆز ئالدىدا مۇلايىم، مېھرى ئىسسىق ساۋۇت كەلدى. ئۇ ئالىمادىس بىر ۋەقەنىڭ چە-
قىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، بۇ ئىشقا ئۆزىمۇ سەۋەبلىكتەك بىر يەرلەردە ئۇنىڭغا تەسەل-
لى بېرىۋاتىدۇ، ئۇنى سەۋر - تاقەتلىك، ئۈمىدلىك بولۇشقا ئۈندەۋاتىدۇ...

ئەنۋەر ناھايىتىمۇ روھسىز ھالدا ئورنىدىن تۇردى. پۈتۈن بەدىنى ماغدۇرسىزلان-
غان، مېڭىسى لوقۇلداپ ئاغرىماقتا. ئۇ زادى كىم؟ ئاشۇ مەنما، يا خۇدا، بىر كېچى-
دىلا نېمانچە چوڭ ئۆزگىرىش بۇ؟ بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئورۇق كۆرۈنىدىغان سوزۇنچاق،
ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن ئورا كۆزلەر ... مەن مۇشۇنداق ھالغا كېلىپ قالدىمما؟ ھەي،
ماڭا قاراپ تۇرغان ئەنۋەرمۇ سەن، ھۇ نومۇسسىز بەدبەخت! — ئەينەككە قارىۋېتىپ
ئەنۋەر ئۆز ئەكسىگە شۇنداق دېدى. بايىلا چىشلەپ قانىتىۋەتكەن جايىدا قان ئۇيۇپ
قالغان، چاچلىرى مېتىس قوينىڭ تۈكىدەك سالۋىرىغان، ئەنۋەرنىڭ ئۆزى ئۆزىگە
ئالۋاستىدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئەينەككە قاراۋېتىپ، كۆزى ئاستىغىلا چۈشۈپ چاپ-
لىشىپ قالغان كىرپىكنى كۆردى - دە، ئاۋايلاپ ئالماقچى بولدى. ئەمما شۇئانلا يىتى-
تۈرۈپ قويدى. ھەي ساراڭ كىرپىك، — دېدى ئۇ قارغاپ، — بىردەمدىلا غايىب بولۇپ
كەتتىڭا؟ ئەنۋەر توساتتىن گۈلەمبەرنىڭ كىرپىكى سېلىنغان ھېلىقى قۇتىنى ئېسىگە
ئالدى. ھەي كاساپەت، تۈنۈگۈن ئاشۇ قۇتىنى نېمىشقا گۈلەمبەرگە كۆرسەتمىدىمكىنە؟
ھېچ بولمىسا ئۇ مېنىڭ قانچىلىك ئەقىدە قىلغانلىقىمنى بىلىپ قالاتتى. ئەنۋەر تىتى-
رەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن نەپىس قۇتىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئاچتى، ئىچىدە ئادەتتىكى
كىرپىكتىن ئۇزۇن، قاپقارا كىرپىك ئەنۋەرگە كويا لەنەت ئوقۇۋاتقاندەك، ئۇنى
مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئەنۋەرنىڭ كۆڭلى غەشلىك ئىچىدە داۋال-
غۇدى ... مەن گۈلەمبەرنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىغا پۈتۈنلەي مەسئۇل بولۇشۇم، ئۆزۈم
قىلغان ئىشقا ئۆزۈم جاۋاب قىلىشىم كېرەك، — ئويلىدى ئەنۋەر، — ئۇنى قايىل قىلىپ،
ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىمەن، مېنىڭ ئۇنى بەختلىك
قىلىش ھەققىم، ۋىجدانىي قەرزىم بار، مەيلى باشقىلار نېمە دېمىسۇن، ئۇنىڭ بىلەن پات

ئارىدا توي قىلىمەن، ئۇ ماڭا بارلىقىنى ئاتىغان يەردە مەن قانداق قىلىشىمنى ياخشى بىلىمەن، پەقەت ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ، ئۇنى بەختلىك قىلسامىلا، گۇلەمبەر ئالدىدىمۇ، ۋىجدانىم ئالدىدىمۇ يەرگە قاراپ قالمايمەن، چوقۇم شۇنداق قىلىشىم كېرەك، بولمىسا ھەر ئىككىمىز ئوخشاشلا بەختسىز بولۇپ قالىمىز. مېنىڭ ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگىنىمنى بىلمەسمۇ، ئەھۋال ئايدىڭلاشقان، كىرپىكنىڭ سىرى ئېچىلغان ھامان ئۇ مېنى كەچۈرىدۇ، ھەقىقىي چۈشىنىدۇ، شۇندىلا مەن ئارزۇيۇم، ئىرادەم، ئىنسانىي خىسلىتىمگە مۇخالىپ كېلىدىغان ئىش قىلغان بولمايمەن، گۇناھلىرىم يۇيۇلۇپ، ۋىجدانىي ئازابتىن قۇتۇلىمەن ... جېنىم گۇلەمبەر، ئەمدى مەن سىزنىڭ چۈشىنىشىڭىزگە، مېنى كەچۈرۈشىڭىزگە مۇھتاجمەن، مېنى كەچۈرەمسىز؟

ئەنۋەر شۇ تاپتا ئۆزىنى يوقىتىپ قويايلا دېگەنىدى. ئۇ نېمە قىلمىسۇن ھامان ئاشۇ ئىشلار يادىغا كېلىۋېلىپ، خۇددى مېڭىسىگە بىر توپ ھەرە كىرىۋالغاندەك ئۇنى بىئارام قىلماقتا. ھەر قېتىم چوڭقۇر ئۇھ تارتقاندا دېڭىز سۈيىدەك بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغان كۆكرىكى ئىچىدىكى يۈرىكى ئەمدى ھېرىپ قالغاندەك جانسىز سوقماقتا، بۈگۈن ئۇنىڭغا ئىش خۇش ياقمىغاندەك ئەمەس، خىزمەتتىنى ئويلىغىسىمۇ كەلمەيدۇ. ئۇ يۈزىنىمۇ يۇماي ئۇدۇل قۇم بارخانلىرى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ھېلىلا نېمىنى ئويلىدى، نېمىشقا قۇملۇق تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ، بۇ ئۇنىڭغا نامەلۇم. ئىشقىلىپ ئۇ ياتاقتا تۇرۇپ دېمى سىقىلغاندەك، ياتاقتىكى ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك ھېس قىلغىنى ئۈچۈنلا مۇشۇ تەرەپكە قاراپ يول ئالغانلىقىنى بىلىدۇ... يول ئۇنىڭغا چۆلدەرەپ قالغاندەك، ھەممە نەرسە ھەتتا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا ھومىيىپ قاراۋاتقاندەك، ئاپئاق يۇمشاق قۇم، قىزىل چېچەكلىگەن يۇلغۇن دەرەخلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە مەلھەم بولغاندەك بىرئاز يەڭگىللىك ھېس قىلدى. ئەنۋەر ھازىر كۈنگەي تەرەپتىكى بىر بۆلۈك يۇلغۇن تۈۋىدە قۇمغا قارىغىنىچە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى ھازىر تولىمۇ پاراكەندە، خۇددى پۈتى ئاستىدىكى ئۇششاق قۇملارغا ئوخشاش چېچىلاڭغۇ، پۈتلىرى قۇمغا ھۇشۇقىغىچە چۆككەن، يۇلغۇنلار ئارىسىدا ئالىلقانداق ئۇششاق جانىۋارلار شىرىقلاپ ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرۈشمەكتە. ئەنۋەرنىڭ مېڭىسى ھازىر قۇپقۇرۇق، ھارغىنلىق، ئاچلىق ئازابىنىمۇ سەزمەيدۇ.

ئەنۋەر تا كۈن ئولتۇرغاندىلا ئاندىن ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ قۇملۇقتىن چىقتى. ئۇ پۈتۈن بىر كۈن نە بىر چىشلەم نان، نە بىر يۇتۇم سۇنى ئاغزىغا ئالمىغانىدى.

## 4 - باب. ئازابلانغان يۈرەكلەر

تارغاققا نەزەر سال، يارنىڭ چېچىغا
يەتكۈچە يۈز بۆلەك باغرى كېسىلگەن.
ئۆمەر ھەييام.

ئالتۇن كۈز، قاراسايلىقلارنىڭ شادلىققا چۆمۈلىدىغان ئەلۋەكچىلىك پەسلى، ھەممە ياق خۇشاللىققا چۆمگەن، دېھقانلار يۈز ئەمگىكىنىڭ ھالال مېۋىسىنى قولغا كەلتۈردى.

شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنى بەختىيار سېزىشىدۇ، مول - ھوسۇل خۇشاللىقىدىن قەلبى شاد-
لىنىدۇ... پەقەت تۆتلا ئادەم بۇ خۇشاللىق تەنتەنىسىگە ئورتاق ئەمەس. ئۇلار ئەنۋەر،
گۈلەمبەر، دىلنۇر ۋە تالىپ. ئۇلار ئازابلىنىدۇ، ئازابلىرى بىر - بىرىگە باغلىنىپ كەت-
كەن، مۇرەككەپ روھىي دۇنياسىدا بولۇۋاتقان غەلىتە مۇھەببەت بېسىمىغا بەرداشلىق
بېرىشكە قادىر ئەمەس. تەقدىرنىڭ ئاجايىپ سېھرىي - قۇدرىتى ئۇلارغا مۇشۇنداق قاملاش-
مىغان چاقچاق قىلىۋاتامدۇ ياكى بىر - بىرىنى چۈشىنىپ بولالماي ئەنە شۇنداق مۇ-
ھەببەت چۆلىدە ياياغ دىۋانىنىڭ نان تىلەپ ماڭغىنىدەك تەمتىرىشىپ يۈرەمدۇ، ھازىر-
چە بىر نېمە دېيىش تەس. بۇ خۇددى سۈزۈك ئاسماندا بىردىنلا قارا بۇلۇت پەيدا
بولۇپ، چاقماق چېقىلىپ يامغۇر يېغىشنى ھېچكىممۇ ئالدىن پەرەز قىلالمىغاندەك بىر
ئىش...

ئەنۋەر بۈگۈن دەرستىن چۈشۈپلا گۈلەمبەر بىلەن تەپسىلىي سۆزلىشىش ئۈچۈن
ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ھېلىقى ئىشلار بولۇپ ئۇ بىرەر ھەپتىگىچە
ۋاقىتنى خامۇشلۇق ئىچىدە ئۆتكۈزدى. گۈلەمبەرنى ئىزدەشكىمۇ جۈرئەت قىلالماي
يۈردى. ئاخىرى ئۇ بۈگۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، گۈلەمبەرگە توي قىلىش تەلىپى-
نى قويماقچى بولدى. ئەمدى شۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. ئەنۋەر گۈلەمبەرنىڭ ئۆيى-
گە يېقىنلاشقانچە خۇددى جىنايەتچى ساقچى ئىدارىسىگە كېتىۋاتقاندەك پۈتۈن بەدىنى
شۈركەندى. قانداق قىلسام بولار؟ ئۆيىگە كىرەيمۇ - يا؟ ئۇنداقتا... ئۇ شۇ خىياللار
بىلەن ئىككىلىنىپ، ئېزىپ قالغان ئادەمدەك ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇرغاندا تەلىيىگە
گۈلەمبەر بىلەن سائادەت لۆممىدە چىقىپ كەلدى.

— سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى گۈلەمبەر، — دېدى ئەنۋەر ناھايىتى زەئىپ
ئاۋازدا ئۇلار يېقىنلاپ كەلگەندە.

— نېمە گەپ ئىدى؟! — گۈلەمبەر بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن توڭلۇق بىلەن سورى-
دى. ئەنۋەر سائادەتكە قارىدى.

— مەن ئۆيگە بېرىپ تۇراي، ئارقامدىن بار - ھە؟ — سائادەت ئۇلارغا مەنىلىك
قاراپ قويۇپ، شوخ كىيىكتەك يۈرۈپ كەتتى.

— تېز دەڭ گېپىڭىزنى، مەن ماڭىمەن! — گۈلەمبەر بۇرۇنقى مىجەزىگە ھېچ
ئوخشىمايدىغان بىر خىل تەرسا ئاۋاز بىلەن دېدى. ئەنۋەرنىڭ يۈرىكى ئۇنىڭ قوپال
مۇئامىلىسىدىن ۋايجانلاپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ دېدى.

— ئىككىمىز... ئىككىمىز، توي قىلايلى گۈلەمبەر! — ئەنۋەر قاتتىق ھاياجانلانغانى-
دى. گۈلەمبەرنىڭ تېنى ياپراق كەبى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترىدى. لېكىن ئۇ قەت-
ئىي بىر نىيەتكە كەلگەندەك قىلاتتى.

— نېمە تويكەن ئۇ؟ بىرى سىز بىلەن توي قىلىمەن دەپ ئالدىڭىزغا بېرىپتىكەنمۇ؟

— ئۇنداق قىلماڭ گۈلەمبەر، مېنى ئاياڭ.

— يولۇمنى توسۇماي بىر تەرەپتە تۇرۇڭ، مەن كېتىمەن؟

— گېپىمگە جاۋاب بېرىڭ گۈلەمبەر، مەن...

— مېنىڭ لايىقىم بار، ئەمدى بىلگەنسىز؟!

— نېمە، لايىقىم بار؟ — ئەنۋەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇنداق ئازابلاندىكى، پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ، ئاغزىنى ئۆمەللىگىنىچە ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان گۈلەمبەرنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئەنۋەر ئۈچۈن دەھشەتلىك ۋە ئەڭ ئېغىر ئازابلىق تۇيۇلىدىغان بۇ سۆزلەردىن ئۇنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى، ئىككى چېكىسى زىڭىلدىدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولدى، مەست ئادەمدەك قەدەملىرىنى ئېغىر ئېلىپ ياتىقىغا قاراپ ماڭدى. بۇ نېمە ئازاب ئەمدى، — ئويلىدى ئەنۋەر كېتىۋېتىپ، — ئۇنىڭدىن مۇشۇ سۆزلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن كەلگەندىمەنمۇ؟ ئۇ ماڭا بۇنداق دېگۈچە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتسە بولماسمىدى؟ ئاھ خۇدا!... مەن نېمانچە شور پېشانە، قەلب تۆرىمدىكى ئاشۇ ياۋا ئەتىر گۈلۈمنى ئۆزگىلەر ئۈزۈپ كەتسە - ھە؟

... ئەنۋەر ياتىقىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچمەكتە. بۇنداق يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشى گۈلەمبەرنىڭ ھېلىلا «ئەمدى مېنى ئىزدىمەڭ، لايىقىم بار» دېگەن گەپلىرىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى ھاياجاندىنمۇ، ئۆزىمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيدۇ. ھېچ بولمىسا ھاراق ئىچىش ئەركەكلەرنىڭ ئىشى بولغىنى ئۈچۈنلا ئىچىۋاتىدىغاندۇ. ئۇنىڭ ھېلىلا نەپسى قىسىلىپ جېنى چىقىپ كېتىدىغاندەك، يۈرىكى تېز - تېز سوقماقتا. كاللىسىدا ھەر خىل ئويلار كەزمەكتە. گۈلەمبەرنىڭ راستىنلا لايىقى بارمۇ؟ خەپ، بۇ دۇنياغا كەلگىنىمگە ئەمدى پۇشايمان قىلىۋاتىمەنغۇ، زادى ئاشۇ گۈلەمبەر بىلەن نېمىشقا بىر سىنىپتا ئوقۇپ قالغان بولغىيتتىم دەيمەن، تەقدىر كېيىنكى كۈنلەردە ئاتايىن مېنى مۇشۇنداق قىيناش ئۈچۈن ھايات مۇساپەمگە گۈلەمبەرنى ئىمتىھان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانمىدۇ؟ توۋا، مەن راستىنلا بەك ئەخمەقكەنمەن، بۇرۇن جۈپ - جۈپ بولۇپ يۈرۈشكەن قىز - يىگىتلەرگە ئىچىمدە كۈلۈپتىكەنمەن، قىزلار ئۈچۈن ئاھ ئۇرغان يىگىتلەرگە ئېچىنىپتىكەنمەن، ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ دەردىدە ھاراق ئىچكەن، يىغلىغان يىگىتلەرگە قاراپ، تۇرمۇشنى، ياشاشنى، ھاياتتىن ھەقىقىي گۈزەل نەرسىلەرنى يۇلۇپ ئېلىشنى بىلمىگەنلىك دەپتىكەنمەن، ئەمدى ماڭا كىم كۈلمىسۇن، كىم مېنى مەسخىرە قىلمىسۇن؟ گۈلەمبەر، سىز ئەمدى مېنى قىيناۋەرمەڭ، بولمىسا مەن توڭگىشىپ كېتىمەن، سىزنىڭ باشقا بىر يات ئادەم بىلەن بىر تەكىيىگە باش قويغىنىڭىزنى كۆرگىنىمدىن ئۇ دۇنياغا كېتىۋالغىنىم مىڭ ئەۋزەل. مەن سىزدىن ئايرىلىپ ۋىجدانىي ئازاب ئىچىدە ياشاشنى، بىر قىزنى بەختسىز قىلىش ھېسابىغا ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا ياشاشنى خالىمايمەن. شۇ تاپتا بۇ ئالەم ماڭا بىر قاراڭغۇ جاڭگال بولۇپ تۇيۇلۇۋاتىدۇ، مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش يولۇمنى يورۇتمىسىڭىز، مەن سىزگە ئەمەس، سىز ماڭا ئۇۋال قىلغان بولىسىز. بۇرۇن مەن سىزنى سەبىيلىك، بىغۇبارلىق مۇجەسسەملەشكەن باللارچە يۈرىكىمدە ياخشى كۆرگەن بولسام، ھازىر سىزنى چىن ئىنسانىي يۈرىكىم، پاك قەلبىم، سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزگە ئەبەدىل نائىل بولۇشنى خالايدىغان ساپ جىسمىم بىلەن ياخشى كۆرىمەن. سىز مېنىڭ، سىز ماڭىلا تەئەللۇق، سىزنى ھەر قانداق

بىر كۆچىنىڭ تارتىپ كېتىشى ھەددى ئەمەس!

تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى. ئەنۋەرنىڭ خىيالى ئۈزۈلۈپ قالدى. يەكشەنبە كۈنىدە ئىزدەپ كەلگەن كىمدۇ - بۇ؟

—كىرىڭ! — ئەنۋەر جايىدا ئولتۇرۇپ ۋارقىرىدى.

— ۋاي - ۋۇي، ئۆزىڭىزنى - ئۆزىڭىز مېھمان قىلىۋېتىپسىز - دە، — يەنە شۇ دىلنۇر، ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان چىرايلىق قىز. ئۇ بۈگۈن چىرايلىق ياسىنىۋالغان بولۇپ، بېشىغا بىر تال قىزىلگۈل قىستۇرىۋالغانىدى، — سىز ھاراق ئىچمەيتتىڭىز، بۈگۈن ئەجەپ ئۆزىڭىز يالغۇز ئولتۇرۇپ ئىچىپ قاپسىزغۇ؟

— قېنى ئولتۇرۇڭ، سىزگىمۇ بىرەر رومكا قويۇپ بېرەيمۇ - يا؟ — چاقچاق قىلدى ئەنۋەر.

— ئۇنداق بولسا ياخشىغۇ، سىز ھاراق ئەمەس، زەھەر قۇيۇپ بەرسىڭىزمۇ ئىچىۋېتىمەن.

— راستما؟

— ئەلۋەتتە، ئىشەنمەمسىز؟ — دىلنۇر ئوتلۇق كۆزلىرىنى ئەنۋەرگە تىكتى. ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر خىل قەتئىيلىك، بىچارىلىك نۇرلىرى چاقنايتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئوبدان قىز، مەكتەپتىكى ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدى، — خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئەنۋەر، — ئەمما - زە، ياخشى كۆرۈش دېگەن ئاجايىپ نەرسىدە، ئەگەر بىر ئادەم ھەرۋايىمتنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇنىڭدىن قىممىتى نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالتۇنغا كۆز قىرىنى سالمايدۇ، غەلىتىلا بىر ئىشتە...

— جىمپىلا كەتتىڭىزغۇ، ھارىقىڭىزنى قىيىمامسىز؟ — قوڭغۇراقتەك ئاۋاز، ئۇنىڭدا يەنە قانداقتۇر باللارچە ئەركىلەش، يېقىملىق ناز.

— راستتىنلا ئىچەمسىز؟

— بايا دېدىمغۇ، سىز زەھەر قۇيۇپ بەرسىڭىزمۇ يۇتۇمەن دەپ.

— ئۇقداقتا ئىچىپ ئۆگەنگەنسىز - دە.

— شۇنداق ئويلىدىڭىزما؟

— ياقەي، سىزغۇ ئۇنداقتەك قىلمايسىز.

— قانداق ئويلىغان بولسىڭىز شۇ...

ئەنۋەر باشقا گەپ قىلمايلا بىر رومكا ھاراقنى گۈپپىدە ئىچىۋېتىپ چاي ئىچىش ئۈچۈن كورۇشكىغا قول ئۇزارتقاندىلا دىلنۇرغا چاي قۇيۇپ بەرگەنلىكىنى ھېس قىلدى. گۈلەمبەرنىڭ ھېلىقى بىر ئېغىز سۆزى نېرۋىسىغا قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، ھېلىغىچە شۇ سۆزلەر مېڭىسىدە جاراڭلىماقتا. شۇڭا ئۇنىڭ بەزى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قېلىشىنى ئەجەبلىنەرلىك دېگىلى بولمايتتى.

— قارىمامسىز، سىزگە چاي قۇيۇپ بېرەي دېسەم ئارتۇق قاچىمۇ يوق - كەن، ئالدىراشچىلىقتا ... ھەي، بولمىسا مۇنۇ چاينى تۆكۈۋېتىپلا...

— ئاۋارە بولماڭ، — دىلنۇر پاختىدەك يۇمشاق، ئوتتەك قىززىق قوللىرى بىلەن

ئەنۋەرنىڭ كۆرۈشكىنى تۇتۇپ تۇرغان قوپال قوللىرى ئۈستىدىن تۇتتى، — مۇشۇ بىردىلا ئىچىۋېرەيلى! ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەنۋەرگە تىكىلگەن، خۇددى جېنىم ئەنۋەر، مېنى نېمانچە چۈشەنمەيسىز، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېۋاتقاندەك ئوتلۇق بېقىش ئىچىدە ئازابلىق نىدا قىلماقتا. بىراق ئەنۋەرنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلالىغۇدەك ماجالى يوق. ئاۋادا ئۇ دىلنۇرنى ياخشى كۆرگەن تەقدىردىمۇ ھازىرقى ۋاقىتتا ئۇنداق قىلالمايدۇ... ئەنۋەر كۆرۈشكىنى قويۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ھارىقىڭىزدىن ماڭا بەرمەمسىز؟ — يېلىنغاندەك ئاۋاز، ياش ئەگىگەن بىر جۈپ كۆز.

— كەچۈرىسىز، مەن قىزلارغا ھاراق قۇيۇپ باقماپتىكەنمەن.

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈم قۇيۇپ ئىچەي.

— ئىختىيارىڭىز.

پەرۋاسىز ئولتۇرغان ئەنۋەر دىلنۇرنىڭ راستىنلا ھاراق قۇيۇپ ئىچمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىلىپ بارغىنىچە ئۇنىڭ قولىدىكى ھاراققا ئېسىلدى. شۇ ئەسنادا دىلنۇر ياشقا تولغان كۆزلىرىنى ئەنۋەرگە تىككىنىچە ئۆزىنى زادىلا توختىتىپ قالالمىدى:

— سىز قانداق ئوغۇل بالا؟ نېمانچە تاش يۈرەك؟ سۆيگۈ شارابىنى ئەسلى بەرمىسىڭىز، سىز ئىچكەن رومكىدا مەنمۇ ھاراق ئىچىپ باقاي دېسەم ئەسلى ئۇنىمىڭىز، مېنى مۇشۇنداقمۇ قىينامسىز؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىرىغاندەك چىقتى، — سىز مېنى پەقەتلا چۈشەنمەيسىز، بىلمەسىز ئەنۋەر، ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە نومۇس پەردىسىنى يىرتىپ تاشلاپ ھەممىنى دەۋېتەي: مەن بۇرۇنلا سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، سىزنىمۇ مېنى قوغلىشىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما سىز قېتىڭىزغا ئالماي يۈردىڭىز، ھەتتا چاقچاق قىلسام، ياتقىڭىزغا كىرسەممۇ خۇش ياقمىغان ھالەتتە تۇردىڭىز، سىز ھازىر مېنىڭ تالاي كېچىلەرنى كىرپىك قاقماي سىزنى ئويلاش بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىمنى پەرەز قىلالامسىز؟! ھەرگىز ئويلاپ يېتەلمەيسىز، بىز قىزلارنىڭ ئەڭ ئاجىز بىر يېرىمىز ياخشى كۆرگەن ئادىمىمىزگە كۆڭلىمىزنى ئاشكارىلىيالماسلىق، بۇ بىزگە ئەڭ ئېغىر تۇيۇلىدۇ. ئامال قانچە، خۇدا بىزنى شۇنداق ئاجىز ياراتقان... مەن بۈگۈن سىزنىڭ ياتىقىڭىزغا بوينۇمنى باغلىغاندەكلا كىردىم. نېمىشقا؟ بەكمۇ خىجىل بولدۇم. ئۆزۈمنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىدىن نومۇس قىلدىم. بىراق ئامالىم يوق. سىزچۇ؟ سىز يەنىلا بىر نېمىنى خىيال قىلىۋاتقاندەك ماڭا ئېرەن قىلماي ئولتۇرىسىز، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ سىز مېنى زەررىچىمۇ ياخشى كۆرمەمسىز؟

دىلنۇرنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلماقتا. ئۇ يۈزىنى ئەنۋەرنىڭ بىلىكىگە يېقىپ تۇرۇپ سۆزلىمەكتە. ئەمدى ئەنۋەرنىڭ ئۇنى ئىتتىرىۋېتىشكە قولى بارمىدى. ئۇ ئىختىيارسىز قىزنىڭ خۇشپۇراقلىق چېچىنى پۇرىدى، ئاندىن ئاپئاق ھەم سىلىق پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ ياش، ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق يېشى... ئەنۋەرنىڭ لەۋلىرى پېشانىسىگە تېگىش بىلەن دىلنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ئەنۋەرنىڭ

بوينىغا گىرە سالغىنىچە ئەنۋەرنىڭ ساقال - بۇرۇتى ئۆسكەن يەرلىك يۈزلىرىنى، بويۇنلى-
رىنى ۋە لەۋلىرىنى ئەشنالىق بىلەن بىر خىل ئەسەبىي كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە قانماي
سۆيۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمىگەندەك ئىدى.
ئەنۋەر ئويغىنىۋاتقان سەزگۈسى ۋە ھاياجىنىنى ئەستە بېسىۋېلىپ، دىلنۇرنىڭ مۈرى-
سىدىن تۇتۇپ ئۇنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرۇپ تۇرۇپ ياش يۇقى ھەسرەتلىك كۆزلىرى-
نى ئۇنىڭغا تىكىپ دېدى:

— دىلنۇر، مەن قەلبىڭىزنى چۈشىنىمەن، سىز ئىنتايىن ياخشى قىز، ھەتتا مې-
نىڭ بىر ئۆمۈر قەدىرلىشىمگە ۋە سۆيۈشۈمگە ئەرزىيدىغان ئېسىل قىز! بىراق مەن ۋىج-
دانىم ۋە چىن سۆيگۈم ئالدىدا سىزنى ئۆزۈمگە ئۆمۈرلۈك جۆر قىلىپ تاللاشقا ئاجىز-
مەن. سەۋەبىنى دەمسىزا، مەن مۇشۇ يېزىدىكى گۈلەمبەر ئىسىملىك ماشىنىچى قىزنى
ياخشى كۆرىمەن، بەلكىم سىز ئۇ قىزنى تونۇيدىغانسىز، ئۇمۇ سىزگە ئوخشاشلا ياخشى
قىز. ئىككىمىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلىرىمىزدىلا بىر - بىرىمىزنى ياخشى
كۆرۈشەتتۇق. بۇنداق دېسەم بىر ماشىنىچىنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇ دەپ
ئويلاپ قالغانسىز، بىراق، شۇنى ئىقرار قىلالماي تۇرالمايمەنكى، سەبىي يۈرەككە
ئورنىشىپ كەتكەن چىن سۆيگۈنى پەقەتلا ئەستىن چىقارغىلى بولمايدىكەن. شۇڭا مەن
تا ھازىرغىچە سىزگە بولغان قايناق ھېسسىياتىمنى بېسىۋېلىپ كەلدىم. مېنى ئەپۇ
قىلىشىڭىزنى، «تاش» يۈرەكلىكىمنى كەچۈرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن...

ئەنۋەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان دىلنۇرنىڭ ھېلىلا بەختىيارلىق ئىچىدە مەست
بولغان سېزىملىرى بىردىنلا يوقالدى، خۇددى بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيۇ-
ۋەتكەندەك شۈركەندى. پۈتۈن بەدىنى بىردىنلا لەسسىدە بولدى. لېكىن بىر چىن ئىن-
سانىنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى كۆرگەندەك بولدى. ئاھ خۇدا، مەن نېمانچە گاللىۋاڭ؟
نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنىڭدىن يامانلاپ يۈرۈپتىمەن تېخى! سۆيىمى يوق. بۇتكەن
دەپتىمەن، ئەسلىدە ئۇ باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ كەپتىكەن - دە، مەن ئۇنى ياخشى
كۆرۈپ خاتا قىلماپتىكەنمەن. ئۇ نېمانچە ۋاپادار، ساداقەتمەن؟ گۈلەمبەرنى — ئوت-
تۇرا مەكتەپتە ياخشى كۆرگەن، بىر ساۋاقدىشىنى تا ھازىرغىچە ياخشى كۆرۈپ كەپ-
تۇ، بارلىقىنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپتۇ، نېمە دېگەن ئالىيجاناب روھ - بۇ. مۇشۇنداق بىر
تېپىلغۇسىز قەدىرلىك يىگىت بىلەن بىرگە ئۆتۈش قانداق شېرىن، قانداق بەخت...
بوپتۇ، گۈلەمبەرمۇ ياخشى قىز، ماشىنىچى بولسا نېمە بوپتۇ، گەپ ئۇ يەردە ئەمەسقۇ.
مەن ئەمدى ئۇنىڭغا بەخت تىلەي، ئەنۋەر مېنى ئەپۇ قىلىڭ، شەخسىيەتچىلىكىمنى
كەچۈرۈڭ، مەن راستىنلا بىلمەپتىمەن، ئەگەر گۈلەمبەر بولمىغىنىدا ئىدى، مەن سىز-
نى ھەرگىز قويۇۋەتمەيتتىم. سىزنىڭ قەلبىڭىز كۆل سۈيىدەك تازا، سەھەر ھاۋاسى-
دەك ساپ ئىكەن، ئىشلىرىڭىز كۈتكەندىكىدەك بولغاي. دىلنۇر نېمىلەرنى ئويلىدى، قان-
داق ھېسسىياتقا كەلدى، ئۇنىڭ ئۇچۇن مانان ئىچىدە كۆرۈنۈۋاتقان غەلىتە بىر مەنزى-
رىگە ئوخشاش بەكمۇ تۇتۇق. پۈتۈن جىسمى بىلىپ بولماس بىر تۇيغۇدىن مۇزلاپ
كېتىۋاتقاندەك.

— سىزگە قايىلمەن ئەنۋەر، — دېدى دىلنۇر بىر خىل ھۆرمەت نەزەرىدە ئەن-
ۋەرگە تىكىلىپ، — سىزگە بەخت تىلەيمەن، ئەمما ئۈمىدىم شۇكى، ھايات يولۇمدا
مېنى ياخشى كۆرگەن مۇشۇنداق بىر بەختسىز بىچارە بار ئىدى دەپ ئەسلەپ تۇرار-
سىز، گۈلەمبەرنى مەڭگۇ قەدىرلەڭ، ئاسراڭ، ئۇ ھەقىقەتەن ياخشى قىز، خوش ئەمە-
سە، — دىلنۇر ئارقىغىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى. ئەنۋەرنىڭ قەلبى تېخىمۇ ئازاب-
لاندى، نېمىشقىدۇر دىلنۇرنىڭ كېيىنكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆچلۈك ئىچىملىك تەسىرى-
دىن ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى. بىچارە قىز، ئىككى ئادەمنى بەختسىز قىلغان بولدۇمە-
مۇ ئەمدى؟ — ئويلىدى ئۇ، — ئۇ ئەمدى بەختلىك بولالامدۇ؟ ئادەم ئۆمرىدە تۇنجى قې-
تىم ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى ئۆمۈربويى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ دېيىشىدىكەن، بۇنىڭ راستلىقىغا
مەن گۈلەمبەرنى ياخشى كۆرۈپ ئىشەندىم. ئۇنداقتا دىلنۇر ئەمدى قانداق قىلىدۇ؟
ئۇ ئەمدى بەختسىزلىك ئىچىدە ئۆتەرمۇ؟ گۈلەمبەر ئاددىيلا بىر قىز، لېكىن مەن ۋىج-
دانىم ئالدىدا جاۋابكار بولۇشۇم كېرەك. ئۇنىڭ ھازىر لايىقىم بار دەپ مېنى ئازابلى-
شى ئۆزىنى ماڭا مۇناسىپ ئەمەس دەپ قارىغانلىقى. ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. نا-
ۋادا مەن ئۇنى تاشلاپ دىلنۇر بىلەن توي قىلىدىغان بولسام، ئۇنى ۋە ئۆزۈمنىمۇ
بەختسىز قىلغان، دىلنۇرغا ساختىلىق، يالغانچىلىق قىلغان بولىمەن. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى
نېمە بولىدۇ؟ بىردەملىك ھېسسىياتنى ھەرگىزمۇ ئۆمۈرلۈك خۇشاللىق ۋە بەخت - سا-
ئادەت ئورنىغا دەسسەتكىلى بولمىسا كېرەك. شۇڭا مەن ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا
ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى تەشۋىشتىن خالىي قىلىشىم، ئۇنىڭ بى-
لەن توي قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈمىد بېغىدا! خۇش پۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇشۇم لازىم.
ئۇنداق قىلمىسام مەن ئادەم بولماي قالىمەن...

ئەنۋەرنىڭ كۆڭلىرى بىر خىل خامۇشلۇق ۋە چىدىغۇسىز ئازاب ئىچىدە ئۆتمەك-
تە. ئۇ ھازىر ھەر كۈنى كەچتە گۈلەمبەرنىڭ ئىشىكىنى چۆكىلەيدىغان بولۇپ قالغان. يا
كىرەلمەيدۇ، يا كېتەلمەيدۇ. گۈلەمبەرنى بىر كۆرۈۋالسامكەن دەيدۇ - يۇ، ئۇنىڭ ئۆزى تۆكۈل
سايىسىنىمۇ كۆرەلمەي ئازاب بىلەن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ قانچىلىغان
كېچىلەرنى كىرىپىك قاقماي چىققانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەيدۇ. نېمە ئامال، بىلىپ بولماس
بىر كۈچ ئۇنى شۇ تەرەپكە ئېلىپ ماڭغاندەك، قەدەملىرى تەدرىجىي سىلجىپ شۇ تە-
رەپكە قاراپ ماڭىدۇ، بىر چاغدا قارىسا گۈلەمبەرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپ قالغان.
بۈگۈنمۇ ئۇ يەنە بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قاراڭغۇ مەزگىلدە گۈلەمبەرنىڭ ئىشىكى
ئالدىغا باردى. ئەتراپ تىمتاس، ئەنۋەر يېقىنلا يەردىكى قورام تاش ئۈستىگە كېلىپ
ئولتۇردى. بىرھازادىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ، بىرى چىقتى. ھەتتەنەڭ، چىققىنى
گۈلەمبەر ئەمەس ئىدى.

— ھە، كىمنى ئىزدەيسىز؟ — گۈلەمبەرنىڭ ئانىسى قولىدىكى داستىكى يۇندىنى
كوچىغا چېچىۋېتىپ ئەنۋەردىن سورىدى.

— گۈلەمبەر ... ئۇ ...

— گۈلەمبەردە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى، كۈندە مۇشۇنداق ئەگىپ يۈرۈيسىز.

بىزدىن ئالىدىغان ئامانىتىڭىز بارمۇ؟ يا سىزگە بۇ يەردە كېچىدە بىر نەرسە سوۋۇتۇپ قويۇپتىمۇ؟

— نېمانچە گېپى سېسىق موماي بۇ، — ئويلىدى ئەنۋەر، — ئادەمنىڭ يارىسىنى تاتىلايدىغان گەپنى قىلىدۇ - يا.

— مەن گۈلەمبەر بىلەن كۆرۈشەي دەپ...

— كۆرۈشىدىغان ئىشىڭىز بولسا كۈندۈزى كېلىڭ، قانداق دېگەن گەپ بۇ. گۈلەمبەر ھويلىدا تۇرۇپ ھەممە گەپنى ئاڭلىدى، ئازابلاندى، چىقماقچى بولدى - يۇ، يەنە توختاپ قالدى. يەنە ئەنۋەرنىڭ يېلىنىش ئاۋازى:

— گۈلەمبەرگە دەيدىغان مۇھىم گېپىم بار ئىدى.

— نېمانچە گەپ ئاڭلىمايسىز، كۈندۈزى كېلىڭ دېدىمغۇ، يوقىلىڭ بۇيەردىن! — ئارقىدىنلا چالاقىدە يېپىلغان ئىشىك خۇددى ئەنۋەرنىڭ يۈزىگە تەگكەن مۇشتەك ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن موماي يەنە چىقتى. ئۇ ئەنۋەرنىڭ ھېلىغىچە كەتمىگىنىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچۇپلا كەتتى ۋە قولىدىكى يۇندىنى ئەنۋەرنىڭ ئۈستىگىلا چېچىۋەتتى.

— بۇ... بۇ... — دۇدۇقلىدى ئەنۋەر ئۈستىدىن چىپىلداپ ئېقىۋاتقان يۇندىغا قاراپ.

— ۋاي تېخىچە بارمىدىڭ سەن؟ — ئۇ ئەمدى «سەن» لەشكە چۈشكەن ئىدى، — ھۇ تۆكباش قاغجالما، يەنە نېمە بار ساڭا بۇ يەردە؟ ئۆيۈڭ يوقمۇ سېنىڭ - ھە؟!

ئەنۋەر قار - يامغۇردەك يېغىۋاتقان بۇ تىل - دەشنامغا چىداپ تۇرالماي، ئاخىرى كەينىگە قاراپ - قاراپ كېتىپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ گويا نىجاسەت يەۋالغاندەك كۆڭلى بىر قىسىملا، ئۆمرىگە كېلىپ ئاڭلىمىغان تىل - ھاقارەتنى گۈلەمبەرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن ئاڭلىغىنى ئۈچۈن ئازابلىق قەلبى ھەسرەت ئىسكەنجىسىدە قىسىلماقتا، خورلۇق ھېس قىلماقتا... مۇشۇ دەقىقىلەردە گۈلەمبەر قاراڭغۇ سامانلىقتا ئولتۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلىماقتا. ئانىسىنىڭ كېيىنكى ھاقارەتلىك سۆزلىرى خۇددى ئۆز يۈرىكىگە كېلىپ تەگكەندەك ئازابلانماقتا. نازۇك بەدىنى سىلكىنمەكتە. ئۇ ھازىر سامانلىقتىن كېلىدىغان ئاچچىق توپا ھىدىنىمۇ، بىر كۈنلۈك ھېرىپ - چارچاش ۋە ئاچلىقنىمۇ ئۇنتۇتقان، ئەينى ۋاقىتتا ئەنۋەر ئۇنى ئىزلەپ كەلگەندە ئۇ مۇشۇ سامانلىققا مۆكىنىۋالغانىدى. رەھمەتلىك دادىسى مۇشۇ سامانلىقنى سېلىپ بولۇپلا بىر ئۇچۇنغان باھانە بىلەن بۇ دۇنيادىن كەتتى. مۇشۇ سامانلىق گۈلەمبەرنىڭ ئۈنسىز ياش تۆكىدىغان، كۆڭلى - كۆكسىنى بوشىتىدىغان جايى بولماقتا. ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان، نە يول كۆرسىتىدىغان بىرەر ئادەممۇ يوق. ئۇنىڭغا ھازىر يىغلاشتىن باشقا بىرەر كۆڭۈللۈك ئىش يوقتەك، پەقەت كۆز يېشىدىن پەيدا بولغان مەلھەملا ئۇنىڭ تەقدىر قامچىسى بىلەن ساۋىلىپ تىلىم - تىلىم بولغان يۈرىكىگە شىپا بولالايدىغاندەك، ئۇنىڭ قەلبىگە تۇرغۇزۇلغان ئازاب ئابىدىلىرىدىكى ھەسرەتلىك قۇرلارنى يۇيۇپ تاشلاشقا ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىز، زورىسىز يىغلاشقا ئۆگەنگەن كۆزلىرىلا قادىر. مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ھېچقانداق

قىزىقچىلىقى قالمىغاندەك، تەقدىر، هايات، ھەتتا ئۇنىڭ ئەقىدىسىمۇ ئۇنى ئالداپ قويغاندەك تۇيۇلىدۇ.

مېنى نېمىشقا قىينايسىز ئەنۋەر، خاتىرجەم ياشىغىلى قويسىڭىز بولمامدۇ؟ نېمىشقا ئىزدەپ كېلىسىز؟ شۇ تاپتا سىزنى ئۆزۈم ھاقارەتلىگەندەك تىترىلىرىم قورۇنۇپلا كېتىۋاتىدۇ، نېمە ئامال بار ماڭا؟ مەن بىلەن توي قىل دەيسىز، ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزىڭىز ئۈچۈن مەن بىر ئۆمۈر ئايىغىڭىزدا خىزمەت قىلىشقا رازى ئىدىم. ئەمما مەن يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى مەن بەكمۇ خالايدىغان سۆزلەرنى سىزگە ئېيتماي «لايىقىم بار» دېدىم. بۇنى ئاڭلاپ كۆزلىرىڭىزدە ياش ئەگىگەندەك بولدى. بىلىمەن، سىز مېنى ياخشى كۆرىسىز، بۇ گەپلەرنى، بايىقىدەك ھاقارەتنى ئاڭلاش سىزگە ئۆلۈمدىن ئارتۇق تۇيۇلىدۇ. ئەمما مەن ئۆزۈمنىڭ سىز بىلەن بىر كېچە بىللە بولۇش بەدىلىگە سىزگە ئېرىشىپ، سىزنىڭ پارلاق ئىستىقباللىڭىزغا، بەختىڭىزگە ئولتۇرۇشنى خالىمايمەن. مەن سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭىز بولسام خۇددى ئالتۇنغا لاك سۈرتۈپ قويغاندەك، سىزنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىڭىزنى غۇۋالاشتۇرۇپ قويىمەن. ياق، ياق جېنىم ئەنۋەر، ئەمدى مېنى قىينىماڭ، ھازىر تارتىۋاتقان ئازابلىرىممۇ يېتەر. ئالدىمنى توسۇپ يەنە توي قىلىش تەلىپىنى قويماڭ، مەن سىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىڭىزغا قىستۇرۇلۇۋېلىشنى خالىمايمەن. مەن سىزنىڭ خىلىڭىز ئەمەس، — دېدى گۈلەمبەر ئۆز - ئۆزىگە شىۋىرلاپ. ئۇ ھازىر يىغلاپ ھارغان، مەيلى نېمە ئىش قىلمىسۇن، ئەنۋەرنىڭ ئىللىق چىرايى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى قاقشاتماقتا، ھېلىقى ھەم شېرىن ھەم نەپرەتلىك كېچىنى ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ، ئۇنى قىينىماقتا. ئۇ ھازىر يالغۇزلۇق، خىلۋەت جاينىلا خالايدىغان بولۇپ قالغان. يۈزلىرىدىن بۇرۇنقى تەبەسسۇم ۋە كۈلكىلەر ئۆچكەن...

ئەتىسى چۈشتىن كېيىنكى سىياسىي ئۆگىنىش ۋاقتىدا ھەممە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يىغىلىشى ئۇقتۇرۇلدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قايسىبىرلىرى نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ باشلىرىنى چايقىشاتتى، يەنە كىملەردۇر ئۇھ تارتىپ قويۇشاتتى.

— يولداش ئەنۋەر كەسپچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك، خىزمەتنى دادىل ئىشلەيدىغان يىگىت، مېنىڭچە ئاشۇ كىچىككىنە ئىشنى دەپ ئۇنىڭغا جازا بېرىشكە بولماس، — مەكتەپ مۇدىرى ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن شۇ سۆزلەرنى دېدى. ئۇنىڭ ياپما قاپاقلىرى ئاستىدىكى سېرىق كۆزلىرىدە قانداقتۇر نارازىلىق، قوشۇلماسلىق، خاپىغانلىق نۇرلىرى چاقنايتتى.

يىغىن داۋاملاشماقتا. يىغىننىڭ تېمىسى ئەنۋەرنىڭ ھاراق ئىچىپ دەرسخانىغا كىرگەنلىكى، ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە خىلاپلىق قىلىپ، يامان تەسىر پەيدا قىلغانلىقىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. ئەنۋەر بولسا يىغىندا ئۆزىگە قارىتا ئېيتىلغان ھەر خىل پىكىرلەرنى تىڭشاپ جىمىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ ئىچىگە ئولتۇرۇشقان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، كىرپىكىنىڭ تۈكىدەك ھۆرپەيگەن، ئاۋاق گەۋدىسى ئەسلىدىكىدىن تېخىمۇ كىچىكلەپ، ئۇزايىدىن قاتتىق كېسەل

تارتقان ئادەمدەك كۆرۈنەتتى.

— مېنىڭچە، — دەپ گەپ باشلىدى ئىلمىي مۇدىر يېشىل كۆزلىرىنى چەچقىلىتىپ تۇرۇپ، — ئەنۋەر گەرچە ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا كۈچ چىقارغان بولسىمۇ، ئۇ بۇرۇنقى ئىشلار، شۇنداققۇ؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ كەمچىللىكى، ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىش تۈپەيلىدىن ئۇنداق ياكى مۇنداق خاتالىقلارنى سادىر قىلدى. ئۇنى مۇشۇ پېتىلا بولدى قىلىش كېرەكمۇ ياكى تېگىشلىك جازا بېرىپ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلەرگە تۈرتكە قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە يولداشلار بىردەك قارارغا كەلسەك. — ئىلمىي مۇدىر ئۆز سۆزىدىن قانائەتلەنگەندەك ئەتراپىغا مەغرۇر قاراپ قويدى ۋە قول ياغلىقىنى ئېلىپ، داپقا ئوخشاش كەڭرى يۈزلىرىنى سۈرتتى، يۆتەلگۈسى كەلمىسىمۇ قۇرۇق يۆتىلىپ، ئىككى تەرىپىگە ئىرغىنىپ قويدى. ئۇ مىدىرلىغاندا سامىسىدەك كۆپۈپ چىققان گۆشلۈك ئېڭەكلىرى گويا لەپپۇڭدەك لىغىرلايتتى.

— ئىلمىي مۇدىر ھەقىقەتەن توغرا ئېيتتى، مەن ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەيمەن، — تالىپ ئەنۋەرگە مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ گېلىنى بىر قىرىۋەتكەندىن كېيىن دانە - دانە قىلىپ سۆزلەشكە باشلىدى، — ئەنۋەر مۇنداقچە ئېيتقاندا ھاكاۋۇر، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدۇ، كەمتەر ئەمەس، خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلىمەيدۇ. سىنىپقا ھاراق ئىچىپ كىردى دېگەن قانداق گەپ؟ بۇ ئوقۇ - ئوقۇتۇش تۈزۈمىگە تۈپتىن خىلاپ. بىز ئادەم تەربىيىلەيمىزمۇ ياكى ئۆزىمىز يامان ئىش - ھەرىكەتلەرنى ئالدىدا قىلىپ بېرىمىزمۇ؟ شۇڭا ئەنۋەرگە مەكتەپ ئىچىدە مەمۇرىي چارە كۆرۈش كېرەك، — تالىپ ھاياجانلانغان بولسا كېرەك، بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى كېڭىيىپ، بارماقلىرى توختىماي قىمىرلايتتى. يىغىن زالى بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆمدى.

— يولداشلارمۇ بىرەر قۇر سۆزلىدى، مەنمۇ ئىككى ئېغىز بىر نەرسە دەپ باقاي، — سىيىت مۇئەللىم قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق بىر شوراۋېتىپ ئاندىن سالماق ھالدا سۆزلەشكە باشلىدى، — بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش ئوقۇتقۇچىلار، شۇڭا ئەنۋەرنى تولۇق چۈشىنىدىغانلار كۆپ بولمىسا كېرەك. ئەنۋەر مېنىڭ بۇرۇنقى ئوقۇغۇچۇم، ھازىر خىزمەتدىشىم، مەن ئۇنى بەش قولدەك چۈشىنىمەن، پەقەت ئۇنىڭ سىنىپنىڭ يېقىندىن بۇيان ئارقىدا قالغىنى، بىر قېتىم، سىنىپقا ھاراق پۇراپ كىرىپ قالغىنى ئۈچۈنلا ئۇنى جازالاش كېرەكمۇ؟ بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى بويىچە مۇئامىلە قىلساق، يولداشلار يەنىمۇ چوڭقۇرراق، ئەتراپلىقراق ئويلىنىپ باقساق، ئالدىراپلا يەكۈن چىقىرىۋەتمىسەك...

— سىلى بۇ ئارقىلىق نېمە دېمەكچى؟ — ئىلمىي مۇدىر سىيىت مۇئەللىمگە بىر خىل زەھەرخەندىلىك بىلەن قارىدى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم ئەنۋەر ئۆزىنى تەكشۈرسە، بەزىبىر يېتەرسىزلىكلىرىنى تۈزەتسىلا بولدى دېمەكچىمەن، جازا بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ئۇ تېخى ياش، بەزى نەرسىلەرنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيدۇ.

— يېتەرسىزلىكمىش! — غودۇڭشىدى تالىپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — شۇنچە

ئېغىر خاتالىق تۇرسا ئۇ...

— ئەنۋەرگە جازا بېرىش توغرىسىدىكى پىكىرگە مەنمۇ قارشى، — قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى بىلەن دىلنۇر سۆزلىمەكتە، ئۇنىڭ ئىنچىكە قاشلىرىنى ھىمىرىشلىرىدىن، بولاقتەك كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قاراشلىرىدىن ئەپسۇسلانغانلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، — ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ئادەمنىڭ كېچىككىنە كەمچىلىكىنى تون قىلىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يېپىش ئەقىلغا مۇۋاپىق ئەمەس، بىز بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلغاندا ئەنۋەرنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش يولى بىلەن ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئېگىلەپ بېقىشىمىز، تۇرمۇشىدا ھەل قىلالمىغان قىيىن مەسىلىلەر بارمۇ - يوق دېگەن نۇقتىنىمۇ ئويلاپ قويۇشىمىز، مۇھىمى ئىنسان پىسخىكىسى بىلەن ئۇنىڭ رېئال دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرلىنىش مۇناسىۋىتىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشىمىز لازىم، ئۇنداق قىلمىساق قارىسىغا ھۆكۈم قىلىپ، بىراۋغا ئۇۋال قىلىپ قويىمىز...

يەنە شۇ دىلنۇر ئەنۋەرنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ سۆزلىمەكتە، ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق مىسال كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئاقلىماقتا. لېكىن ئەنۋەر ئۆزىنىڭ شۇ ئاجىزلىقى، ئامالسىزلىقى ئۈچۈن دىلنۇردىن تولىمۇ خىجىل، خۇددى ئۇنىڭ ئالدىدا بىر گۇناھلىق ئىش قىلغاندەك ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلايدۇ. ئەمما ئاشۇ قىز مانا ھازىر ھەممىنى ئاغزىغا قارىتىپ سۆزلىمەكتە، ئەنۋەرنى قوغدىماقتا، بۇ قانداق ئېسىل خىسلەت - ھە؟

ئەنۋەر يىغىندىن چۈشتىن يەۋالغاندەك روھسىز كەيپىياتتا يېنىپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئازابىنى ئىككى قىلىۋالىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. مانا بۈگۈن يىغىندىن ئىچى ئاچچىق بولۇپ، گۈلەمبەرنىڭ مۇھەببەت ئازابى ئۈستىگە يەنە بىر دەردنى ئارتىپ چىقتى، بولۇپمۇ ھېچ ئىش يوقلا بىرمۇنچە توقۇناق بالاغا يولۇققىنى ئۇنىڭغا ھار كەلدى. شۇڭا يىغىندىن چىقىپلا سېيىت مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە تەكلىپ قىلغىنىنى بىلەن كارىمۇ بولماي ئۇدۇل ياتىقى تەرەپكە يول ئالدى. ھاۋا شۇنداق تىنجىق، پۇتلىرى ئاستىدىكى شېخىل شاراقلاپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ زېرىكىشلىك بىر تۇيغۇ بەرمەكتە. ئۇنىڭ كاللىسىغا خىلمۇ خىل ئوي كەچتى، ئەمما ھېچقايسىسىنى مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش چارىسى سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرەلمىدى.

ياتىقىغا كېلىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىغان ئەنۋەر بىر كۈن قاتتىق ئەمگەك قىلىپ چارچىغان ئادەمدەك ئېغىر تىنماقتا. ئۇ ھازىر ھالسىرىغان، ئوچۇقراقىنى ئېيتقاندا يۈرىكى زەرداپقا تولغان، كۆڭلى ئۈمۈچۈك تورىدەك چىگىلىشىپ كەتكەن. توۋا، دۇنيادا ھەر خىل ئادەملەر بولىدىكەن - ھە؟ سېيىت مۇئەللىم، دىلنۇر، تالىپ... بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان كىشىلەر... ئەنۋەرنىڭ كۆز ئالدىغا گۈلەمبەر كېلىش بىلەن تەڭ ئۇ ئىختىيارسىز سىلكىنىپ كەتتى، ئېغىر ئۇھ تارتتى ۋە چاچراپ قوپۇپ يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇردى. ئاچچىق ئىس ئۇنىڭ كېكىردەكلىرىنى غىدىقلىدى، كۆچەپ شورىۋىدى، قېقىلىپ يۆتىلىپ، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى. تاماكا بىلەن ھاراق ئۇنىڭغا يېقىنقى ۋاقىتلاردا ئاراملىق بەرگۈچى شىپالىق دورىدەك ھەمراھ بولۇپ

قالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى هالغا كېلىپ قالغانلىقىنى، نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنىمۇ مۆلچەرلەپ بولالمايدۇ. تۇرۇپ كۈلىدۇ، تۇرۇپ يىغلايدۇ، بۇنىڭغىمۇ هەيران. خۇشال يۈرەي دەپ ئويلاپ هەممىنى مېڭىسىدىن هەيدەپ چىقارماقچى بولىدۇ-يۇ، يەنە ئامال يوقتەك بىر جۈپ ئوتلۇق كۆز هەمىشە كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنى قىينايدۇ... ئەنۋەر تارتمىنى ئېچىپ، كىرپىك سېلىنغان هېلىقى نەپىس قۇتىنى ئالدى، سىرتقا ئەپچىقىپ تاشلىۋېتىش كېرەكمۇ ياكى يەرگە ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋېتىش كېرەكمۇ؟ ماڭا ئازاب كەلتۈرگەن كىرپىكنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىپ بىراقلا خالاس بولايمۇ يا؟ ئەنۋەر شۇ خىيال بىلەن كىرپىك سېلىنغان قۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتماقچى بولدى-يۇ، قوللىرى ئىختىيارسىز تىترەپ، ئاستا-ئاستا پەسكە چۈشتى. ياق-ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ،... قوپ ئەنۋەر هاراق ئىچ، كۆڭلۈڭدىكى بارلىق غەم-ئەندىشىلەر تۈگىسۇن. نېمىشقا هاراق ئىچمەيتتىڭ، ئۇ ئۆزى ئاچچىق بولغىنى بىلەن ئۆزىگە ئوخشاش ئاچچىق هەسرەتنى يامغۇر سۈيى دەل-دەرەخلەردىكى توپا-چاڭلارنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتكەندەك يۇيۇپ چىقىرىۋېتىدۇ ئەمەسمۇ...

ئەنۋەر تېخى تۈنۈگۈنلا ئېچىپ ئېشىپ قالغان ئوتتۇرا بوتۇلكا هاراقنى قولىغا ئالدى. رومكىغا تولدۇرۇپ قۇيۇپ بىرنى ئىچكەندىن كېيىن كۆڭلى ئارامغا چۈشكەندەك بولدى. بايىقى يىغىدىن چىقىپلا ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغان، هەر خىل هاقارەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلاپ خورلۇق هېس قىلغانىدى. ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇقلا ئىچىلگەن ئۆتكۈر ئىچىملىك ئەنۋەرنى خېلىلا تەڭشەپ قويدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغاندىن تارتىپ هازىرغىچە بولغان ئىشلار بىر-بىرلەپ كەلدى. ئۇ هازىر ئۆزىنى جاهانغا ئارتۇقچە يارىلىپ قالغان ئادەمدەك هېس قىلماقتا، هاراق بوتۇلكىسىغا مەڭزىنى يېقىپ ئېسەدەپ يىغلىماقتا، كۆزلىرىدىن تاراملاپ قۇيۇلۇۋاتقان ياشلار يۈزلىرىدە ئىنىچكە ئېرىقچىلارنى ياساپ، جوزىغا سىرغىپ چۈشمەكتە. ئۇ ئۆزى چۈشىنىپ دەۋاتامدۇ ياكى چۈشەنمەي دەۋاتامدۇ، ئىشقىلىپ بىر نېمىلەرنى دېمەكتە، سىرتتا بولسا گۈرۈلدەپ چاقماق چېقىلىپ، شارقىراپ يامغۇر ياغماقتا. ئاجايىپ بىر هالەت، بىچارە، ئازابلىق بىر گەۋدە، هەر قېتىم چاقماق چېقىلغاندا يالت-يۇلت قىلىپ چاقنىغان نۇرلار قوشۇلۇپ، هەر قانداق ئۇستا رەسساممۇ سىزىپ باقمىغان غەلىتە، كارامەت بىر مەنزىرىنى هاسىل قىلغانىدى... مەن تەبىئەتكە، هاياتقا ئامراق — سۆزلەشكە باشلىدى ئەنۋەر مۇزدەك بوتۇلكىغا مەڭزىنى سۈركەپ، ياش يۇقى كۆزلىرىنى يۇمغان، بېشىنى تۆۋەن قىلغان هالدا، — هايات، تەبىئەت مېنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ، مېنىڭ دەردىمگە دەرد قوشۇۋاتىدۇ. قارىغاندا مېنىڭ ئەمدى ياشىشىمنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغان ئوخشايدۇ، شۇنداقلا كۆز يۇمسام هەممىدىن خالاس بولۇپ خاتىرجەم بولغان بولاتتىم، هەي گۈلەمبەر، هەي گۈلەمبەر، پەرۋاسىز، غەمسىز گۈلەمبەر!

ئەنۋەر يامغۇر توختىشى بىلەن دەلدەڭشىگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ پاتقاقلارنى، يامغۇر كۆلچەكلىرىنى كېچىپ، ئۇدۇل قۇملۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. يانچۇقىغا سېلىۋالغان بوتۇلكىدىكى ئازغىنا هاراق توختىماي شالاقشىيتتى. ئۇ، ئانچە

ئۇزۇن ماڭمايلا قۇم بارخانلىرىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. غايەت زور قۇملۇق ئۇنىڭ ئالدىدا جىنايەتچىنىڭ ئالدىدىكى سوتچىدەك مەغرۇر ۋە سۈرلۈك تۇراتتى. ئەنۋەر ئەزەلدىن مۇشۇ قۇملارنى ياخشى كۆرىدىغان. تالاي قېتىملاپ ئۆزى يالغۇز مۇشۇ قۇملۇققا ھەمراھ بولغان. ئەمما ئۇ ھازىر ئەنۋەرنىڭ ئازابلىنىۋاتقان قەلبىگە بىر خىل سۈكۈنات ئىچىدە قاراپ تۇرماقتا. قۇم، ئەجەب قۇم - دە بۇ، — پىچىرلىدى ئەنۋەر قاتتىق بىر ھىققىدىۋېتىپ، — يىللاردىن بۇيان مۇشۇنداق ياشاپ كەلدى، يا ئازابلىنىشنى، يا خۇشال بولۇشنى بىلمەيدۇ، مەنمۇ قۇم بولۇپ ئۇنىڭ باغرىغا سىڭىپ كەتكەن بولسام، ھەممە دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەتتىن بىراقلا خالىي بولسام نېمە دېگەن ياخشى ئىدى - ھە؟ ھەي غەمسىز قۇملار، مېنى قوينۇڭلارغا ئالساڭلارچۇ، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىخارامان ياشاي، يۈرىكىممۇ ئارام تاپسۇن، مۇنداق سەرسان بولۇپ يۈرمەي... قۇمدىن ھېچقانداق سادا كەلمىدى. ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك جىمجىت، ئەنۋەرگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرەلەيدىغاندەك ئەمەس...

ئەنۋەر ئاخىرى بېشى قايغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ئەتراپ ئاستا - ئاستا كۈكۈم پەردىسى بىلەن ئورالماقتا ئىدى. ئەنۋەر ئۆيىگە كېلىپ بۈگۈنكىدەك بولۇپ باقمىغان ھەم بۇنداق بولۇپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ھاياتلىقتىكى بۇنداق بىر بىچارە كۆرۈنۈشنىڭ ئۇنىڭغا نېسىپ بولۇپ قېلىشىنى ھېچكىممۇ خالىمايتتى. ئۇنىڭ يانچۇقىدا ئازراقلا ھاراق قالغان بوتۇلكا. ئۇنىڭ روھى چۈشكەن، ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى باشقۇرالمايۋاتقاندەك پۇتلىرى ھەدەپ قايچىلىشىدۇ. بىر ۋاقىتتا ئۇ ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۆستەڭدە سۈپسۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئاقماقتا. ئەنۋەر مۇشۇ ئۆستەڭنى بويلاپ تۆۋەنگە يەنە ئەللىك مېترچە ماڭسا سېيىت مۇئەللىمنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ باراتتى. لېكىن ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدەك ئۆستەڭ بويىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ قالدى، بۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، كۆڭلىدە بىردىنلا غەشلىك قوزغالدى - دە، يانچۇقىدىكى بوتۇلكىنى ئېلىپ قالغان ھاراقنى شۇ پېتىلا كۆتەردى. ئاچچىق ھاراق ئۇنىڭ كانىيىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتمەكتە. ئالاھەزەل نەچچە يۇتۇم ئىچىلىپ ھاراقمۇ تۈگىدى. بوتۇلكا بىردىنلا ئەنۋەرنىڭ قولىدىن سىيرىلىپ چۈشتى، ئۆزى بولسا جاھان كۆمتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزىمۇ بىرگە قوشۇلۇپ يىقىلىپ چۈشۈۋاتقاندەك بېشى پىرقىراپ، ئاخىرىدا ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدى ۋە ئاستا - ئاستا قىڭغىيىپ يانچىلا چۈشۈپ يېتىپ قالدى، پۈتۈن بەدىنى، يۈز - كۆزلىرى لايغا مىلەندى، بىراق ئۇ سېزەر ئەمەس، ئۇ ھازىر ھەممىنى ئۇنتۇغان، ھەتتا بىر نەرسىنى ئويلاشقىمۇ قادىر ئەمەس... دەل شۇ چاغدا قاياقتىندۇر دوستىنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ قايتىپ كەلگەن تالىپ بۇ تەرەپكە كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئۇچىسىغا قىزىل مايكا، ئاق شىم كىيگەن بولۇپ، تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىگىنىچە ئاللىقانداق بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ كېلىۋاتاتتى. تالىپ ئەنۋەرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە پاتقاقتىلا بىرسىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى - دە، يېقىن كېلىپ



چاقمىقىنى يورۇتۇپ قارىدى، تازا زەن
سېلىپ ئەنۋەر ئىكەنلىكىنى بىل-
گەندىن كېيىن قۇيقا نچاچلىرى تىك
تۇرۇپ، چىشلىرى بىردىنلا تاش چاينا-
ۋاتقاندەك غۇچۇرلاپ، مۇشتلىرى
تۈگۈلدى. قەلبىدە يانغان رەشىق ئوتى
بىلەن ئىچ - ئىچىدىن ئېچىلىپ چىقى-
ۋاتقان بىر خىل ئۆچمەنلىك ئىچىدە
زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجايدى: يېتى-
شىڭ نوچىغۇ سېنىڭ، ئۆزۈمنى بىلمەي
شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، پالازغا يۆگىنىپ
ھەپتە يېتىپتىمەن دېگەن شۇدە، خوپ
بوپتۇ، بەلەن بوپتۇ! ئىچەلمىگەن نېمەگ-
گە نېمە قىلاتتىڭ ئىچىپ، ساڭا مۇشۇمۇ ئاز، ھۇ لەقۋا گۆي، خوتۇن تالاق ئەنجىمارۇق...
ئەددىغۇ قولۇمغا چۈشكەنسەن ئەبلەخ، — دېدى ئۇ ئەتراپىغا ئېسەنكىرەش ئىچىدە قاراپ
قويۇپ، — ئەجەب مېنىڭ قولۇمغا قونۇش ئالدىدا تۇرغان بەخت قۇشىنى ئۇچۇرۇۋەتتىڭا؟
يەنە تېخى ئۇنى ئاز دەپ گۈلەمبەرگە بۇدۇشقاقتەك چاپلاشتىڭ، نەرىدىك ئوغۇل بالا
سېنىڭ؟! مېنىڭ يۈرىكىمنى تىلىم - تىلىم قىلىپ تىلغىنىڭ، چاشقاندەك غاجاپ يېگى-
نىڭ، ماڭا ھېسابسىز ئازابلارنى ئېلىپ كېلىپ، گۈلەمبەرنى — مەن سۆيگەن قىزنى-
تارتىپ كېتىشكە ئۇرۇنغىنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن سەندىن ھېساب ئالىمەن، مەن يۈرەك
ئازابىنى تارتقان بولسام، سەن جىسمانىي ئازابىنمۇ بولسا تارتىپ باققىن، ھېچ بولمىسا
ئۆل! شۇ چاغدا مەن خۇش بولىمەن. ئەسلىدىمىغۇ قولۇڭدىن ئىش كەلمەيدىغان بىر
نېمە ئىدىڭ، ئەمما بىزنىڭ تۈز كور، ئەقىلسىز ئادەملىرىمىز سېنى خاتا تونۇپ قېلىپ
«ئەنۋەر، ئەنۋەر» دەپ بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشتى، شۇنىڭ كاساپىتىدىن مەن دەست-
لەپ ياخشى كۆرىدىغان دىلنۇرىمۇ قارىماي قويدى، يەنە تېخى ھاكاۋۇرلۇقىڭ سېنىڭ،
ھۇ ئۆزىمە كۆكۆل، شاتىراق، سېنىڭ نېمەڭنى داڭلىغىلى بولسۇن؟! — تالىپ ئەتراپ-
نى يەنە بىر قاردۇېتىپ، ھېچكىم يوقلۇقىنى جەزم قىلغاندىن كېيىن ئەنۋەرگە تېخىمۇ
يېقىنلاپ كەلدى، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىچىمگە يۇتۇپ كەلدىم. بۈگۈن تازا
بىر ئۆچۈمنى ئېلىپ نەچچە ۋاقىتتىن ئازابلانغان قەلبىمگە داۋا تاپىمەن، غوجاكاڭ-
نىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ساڭا تونۇتىمەن! نېمە چوڭچىلىق ساڭا. ھالىڭغا
بېقىپ ئىش قىلساڭ بولمامدۇ ھۇ ئەبگاھ! ھېلىمۇ ياخشى قارىماي ئۆتۈپ كېتەپ-
تىكەنمەن، بەزى ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق مەست يېتىپ قالغانلارنىڭ قول سائىتى، پۇللىرىنى
ئانچە - مۇنچە سوقۇپ قوياتتىم. نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلارنى جازالاپ، توغرا يولغا باشلاش
ئۈچۈن - دە! بىراق، سەن قەلەندەرنىڭ نېمىسى بولماقچى؟ شۇڭا سېنى باشقىچىرەك
جازالايمەن ئەنۋەر، بۇنى مەندىن كۆرمە. بۇ تەقدىرنىڭ جازاسى، ئاللانىڭ ماڭا قىلغان

شاپائىتى، — شىۋىرلىدى تالىپ، — ئەمدى ئوبدانراق سەگىپ قال بۇرادەر!

ئەنۋەر ئۆستەڭگە پۇرلۇشۇپلا چۈشتى. ئۇ ھېچنېمىنى سەزمەيتتى، ئۇلۇغ سۇ ئۇنى يالماپ يۇتماقچى بولغاندەك تۆۋەن تەرەپكە ئېقىتىپ كەتتى. ئۇ، سۇدا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ دومىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىدىن تولۇق رازى بولغان تالىپنىڭ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى، ئۇ گېدىيىپ تۇرۇپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: بولسا شۇ پېتى كۆزۈمگە كۆرۈنمىسەڭ ياخشى، تەكشۈرگەنلەردۇ ھاراق ئىچىپ ئۆلگەن دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىشىدۇ. ئۇ چاغدا گۈلەمبەر — ھېلىقى ئوماق قىز ماڭا ئۆكچە قالىدۇ... مەن بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلگەن، بىلەمسەن شۇنى بەدبەخت؟! مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم ھەرگىز توپا-چاڭغا مىلىنىپ ئىشلەش ئەمەس، بەلكى ئاشۇنداق چىرايلىق قىزلار بىلەن كۆڭلۈمنى ئېچىش، گۈلەمبەردەك سۆزۈك، كېلىشكەن سەھرا قىزلىرىنى ئۆزۈمگە خوتۇن قىلىپ، ئايغىمدا خىزمەت قىلدۇرۇش...

تالىپ مەمنۇنىيەت بىلەن تاماكىدىن بىرنى چىقىرىپ ئاغزىغا قىستۇرغىنىچە ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنگەن ھالدا، يەنە شۇنداق بىر ئاھاڭغا غىڭشىغىنىچە چوك-چوك قەدەم ئېلىپ كېتىپ قالدى...

## 5. باب كىرپىك

ئىككى ئالەمدە مېنىڭ يېنىمدا يارىم بولسا بەس،
يا بېھىش، دوزاخ، يا ھۆر غىلمان كېرەك ئەمەس.

ھاپىز شىرازى

ئەنۋەر كۆزلىرىنى ئاستا ئاچتى، نەدۇ بۇ، مەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىمەن؟ ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولدى-يۇ، چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق بىلەن جىممىدە بولدى. توغرا، ئۇ ھازىر يېزىلىق دوختۇرخانىدا ئىكەن-دە. بىراق نېمە ئۈچۈن دوختۇرخانىغا كىرىپ قالىدۇ؟ ئەنۋەر شۇنچە ئويلاپمۇ بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىدى. دوختۇرخانىنىڭ زەي پۇراپ تۇرىدىغان ياتىقىدا پەقەت ئۇلا يېتىۋاتقاندەك شۇنداق جىمجىت، كۈنگەي تەرەپتىكى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇقلۇق بىلەنمۇ ياتاق ئىچى يەنىلا گۇڭگادەك، كۆك سىردا سىرلانغان ياغاچ كارىۋاتلارنىڭ سىرلىرى چۈشۈپ قارىدىغان بولۇپ، ئادەمگە تولىمۇ يېقىمسىز تۇيغۇ بېرەتتى. ئەنۋەر تورۇسقا قارىدى. ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇرغان چىراغنىڭ ئاق قالپىقىمۇ ئىسلاشقاندەك قارامتۇل ۋە يەنە چىۋىن چېچىپ سانسىز قارا داغلارنى ھاسىل قىلغانىدى. ئەنۋەر شۇ كۈنى... ھە، توغرا، ئۆستەڭ بويىدا ھاراق ئىچكەن، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار... قانداق بولۇپ بېشى زەخىملىنىپ قالدىكىن؟ مەستلىكتە ئۆستەڭگە دوللاق ئېتىپ بېشىنى يېرىۋالغانمىدۇ-يا؟ تازا سەت ئىش بولۇپتۇ-دە. ئوقۇتقۇچىلارغۇ مەيلى، ئوقۇغۇچىلار ئۇقسا نېمە بولۇپ كېتەر ئەندى، ئەنۋەر گەرچە جىمجىت ياتقاندەك قىلسىمۇ ئېڭىسىدە خىلمۇ خىل ئوي، كۆز

ئالدىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان كۆرۈنۈشلەر...

— قانداقراق؟ خېلى ئوبدان بولۇپ قالغانىدەك قىلامسەن ئۇكا، — يەنە شۇ سىيىت مۇئەللىم بىرىنچى بولۇپ ئۇنى يوقلاپ كىردى. ئۇ ھازىر بۆرۈنقىدىن تېخىمۇ جۇدىگەنىدەك كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەنىدى.

— خېلى ياخشى، — ئەنۋەر مىدىرلىماقچى بولدى - يۇ، قىمىر قىلالمىدى. ئاپئاق بېنت بىلەن تېڭىۋېتىلگەن بېشى مىڭ جىڭ ئېغىرلىقتىكى تاش ئېسىپ قويۇلغانىدەك ئېغىر، پۈتۈن بەدىنى شۇنچە كۈچسىز.

— مېنىڭ سىنىپىم قانداق بولۇپ كەتتىكىن؟ — ئەنۋەر چىشلىرى ئارىسىدىن دەۋات-قانىدەك زەئىپ بىر ئاۋازدا دېدى.

— ئۇنىڭدىن غەم قىلما، سىنىپىڭغا ۋاقتىنچە مەن قوشۇمچە سىنىپ مەسئۇلى بولۇپ تۇرىدىغان بولدۇم، خاتىرجەم بول.

ئەنۋەرنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئۇ بەزى ئىشلارنى سىيىت مۇئەل-لىمدىن سورىماقچى بولدى - يۇ، ئەمما بىرئاز ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. ھازىرغۇ خىز-مەتداش، ئەمما ئۇ بۆرۈنقى ئۇستازىغۇ ئاخىر. تەپ تارتماي ئۆزىنىڭ ھاراق ئىچىپ زەخىملىنىش ۋە قانداق قىلىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلىقىنى سورىسۇن؟

— ھازىرچە باشقا ئىشلارنى ئويلىماي ياخشىراق داۋالانغىن، — دېدى سىيىت مۇئەللىم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — بەزى ئىشلار ئاستا - ئاستا ھەل بولۇپ كېتىدۇ.

سىيىت مۇئەللىم بۈگۈن ئەجەپلا گەپ قىلىدىغۇ، — ئويلىدى ئەنۋەر، — ھەل بو-لۇپ كېتىدىغان ئىشلار دېگەنىدە نېمىنى نەزەردە تۇتتىكىن؟ ياكى مەن توغرىلىق بىرەر گەپ ئاڭلىغانمىكىن؟ ھەي... گۈلەمبەر مېنى مۇشۇ كۈنلەرگە سېلىپ قويۇپ ئۆزى نېمە قىلىپ يۈرىدىكىن؟ تارتىۋاتقان ئازابلىرىمنىڭ مىڭدىن بىرىنى بىلسىدى، ئاندىن ماڭا ئىچى ئاغرىغان بولاتتى، ئۇنداق جاھىللىق قىلىپ مېنى ئازابلاپ يۈرمەيتتى. ياكى مەن خاتا پەرەز قىلغاندىمەنمۇ؟ ئۇ ئۆزى ئېيتقانىدەك راستىنلا لايىقى بولۇپ ئاللىقاچان پۈتۈشۈپ بولغان بولمىغىيدى؟ ئەنۋەر ئويلانغانچە ئازابلانىدى، ئۆزىگە ئېچىندى، ئىچ ئاغرىتتى. دېمىسىمۇ ئۇ ھازىر شۇنداق بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغان، تۇرقىدىن غېرىبلىق، نېرى - نېرىدىن بىر خىل مۇڭ - ھەسرەت چىقىپ تۇرىدۇ. قانداق بولدى، كۆزىدىن مەرۋايىتتەك بىرتامچە ياشنىڭ دومىلاپ چۈشكىنىنى ئۇ ئۆزىمۇ سەز-مىدى. مانا بۇ، يۈرىكىنىڭ لەختە - لەختە بولۇشىدىن، زەردابقا تولۇشىدىن چىققان ھىجران يېشى ئىدى. ئەنۋەر ئەمدى بۇ ئىشلارنى ئوبدانراق ئويلىنىدۇ، ھېلىقى كىر-پىك سېلىنغان نەس قۇتىنى كوكۇم - تالقان قىلىدۇ، گۈلەمبەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنتۇشقا تىرىشىدۇ، ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا يەككە - يېگانە ئۆتۈپ كېتىدۇكى، زىنھار يەنە بىر قىزغا گەپ قىلىپ يۈرمەيدۇ... ئەنۋەر قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدەك بولدى. ئەمما نېمىشقىدۇر بىر نەرسىدىن شۈركەنگەنىدەك پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆتكەن قېتىم مۇرەسسە قىلىپ كىرپىكنى تاشلىۋېتىشكە، ھېلىقى قۇتىنى سۇندۇرۇپ چۆل - چۆل قىلىۋېتىشكە قولى بارمىغان. بۇ قېتىم ساقىيىپ چىققاندىلا ئالدى بىلەن ئىشنى

ئاشۇ كىرپىكنى يوقىتىشتىن باشلايدۇ. بۇ قېتىم ئۇ كەسكىن، قەتئىيلىك بىلەن ئىش كۆرىدۇ، ئۆزىنى بىر ئۆمۈر ئازابلاپ نابۇت قىلىۋېتىشنى خالىمايدۇ... شۇلارنى ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ يۈرەك بېغىشى نېمىگىدۇر تارتىشقاندەك، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى چىمىلدىغاندەك بولدى. ھەي مۇشۇ دوختۇرلارنىڭ ھەر - ھەر كېسەللەرنى داۋالاشتا ئېپى بارئىكەن، بىراق، ماڭا ئوخشاش روھىي ئازاب كېسىلىگە دۇچار بولغانلارنى داۋالىيالمايدىكەن.

— جانىڭ راھەتنى سىزلا ئاپىرىزغۇ ئەنۋەر، — مانا، مانا ئەنۋەر چاقچاق قىلغۇچىنىڭ دىلنۇر ئىكەنلىكىنى قارىمايمۇ بىلىۋالايدۇ، — ياخشى بولۇپ قالغاندەكمۇ؟

— ئوبدان... كېلىڭ ئولتۇرۇڭ.

— قارىمامسىز، ئالدىراشچىلىقتا ھالىڭ نېچۇك دەپ كىرىشكىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ بولالمىغىنىمنى.

— ھېچقىسى يوق.

— ھەي ئەنۋەر، سىززە مۇشۇ كۈنلەردە دائىملا ھاراق ئىچىدىغان يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالدىڭىز جۇمۇ، ھېلىمۇ ياخشى شۇ كۈنى سېيىت مۇئەللىم سۇغا چىقىپ قالغىنى، بولمىسا سىز بىلەن دىدارلىشىشمۇ نېسىپ بولمايدىكەن.

— ئۇنداقتا مېنى سېيىت مۇئەللىم دوختۇرخانىغا ئەپكېلىپتىكەن - دە؟

— شۇنداق بولمايچۇ، ئۇ سىزنى دوختۇرخانىغا ئەپكېلىپ، تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ دوختۇرلارنى تېپىپ، بېشىڭىزنى يەتتە يېپىلىق قىلىپ تىكتۈرگەن گەپ. ئۆزىغۇ بۇ گەپلەرنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدىكەن، دوختۇرخانىدىكى بىر تونۇشۇمدىن ئاڭلىدىم، ئۇ ھەتتا شۇ كۈنكى ئەھۋالغا قاراپ سىزنى سېيىت مۇئەللىمنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

— تازا سەت ئىش بوپتۇ - دە.

— سىزدىن بىر نەرسىنى سورىسام بولامدۇ؟

— سوراۋېرىڭ.

— شەخسىي تۇرمۇشۇمغا چېپىلىۋالدى دەپ قالماڭ، سىز دەسلەپ كەلگەندە ھاراق ئىچمەيتتىڭىز، ئەمدىلىكتە نېمە ئۈچۈن دائىم ئىچىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟

— زادى دېمىسەم بولمامدا؟

— بەك دېگىڭىز بولمىسا مەيلى، ئەمما مېنى دوست ھېسابلىسىڭىز بىلىپ قالسام.

شۇنداق بىر سەممىي قىز ئەينى چاغدا ئەنۋەرنىڭ ئالدىدا يېلىنغان، ئۇنىڭدىن مۇھەببەت تەلەپ قىلغان ئىدى - ھە؟ مانا ئەمدىلىكتە يەنە ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بولماقچى.

— سىزگە ئۆتكەندە گۈلەمبەرنىڭ گېپىنى قىلغانىدىم. بەلكىم ئېسىڭىزدىدۇ، بىراق، نېمىشقىدۇر ئۇ قىز تۇرۇپلا تەلىپىمنى رەت قىلىۋەتتى، چىڭ يېرىگە كەلگەندە «لايىقىم بار» دەيدۇ. شۇمۇ گەپمۇ؟ بەزى ئىشلارنى ئويلىسام ئۆزۈمگە كايىپ كېتىمەن، يەنە نېمىشقىدۇر ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرىنى ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغاندەك، تەگسىز

بىر چوڭقۇرلۇق ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن، گۈلەمبەرنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ دەپ قالىمەن، شۇ ئىچ پۇشۇقى ئىچىدە كۆپرەك ئېچىدىغان بولۇپ قالغاندىمەن، ئۆزۈمۇ ياخشى قىلمىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرىمەن، بىراق ئامالىم يوق...

دىلنۇر ئىنىسىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمدى چۈشەندى. ئۇنىڭ يىغىسىندا ئادەمنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ئەھۋالىنىمۇ چۈشىنىش كېرەك دېگىنى توغرا بوپتىكەن، دانا ھازىر ھەممىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئەمدى ئەنۋەرنى بۇ ئازابتىن قۇتقۇزۇشى كېرەك. مەن ئەمدى گۈلەمبەرنى تاپاي، — ئويلىدى دىلنۇر، — ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، ئەھۋالنى چۈشەندۇرۇپ، ئۇنى قايىل قىلاي، ھېچ بولمىغاندا ئەنۋەرنىڭ ياخشى يىگىت ئىكەنلىكىنى دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گۇمانىنى توگىتەي...

— خوش ئەنۋەر، — ئورنىدىن تۇردى دىلنۇر، — باشقا خىياللاردا بولماي ئوبدان دەم ئېلىڭ، مەن يەنە ۋاقىت چىقىرىپ سىزنى يوقلاپ تۇرىمەن. قانداق ئېسىل قىز ـ ھە؟ كۆڭلى ـ كۆكسى بىر دەريا، باشقىلاردىن ياردىمىنى ئايىمايدىغىنىچۇ تېخى!

دىلنۇر بىر كۈنى ۋاقىت چىقىرىپ ئۇدۇل گۈلەمبەرنىڭ قېشىغا باردى.

— قېنى ئۆيگە كىرىڭ، — گۈلەمبەر ئۇنى خالار ـ خالىمايلا ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

دىلنۇر چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ گۈلەمبەرگە قارىدى. گۈلەمبەر بېشىنى تۆۋەن قىلغان ھالدا جىممىدە ئولتۇراتتى. ئۇزايىدىن بىر ئىشتىن غەم يەۋاتقاندەك، زادىلا ھەل قىلغىلى بولمايدىغان قىيىن بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندەك ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان دەردلىك تۈيغۇسىنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئېغىر ئۇھ تارتىپ قوياتتى. دىلنۇرنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئىچى سىيرىلدى.

— مەن سىز بىلەن بىر ئىش توغرىلىق پاراڭلاشقىلى كەلگەنىدىم، ـ دېدى دىلنۇر بىرئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن سىنچى كۆزلىرىنى گۈلەمبەرگە تىكىپ.

— نېمە ئىش ئىدى ؟— گۈلەمبەر ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى.

— ئەنۋەر بىلەن سىزنىڭ ئىشىڭىز توغرىلىق.

— نېمە دېدىڭىز؟! مەن بىلەن ئەنۋەر توغرىلىق !— گۈلەمبەر بىرنېمىدىن چۆچۈگەندەك ئەندىكتى، قىزارغان كۆزلىرى جامدەك ئېچىلدى، — ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ھېچقانداق ئالاقەم يوق، — ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە قايتىشقا تىرىشتى گۈلەمبەر.

— مەن ئەھۋالنى ئانچە چۈشەنمەيمەن، لېكىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئەنۋەر ئۆزىنىڭ سىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈدىغانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ئېيتقان، شۇڭا مەن بۈگۈن مۇشۇ ھەقتە ئالايىتەن سىز بىلەن سۆزلىشەي دەپ كەلدىم.

— سىز ؟!...— گۈلەمبەر ئۇنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك تەئەججۈپ نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى، — قېنى سۆزلەڭ.

— ئاڭلىسام سىز ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپسىز، توختاپ تۇرۇڭ، گېپىمنى قىلىۋالاي، ئەمما ئەنۋەرنىڭ سىزنىڭ دەردىڭىزدە قانچىلىك ئازاب چەككەنلىكىنى بىلەمسىز؟ مەن سىزگە ئېيتىپ بېرەي. ئۇ سىزنى دەپ تۇرمۇشتا بەكلا چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. كۈندە قارىسىڭىز ياتىقىدا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان، يېقىندا ھاراقنى

نى بولۇشىچە ئىچىپ ئۈستەڭگە يىقىلىپ چۈشكەنمۇ، بېشىنى يېرىۋاپتۇ، ھازىر يېزا دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتىدۇ.

— ئېغىر ئەمەستۇ؟

— ياق!

— ئاھ نېمە كارامەت بۇ؟ ئەنۋەر شۇنچە ئازاب چەكسۇن، ئۆزىمۇ يەتكۈچە ئازابلانسۇن، ئۇلارغا يەنە نېمە كەم ئەمدى؟! — گۈلەمبەرنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى، — مەن تېخى دىلنۇرنى ئەنۋەر بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىكىن دەپ ئويلاپ يۈرۈپتىمەن، خاتا چۈشەنگەن ئىكەنمەن، بىچارە ئەنۋەر قانچىلىك ئازاب تارتقا؛ سىزھە...؟ گۈلەمبەر شۇلارنى ئويلاپ، ئالدىقاندىق بىر سېزىم تەسىرىدە سىلكىنىپ كەتتى. دىلنۇر ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشقا قاراپ ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە قول ياغلىقىنى ئۇزارتىپ دېدى:

— سىز ئۇنى ياخشى كۆرمەمسىز؟ راستتىنلا ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىمەيدۇ دەپ قارامسىز؟

— بولدى سۆزلىمەڭ دىلنۇر، مەن ئۇنى سىز ھېس قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈمەن!! — گۈلەمبەر دىلنۇرنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى، — مەن ئۇنى نېمىشقا ياخشى كۆرمەي؟ بۇ خىل ياخشى كۆرۈشنىڭ چېكى بولمىسا كېرەك، ئەمما سىزمۇ بىلىسىز، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ بار. مەن قانچە ئازابلانسام، ئەنۋەرنى ياخشى كۆرۈش ھېسابىغا ئۇنىڭ بەختىگە ئۇلتۇرۇشنى، ئىستىقبالىنى غۇۋالاشتۇرۇشنى، جەمئىيەتتىكى ئورنىغا تەسىر يەتكۈزۈشنى خالىمىغاچقا، ئۆزۈمنى مەجبۇرىي قىيناپ، ئۇنىڭغا «لايىقىم بار» دېگەن، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ يەنە نېمە لايىقىم بولسۇن؟!

دىلنۇر قانداقتۇر ئاجايىپ بىر ھېكايىنى ئوقۇغاندەك گۈلەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندى، ھەيران قالدى، گۈلەمبەرنىڭ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا زوقلىنىش، ھەۋەس ئىچىدە قاراپ كەتتى. نېمە دېگەن بەختلىك قىز بۇ، ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان بەخت ئۇنىڭغا نېسىپ بولدى، ھەممە ئىش ئايدىڭلاشتى، ئەنۋەرنىڭ يەنە ئازاب تارتىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

— كېپىم شۇ ئىدى، ئەنۋەرنىمۇ، ئۆزىڭىزنىمۇ ئازابلاپ يۈرمەي ئۇنىڭ يېنىغا تېزرەك بېرىڭ، سىزگە بەخت تىلەيمەن، — دىلنۇر گۈلەمبەر بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، كۆزىدىن سىرغىپ چۈشكەن بىر تامچە يېشىنى ھەرقانچە قىلىپمۇ يوشۇرۇپ قالالمىدى.

نېمە دېگەن ياخشى قىز-ھە؟! ئۇزىتىپ چىققان گۈلەمبەر دىلنۇرنىڭ ئارقىسىدىن ھۆرمەت، سۆيۈنۈش ئىچىدە قارىدى، — مەن راستتىنلا مۇنداقلارنىڭ ئالىيجانابلىقىدىن ئۆگىنىشىم بولغۇدەك...

ئەنۋەر ھازىر خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغان، ئەتىلا دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتىشنى ئويلاۋاتاتتى. چۈشتىن بۇرۇن ئوچۇق تۇرغان ھاۋا ئەمدىلىكتە تۇتۇلغان، ھايال بولماي يامغۇر ياغىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئەنۋەر يانچۇقىدىن كىچىككىنە قىزىل تاشلىق

خاتىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى يازدى ۋە خاتىرىنى ۋاراقلاپ، دەل ئوتتۇرىسىدىن بىر ۋارىقىنى يۇلۇپ ئالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قوشۇما قاشلىرى ئاستىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرى ئاشۇ بىر پارچە قەغەزگە مىختەك قادالغانىدى. قايسى كۈنى يازغان شېئىرى بولغىيتتى بۇ. ئەنۋەر تۆۋەندىكى مىسرالارنى يەنە بىر رەت ئوقۇپ چىقتى:

بولدى جاھان ماڭا خۇددى گۆرىستان،
ئاڭلىمىدى يارىم يۈرەك زارىمنى.
ئۆتۈپ كەتكەن ئۇنتۇلغۇسىز شۇكۈنلەر
چەكمەكتىدۇر دەردلىك يۈرەك تارىمنى.

ئەقىدەمنى چۈشەنمىدى گۈل سۈپەت،
تىڭشىمىدى نىداھىمنى، ئاھىمنى.
كېتەي دەيمەن بىر يولى بۇ دۇنيادىن،
دەپنە قىلىپ بارلىق سۆيگۈ سىرىمنى.

قاملاشمىغانىكەن. ئېمىشقا شۇ ئىش ئۈچۈنلا ياشىماسلىقنى قارار قىلىدىكەنمەن؟ — ئويلىدى ئەنۋەر، — مەن ئەمدى يېڭىچە ياشايمەن، بۇندىن كېيىن مۇنداق ئېتىقىسىز شېئىرنى يازمايمەن! ئۇ قەغەزنى پۇرلاپ - پۇرلاپ تاشلىدى.

— تاك... تاك... تاك...

ئىشىك تولىمۇ بوش چېكىلدى. ئەنۋەر ئىرەنىسىزلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. سېيىت مۇئەللىم مەن بىلەن مۇڭداشقىلى كەپتۇ-دە، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە تەسەللى بەرمەكچى، لېكىن مەن ئەمدى تەسەللىگە ئېھتىياجلىق بولمىسامۇ، ئۇنىڭغا يەنە مۇھتاج، شۇڭا مەن ئۇنى ھەر ۋاقىت قارشى ئالىمەن. ئەنۋەر شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى-يۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ياداپ كەتكەنىدىن بويۇن تومۇرلىرى چوكىدەك كۆپۈپ چىققان گۈلەمبەر بىر تور سومكا ئالما كۆتۈرگەن ھالدا يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى مىسكىنلىك، بىچارىلىك ئىچىدە ئۇنىڭغا تىكىپ قاراپ تۇراتتى، گۈلەمبەرنىڭ بۇ قاراشلىرىدا يەنە ئاللىقانداق ئېچىنىش، پۇشايمان، ھەسرەت ۋە ئۈمىد نۇرلىرى چاقنايتتى.

— كىرىڭ، ئىچكىرىگە كىرىپ ئولتۇرۇڭ، — ئەنۋەر ھولۇققىنىدىن باشقا گەپ تاپالماي ئارانلا شۇ گەپلەرنى دېيەلىدى. گۈلەمبەر قولىدىكى ئالمىلارنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ، ئەنۋەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى ياپراقتەك تىترىمەكتە ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ بېرىپلا ئەنۋەرنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ قانغۇچە يىغلىۋالسا، ئۇنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ بىردەم تۇرۇۋالسا بىرئاز يەڭگىللەپ قالامتىكىن. بىراق ئۇ شۇنداق قىلسا، خۇددى ئەنۋەر ئۇنى ئىتتىرىۋېتىدىغاندەك ئۇنىڭغا گۇناھكارلارچە تىكىلدى. ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى پەقەت ئىككى مېتىرلا. ئۇلار بىر-بىرىگە

ئۇنسىز قارىشىپ تۇرىدۇ. ھەر ئىككىلىسى ئۇششۇكتە قالغان مايسىدەك شۈمشەيگەن، يۈرەكلىرى مۆلدۈر سوققان ئۆرۈكتەك زىيدىلەنگەن. ھەر ئىككىلىسى بىچارە، غەمكىن، تولىمۇ مۇڭلۇق. ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرى: گۈلەمبەر، سىز ماڭا خۇشاللىق ۋە بەخت ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ ياكى مېنى دوزاخقا ئىتتىرگىلى يەنە بىر شۇم خەۋەرنى كۆتۈرۈپ كەلدىڭىزمۇ؟ نېمىشقا كەلدىڭىز؟ مەن تالاي-تالاي كۈنلەرنى سىزنىڭ دەردىڭىزدە باياۋاندىكى قاقشالدەك سۆيگۈڭىزگە تەشنا بولۇپ، زار-زار قاقشاپ ئۆتكۈزدۈم، شۇلارنى ئازراق بولسىمۇ ئويلاپ باققانسىزمۇ؟ دېسە، گۈلەمبەرنىڭ كۆزلىرى: ئەنۋەر، ھەر ئىككىلىمىز ئوخشاشلا ئازاب چەكتۇق، ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىدىن بولدى، سىزنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ، شۇ تاپتا يۈرىكىمنى يېرىپ كۆرسەتكىلى بولسا ئىدى، مېنىڭ چەككەن رىيازەتلىرىمنىمۇ سىز بىلىپ قالاتتىڭىز، دېمەكتە.

— ئوبدان تۇرامسىز؟ — ئارىدىكى جىمجىتلىقنى ئاخىرى گۈلەمبەر بۇزدى.

— ئەتە دوختۇرخانىدىن چىقسام مىكىن دەيمەن، — بېشىنى تۆۋەن قىلدى ئەنۋەر.

— ھاراقنى ئازراق ئىچسىڭىز بولماتتى، — چېقىشتى گۈلەمبەر، — شۇنداقمۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلامدۇ كىشى، — گۈلەمبەرنىڭ ئاۋازىدا بىلىپ بولماس بىر يېقىملىق، ئەركىلەش بار ئىدى. شۇندىلا ئەنۋەرنىڭ ۋۇجۇدى قايتىدىن ئىللىغاندەك، تومۇرلىرىدىكى قان يېڭىباشتىن ئوخچىغاندەك بولدى.

— گۈلەمبەر، ئەمدى يەنە يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. راستىنى ئېيتىڭا، سىز مېنى زادى ياخشى كۆرمەمسىز؟ راستىنىلا باشقا بىرى بىلەن... گۈلەمبەر ئەنۋەرنىڭ يېنىغا كېلىپ قولى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى توسۇپ قويدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ئەگىگەن ياش خۇددى ئەتىرگۈل بەرگىدە يالتىرىغان شەبنەمدەك لىغىرلىدى.

— ئەمدى ئۇ گەپلەرنى دېمەڭ ئەنۋەر، مەن بۈگۈن سىزنىڭ ئالدىڭىزغا مۇشۇ ئىش بىلەن كەلدىم، — ئۇ قىپقىزىل ئالمىدىن بىرنى ئېلىپ ئاقلىغاچ ئەنۋەرنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇۋېتىپ دېدى، — ئەگەر خالىسىڭىزلا مېنىڭ يېگانە يۈرىكىم ئەبەدىل-ئەبەد سىز ئۈچۈن سوقىدۇ.

ئەنۋەر قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى، ھاياجانلانغانلىقىدىن ئاغزى گەپكىمۇ كەلمەي قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھېسابسىز شادلىق ھازىر كۆزلىرىدە خۇشاللىق، بەخت نۇرى بولۇپ چاقنىماقتا. يۈرىكىدىكى قانلار داۋالغۇپ، ئۆزىنى يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلماقتا. ئۇ گۈلەمبەرنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلەر بىلەن قورشىلىپ تۇرغان كۆزلىرىگە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى.

— قېنى، ئېلىڭ، — گۈلەمبەر ئاقلانغان ئالمىنى ئەنۋەرگە ئۇزارتتى. ئەنۋەر تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئالمىنى گۈلەمبەرنىڭ قولى بىلەن قوشۇپلا تۇتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەشكە، بىر خىل يوشۇرۇن قوزغاتقۇچى كۈچنىڭ

تەسىردە تىپىرلاشقا باشلىدى:

ئۇھ، مەن نېمە دېگەن بەختلىك ،— ئويلىدى گۈلەمبەر ئالمىنى شۈمۈپ. شۈمۈپ يەۋاتقان ئەنۋەرنىڭ كۆزلىرىگە نازلىق بىلەن قاراپ ،— شۇنچە ئازابتىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېرىشەرمەن دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ئۇ ئۆز مۇھەببىتىگە قانداق سادىقەتمەن-ھە؟ دۇنيادا ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەم بىلەن بىرگە بولۇشتىن، ھايات لەززىتىنى ئورتاق سۈرۈشتىن ئارتۇق خۇشاللىق بولماس، مانا مەن ئاخىرى ھەقىقىي بەختكە ئېرىشتىم...

— تەقدىر دېگەن ئاجايىپ نېمىدە ،— دېدى ئەنۋەر چوڭقۇر خورسىنغان ھالدا قول ياغلىقى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ ،— ئادەمنى بۇ جاھاندىن بەزدۈرۈپمۇ، زېرىكتۈرۈپمۇ قويىدۇ، خۇشاللىقمۇ، بەخت-سائادەتمۇ ئاتا قىلىپ، شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلدۈرۈپ، تېخىمۇ ئۇزۇن ياشىسامكەن دېگۈسىنى كەلتۈرىدۇ... شۇنداق سىرلىق، گۈزەل ئازابلىق تۇرمۇش كارتىنىلىرىغا قاراپ، ئادەمنىڭ كۈلگۈسى كېلىدۇ. ئىلگىرى مەن سىزنى توي قىلىپ بولغاندۇ، دەپ ئويلايتتىم، ئۈمىدىممۇ ئانچە چوڭ ئەمەستى، بىراق سىزنى كۆرۈۋېلىش ئىستىكىدە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىزگە تارتىشىپ مۇشۇ يەرگە تىلەپ قىلىپ كەلگەن، ئويلىمىغان يەردىن... ئەنۋەر ئوتتەك قوللىرى بىلەن گۈلەمبەرنىڭ قوللىرىنى سىلىدى، ئۇ بۈگۈن باشقىچە خۇشال، ئۆزگىچە بىر ئەنۋەر.

— مېنى ئەپۇ قىلىڭ ،— دېدى گۈلەمبەر قوللىرىدىن پۈتۈن بەدىنىگە تاراۋاتقان ھارارەتلىك ئېقىمدىن مەستخۇش بولۇپ، — مەن تېخى سىزنى ئۇنتۇپ كەتكەن چېغى دەپ ئويلاپتىمەن، ئەمدى مېنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمەيدىغۇ دەپ ھېسابلىغاچقا، ئۆزۈمنى، سىزنىمۇ بىكارلا ئازابلاپ يۈرۈپتىمەن... بولدىلا، بۇلارنى دەپ نېمە قىلىمىز، ئاشۇ ئازابلىرىمىزنى مەڭگۈلۈك دەپنە قىلىۋەتسەك بولمىدىمۇ.

— توغرا، بىز ئەمدى ھەقىقىي پاك سۆيگۈ ئارقىلىق ئېرىشكەن بەختنىڭ شېرىن لەززىتىدىن بەھىر ئېلىشقا ھەقلىق، سىز ئەمدى مېنىڭ، سىزنى ئەمدى ھېچكىم مەندىن تارتىۋالالمايدۇ. بىز ئەمدى توي قىلىمىز، شۇنداقمۇ گۈلەمبەر؟

— شۇنداق... ئاھ! مەن ھازىر نېمىدېگەن بەختلىك... — گۈلەمبەر ئەنۋەرگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويغىنىچە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى... شۇنداق، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ يىغىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىغا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، لېكىن بۇرۇنقى يىغلىرى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئەنۋەر گۈلەمبەرنىڭ چاچلىرىنى پۇرىدى، ئاندىن قۇلاق تۈۋىدىكە، مەڭزىدىكە ۋە ئوتتەك قىزىق نېپىز لەۋلىرىگە قانماي سۆيدى. گۈلەمبەر ئاتەشلىك سۆيگۈدىن مەستخۇشلىنىپ، بەختىيارلىق ئىچىدە شۈۋرىلىدى.


— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي جېنىم ئەنۋەر، ئەمدى تەلۋىلەرچە ھاراق ئىچىدىغان ئىشنى قىلمىسىڭىزكەن...

— سىز تۇرغان يەردە ھاراق ئىچىشنى كىم قويۇپتۇ ماڭا ،— ئەنۋەر گۈلەمبەرنىڭ چۆچۈرىدەك يۇمشاق قۇلاقلىرىغا سۆيۈپ تۇرۇپ پىچىرلىدى؛ — ئۆتكەندە پەقەت سىزنىڭ

دەردىڭىزدىلا ئازابلىرىمنى ھاراق بىلەن بېسىش ئۈچۈن ئىچكەنىدىم. ھازىر سىز مېنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز... ئۇلار سۆيگۈنىڭ كۈچلۈك سېھرىي كۈچىدىن مەست بولۇشقان، كېچە - كۈندۈز زارىقىپ كۈتكەن مىنۇتلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن، ئىنتىزارلىق، دەرد - ئەلەم ئىچىدە تەلپۈنگەن دەقىقىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە كۈلۈپ باققانلىقىدىن سۆيۈنۈش ۋە ھۇزۇرلىنىش ئىچىدە بىر - بىرىنىڭ يۈرىكىگە ئۈنسىز شىۋىرلاشماقتا، ھەقىقىي پاك سۆيگۈنىڭ گۈزەل، يېقىملىق سىمپونىيىسىگە چىن مۇھەببەتنىڭ يۈرەكنى تىترەتكۈچى لىرىك كۈيلىرىنى تەڭكەش قىلىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن بىنا قىلىنغان مۇئەللەقتىكى چاھار باغدا سەيلە قىلماقتا، شۇ تاپتا ئەنۋەر لەۋلىرىنى غىدىقلاۋاتقان كىرپىكلەرنى ئانا بوۋاقىغا كۆيۈپ كېتىپ سۆيگىنىدەك سۆيمەكتە... ياق - ياق، ئۇ ئەمدى ھېلىقى كىرپىكنى — مۇنۇ كىرپىكلەرنىڭ ھەمراھىنى مەڭگۈ قەدىرلەپ ساقلايدۇ، قۇتىنىمۇ ھەرگىز سۇندۇرۇۋەتمەيدۇ... ئەنە شۇ كىرپىك ئۇلارنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق مۇھەببەت تارىخىنىڭ جانلىق شاھىدى سۈپىتىدە ئەبەدىي ساقلىنىدۇ...

خىلۋەت سەھرا، ئۆستەڭدىكى سۇ تىپتىنىچ ئاقماقتا. ئەتراپ كۆكۈم پەردىسى بىلەن ئورالغان، ھەر خىل خۇش پۇراقلىق گۈللەرنىڭ مەززىلىك ھىدى دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. شۇ دەقىقىلەردە ئەنۋەر بىلەن گۈلەمبەرنىڭ شېرىن مۇھەببەت ئەشلىمىلىرى، يېقىملىق شىۋىرلاشلىرى، كەلگۈسى ئۈچۈن دېيىشكەن يارقىن سۆزلىرى قەلب دەريالىرىدا شەربەت بولۇپ ئېقىپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىغا سىڭىپ كەتتى...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم



# ئۈمىد چېچەكلىرى

(6)

ئابابەكرى تۇختى

## تۇمانلىق سەھەردە يوقالغان ئۆتمۈش

### خەير-خوش، باللىق

بىلەلمەيمەن سۆيگۈ سىردىنى،
خۇددى سەندەك، خۇددى سەندەكلا.
سەنمۇ ئاخشام ئىدىڭ بىر گۆدەك،
خۇددى مەندەك، خۇددى مەندەكلا.
باقتى كۈلۈپ ئۇن توققۇز كۆكلەم،
خۇددى سەندەك، خۇددى سەندەكلا.

يېتىرقاشتا تىكىلسەم ئۇزاق،
يەم بولمەن جەرەن كۆزۈڭگە.
بىلمەيسەن ئاھ شىتىلە قىزچاق،
رام قىلسەن مېنى ئۆزۈڭگە.
سەنلا مېنىڭ بولساڭ يېنىمدا،
يەم بولمەن جەرەن كۆزۈڭگە.

چوڭ بولۇشنى خالىمساممۇ،
ئۇن توققۇزغا قالدىم مەن كىرىپ.
مۇز ئىچىدە پارلاپ زەر قۇياش
تەنتەكلىكىم كەتتىغۇ ئېرىپ.
شۇنداق، شۇنداق بەكمۇ تۇيۇقسىز
ئۇن توققۇزغا قالدىم مەن كىرىپ.

### سۈكۈنات

سۈكۈنات
بېسىپ كىرەر قاراڭغۇلۇقتەك،
قەلبىمنىڭ چەكسىز دالىلىرىغا.
گۈل سېپۈتىڭ كەتتى ئۆرۈلۈپ،
بەخش ئېتىپ ماڭا مەڭگۈلۈك
سۈكۈناتلىق ئاچچىق بىر يىغا.
ئۆزۈمنى قۇچاقلاپ سۆيۈمەن ئۇزاق!
سەن باردەك جىسمىمنىڭ مەلۇم يېرىدە.
ئاھ يەنە سۈكۈنات كېلىدۇ غالىپ،
ياش تولغان كۆزلىرىڭ ئۆچەر جىسمىدە.
سۈكۈنات
داۋام قىلار شۇنچە ئەسەبىي،
مەن ئۇندىكى يىغلاڭغۇ سادا.
سۈكۈناتتا سۆيگەنتىم سېنى،
سۈكۈناتتا ئېيتىمەن شۇڭا
بەختىڭ ئۈچۈن مەڭگۈ ئەلۋىدا ...

### سەن ماڭا خوش دېمەي كەتكەن شۇ كېچە

ئۇنتۇلغان ئېڭىمدا كۆيۈك يارىسى،
بىر دەملىك بەزلەنگەن تۇيغۇدىن ياشناپ.
بىراق سەن خوش دېمەي كەتكەن شۇ كېچە
تاشلىدى قەلبىمگە ئاچچىق ئىزتىراپ.

تۇمانلار يالىمىغان دەردلىك تەبەسسۇم
ياپراقلار مەڭزىدە قالغاندەك ئۆگدەپ.
چىللايتتى ئاھ شۇنچە يىراق بىر كۈيىنى،
ھىجرانلىق كۈنلەرنى سۆيۈشكە ئۈندەپ.

سۇتتەك ئاق پەسلىمدىن ئۇچتى تەنھا قۇش،
يۇلتۇزلار چېچەكلەپ كەتكەن ماكانىغا.
شۇندىمۇ سەن كەتكەن ئاشۇ كېچىنى
ئۇنتۇشۇم چۇشمىدى زىنھار ئاسانىغا...

## شۇنداقلار كۆلكەمنى قىستايدۇ ئەجەپ

(بىر شائىرنى دوراپ)

ماختايدۇ بەزىدە سېنى كۆپتۇرۇپ؛
گۇل قىلىپ چاچىدۇ ئالقىش سۆزىنى.
سەن ھەيران بولمىغىن بۇنىڭدىن زىنھار،
بۇ ئۇنىڭ كۆرگىنى سەندە ئۆزىنى.

تىللايدۇ بەزىدە سېنى چۆكتۇرۇپ،
تىكىدۇ خەنجەردەك قانلىق كۆزىنى.
بۇ چاغدا ماختاشتىن سۆز ئاچما، چۈنكى
سەندىن تاپالمىغان ئۇ ئىزدەپ ئۆزىنى...

## نە ئۈچۈن بولمايسەن ئۇنتۇلغان بىر چۈش

ياپراقلار مەگزىدىن سىرغىغان كۆز ياش،
تۇمانلىق سەھەردە يوقالغان ئۆتمۈش.
يوق ئەمدى سېغىنىش، چەكسىز ئېچىرقاش،
قەلبىمگە ھۆكۈمران ئەسەبىي ئۆكسۈش،
نە ئۈچۈن بولمايسەن ئۇنتۇلغان بىر چۈش؟

كىرپىكلەر نۇرلارغا بولالماس سىرداش،
نىگاھلار سېھرىدىن يوقالمايدۇ ھوش.
يىتتى ئاھ سۆيگۈمنى يورۇتقان قۇياش،
ئۇ گويا زۇلمەتكە بەنت بولغان قۇش،
نە ئۈچۈن بولمايسەن ئۇنتۇلغان بىر چۈش؟

چۈشەندىم ئىكەنىمۇ باغرىلىق شۇنچە تاش،
كېچىنەك خۇلقىڭدىن بولغاندا خامۇش.
ھەركىمگە ھەر خىلدا ئۇراركەنسەن باش،
يوق ئىكەن سېنىڭدە پاك ۋىجدان، نومۇس،
نە ئۈچۈن بولمايسەن ئۇنتۇلغان بىر چۈش؟

بولمىدى سېنىڭدە قىلچىلىك ئاياش،
دېمىدىڭ ھەتتاكى ئايرىلىشىمۇ «خوش».
مەن سېنى بىلگەنگە مەڭگۈلۈك قاياش،
قاي قىسمەت قوينىغا تاشلار بۇ تۇرمۇش؟
نە ئۈچۈن بولمايسەن ئۇنتۇلغان بىر چۈش؟

## ئانا سەھرا، مەسۇمە قىز

ئانا سەھرا، مەسۇمە بىر قىز
يوللىرىڭدا يۈگرەيدۇ ئۇزاق.
تۆكۈلىدۇ ئىزلارغا ھالسىز،
شېئىر ئوقۇپ شاختىن يوپۇرماق.

تاك شامىلى سۆيگەن ئوپۇقلار،
قۇچاقلاڭلار ئۇنى يېنىشلاپ.
ئەي ئالەمنىڭ چىرىغى قۇياش،
چاچ نۇرۇڭنى ئاڭا بېغىشلاپ.

نۇرلىرىڭدا يۇيۇلسۇن ھەسرەت،
كەلسۇن شادلىق كۈيىنى باشلاپ.
چۈشەندۇرگىن ئۇڭا ھاياتنى،
ئۇ ھەممىنى كەتمىسۇن تاشلاپ...

## غېرىب شەھەر

چۈشلىرىمگە كىرىدۇ پات ـ پات،
غېرىب شەھەر ۋە غېرىب قىزچاق.

بېكەتتىكى بارلىق يولۇچى
مەن بوپقالسام بىر كۆنلەر كېلىپ.
كىملەر شۇ چاغ قويار ئۈزىتىپ،
كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ؟

دىلخانەمگە ئېقىپ كىرسە گەر،
يىراقلاردىن ئىللىق تەبەسسۇم.
«خەير-خوش» دەپ سوغۇق دۇنيادىن
خوشلىشىمەن ئۈن-تىنسىز چوقۇم.

ئادرېسىمنى يوقاتتىم تالاي،
مەن كىم زادى، كەلدىم قەيەردىن؟
كەتمەكچىمەن شۇڭا يېنىڭغا،
كۆز يېشىمغا چۆمگەن شەھەردىن.

چاقىرىدۇ توپ - توپ پادا ھەم،
جاڭگالدىكى يالغۇز ئاياغ يول.
ئوماققىنا ياۋا چېچەكلەر،
كۈلۈمسىرەپ تەڭلىشىدۇ قول.

تاقىلدىغان پويىز ئاۋازى
بارا - بارا كېتەر يىراقلاپ.
مەن ئۆزۈمنى ئۇزاتماق بولۇپ،
قالىمەن يەنە ئۆزۈمنى ساقلاپ...

چۈشلىرىمگە كىرىدۇ پات - پات،
غېرىب شەھەر ۋە غېرىب قىزچاق.

ئەركىن داۋۇت

# ئايدىڭدا پۈتكەن مىسرالار

## ۋىجدان

1

ئاھلىرىڭنى سۇمۇرۇپ ياپراق،
پىغان ئىچرە باقىدۇ كۆلگە.
مىسكىن تۇيغۇ قىسىپ بويىنىنى،
مىلىنىدۇ تاشلاندۇق كۆلگە.

قوغداپ سېنىڭ ئېسەنلىكىڭنى،
سالار بۆركۈت تۈلكىگە قامال.
چېچىپ ئىنساب ئۇرۇقلىرىنى،
ھەر ئۆتەڭدە تونەيدۇ شامال.

2

ئاچچىق - ئاچچىق چېكىسەن ھەسرەت،
قەيەردىدۇر بولغاندەك ماتەم.
ۋە بەزىدە ئېگرايسەن ئەنسىز،
ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك ئالەم.

كۆچكە تولدۇڭ، ھەيۋەڭدىن ھۇقۇش —
بولدى غايىب كۆزۈڭدىن يىراق.
كۆيلەپ شۇئان جاسارىتىڭنى،
بولدۇقلىدى كۆمۈش رەڭ بۇلاق.

3

قان ۋە زەرداب قىيىندى بەكلا،
شۇنداقتىمۇ بەردىڭ كۆپ چىداش.
يۈدىدىڭ غەمنى كېچە - يۇ كۈندۈز،
قىلىپ گويا يەلكەڭگە ھاپاش.

رىياكارلار، ئازغۇنلار سىىنى،
قىلماق بولدى مەجرۇھ ۋە ھالسىز.
بىر تومۇردا قالغاندىمۇ جان،
مەۋجۇتلۇقنى ساقلىدىڭ پاكىز...

## قىياق

ئىلھامىمنى قوزغىدى ئەجەپ
قىياق ئۈنۈپ يېشىللاشقان قاش.
كەلدى ئەتكۈم ئۈنى شۇ تاپتا،
كۆكرىكىمنى ياققانچە باغاش.
ئىنتىلىشنىڭ ئۇكيانلىرىدا
كۆتۈرۈلدى ئوتلۇق بىر قۇياش.

قىياق ئۈنۈپ يېشىللاشقان قاش،
ئۈندىمەستىن چاچتى يېشىل نۇر.
ئاق چېچىمنى قارايتىپ تۇندەك،
ياشلىقىمنى قوغدىدى مەغرۇر،
ئوماقلىشىپ يارقىن بىر سىيما،
ئالدى ئورۇن يۈرەكتە چوڭقۇر.

شىپا تاپتى يېشىل قىياقتىن
ئۆلگە ئېلىپ بىمار ھۆجەيرەم.
زۇمرەت ياشلىق، سۆيگۈ، گۈزەللىك
ۋۇجۇدۇمغا بولدى مۇجەسسەم.
تەبىئەتكە ئېيتىپ ئاپىرىن،
قىياقلىقتا ياڭرىدى نەزمەم.

## يەر مەۋجۇتكى...

يەر مەۋجۇتكى ئادەملەر مەۋجۇت،
يۈكسەك شۇڭا يەرنىڭ قىممىتى.
ئۇ بولغاچقا ئۆلمەس ئىنسانىنىڭ،
كەشپىياتى، ئەجرى مېھنىتى.

يەر مەۋجۇتكى ئادەملەر مەۋجۇت،
مەخلۇقاتلار ئەبەدىي مەۋجۇت.
بېغىشلايدۇ ئايىماي ھەر كۈن،
يەر ئۇلارغا ھايات، كۈلكە، قۇت.

يەر مەۋجۇتكى ئادەملەر مەۋجۇت،
يەر ئالدىدا ھەممە نەرسە تەڭ.
يەكلىمەيدۇ جانلىقلارنى ئۇ،
بىرگە يول تار، بىرگە ئەمەس كەڭ.

يەر مەۋجۇتكى ئادەملەر مەۋجۇت،
يەرگە قىلىپ ئۆتىمەن تاۋاب.
ئۆزۈلگىچە ئوتلۇق تىنىقىم،
ئايتۇرىمەن ئەجرىمدە جاۋاب.

## قەدىم ئۆتەڭ

كۆلۈمسىرەپ يايرايدۇ كۆڭلۈم،
ئۆتكىنىمدە چۆللۈكنى كېزىپ.
قاغجىرىغان مىسكىن توغراقنىڭ،
سۈرىتىنى ئۆزگىچە سىزىپ.

يالتىرايدۇ تاناپتەك يولدا،
قەدىم ئىزنىڭ سىرلىق ئالۋۇنى.
ئۇمىدلەردىن تۇغدۇرۇپ ئۇمىد،
كۆچەيمەكتە شامال دولقۇنى.

قىزىشىدۇ كۆيۈشۈپ ئۇپۇق،
تالاشقاندەك يۈلغۈن بىلەن رەڭ.
ئەسلىمىلەر دېرىزىسىدىن،
ئاڭا باقار بىر قەدىم ئۆتەڭ...

## نۇرانە سەھرا

1
يۇرتۇم مېنىڭ نۇرانە سەھرا،
قۇت تاپىدۇ ئۇنىڭدا ھايات.

گۈل - چېچەككە ئاشىنا تۇيغۇ.
چەكسىزلىكتە قاقىدۇ قانات.

بەللىرىنى ئېگىپ مەجنۇنتال،
شوخ شامالغا تۇتىدۇ شاراب.
مۇھەببەتكە تەشنا يېشىل كۆي،
يەرگە سۇدەك سىڭىدۇ تاراپ.

مەستخۇشلىنىپ مىڭلىغان تورغاي،
قىزىتىدۇ تاڭنى چۇۋ - چۇۋلاپ.
ساپ ھاۋانى چىللاپ سەيلىگە،
باغقا سالام بېرىدۇ ئوينىاپ.

2

يۇرتۇم مېنىڭ نۇرانە سەھرا،
ئەجرى بىلەن يايرايدۇ ھەرجان.
قىلىپ جىلۋە خۇددى جانانەدەك،
خۇش ھىد چېچىپ تۇرىدۇ رەيھان.

پاكلىنىدۇ ئاداشقان ھېسلار،
نۇر قوينىغا چۆمۈلۈپ رەت - رەت.
بولۇپ خالاس روھى مىكرۇبتىن،
گۈزەللىكتىن ئالىدۇ لەززەت.

سۆزۈكلۈكنى قەدىرلەپ ۋىجدان،
ئىچ - ئىچىدىن چاچىدۇ چاچقۇ.
ئېتىپ باغاش زۇمرەتتەك سۇنى،
ئۆزەر كۆلدە شوخلىنىپ ئاق قۇ.

3

يۇرتۇم مېنىڭ نۇرانە سەھرا،
سېخىي شۇنچە داستىخىنى كەڭ.
ئايىماستىن ھەربىر مېھمانغا،
يەتكۈزىدۇ نېمىتىنى تەڭ.

يىلدىن - يىلدىن ئۆچۈپ كېيىنەك،
يېغەشلايدۇ شائىرغا ئىلھام.
نەلەردىدۇر تۇرىدۇ مىسكىن،
كۆنىرىگەن ئۆتمۈشتۈك تام.

يىلتىز تارتىپ كۆكلىگەن ئارزۇ،
سۇرۇلىدۇ چوققىغا قاراپ.
ئاپئاق قويلار بۇلۇق چۆپلۈكتە،
مەرىشىدۇ ئۇنى ئۇلۇغلاپ.

4

يۇرتۇم مېنىڭ نۇرانە سەھرا،
ئىڭاڭلايدۇ سابادا غۇنچە.
شىلدىر - شىلدىر ئاققان كۈمۈش سۇ،
چاچرىتىدۇ قىرغاققا ئۈنچە.

قاتار كەتكەن ھامىلدار جىگدە،
پىچىرلايدۇ تۈننى ئويغىتىپ.
چەۋەندازلار، چوپانلار بۇندا،
چېپىشىدۇ تۇلپار ئوينىتىپ.

لىرىكىغا تويۇنغان كۆلكە،
ئېكىنزارنى ئۆتىدۇ يوقلاپ.
رەزىللىكنى، خۇنۈكلىكنى ھەم —
قەھرى بىلەن سۈرىدۇ قوغلاپ.

ئۆكۈنمەيدۇ يۇرتۇم قىلچىمۇ،
سەھرا بولۇپ يارالغىنىغا.
خۇشاللىقى يامرايدۇ قايناپ،
مۇشۇ نامدا ئاتالغىنىغا.

ئەسقەر يۈسۈپ

# ئۈچ شېئىر

## ئۈستەك

يارىتىتىم يەنە بىر بۈيۈك ھاياتلىق،
كېچىلەر كەلمەس ھەم گۈل بولماس خازان.
سىغۇبار مۇھەببەت، مەڭگۈلۈك شادلىق
بەقەتلا بۇ يەردە مەۋجۇت ھەر زامان.

پايانسىز ئالەم ئۇ، ھەممە نەرسە تەل،
پەقەتلا ئىككىمىز سىغىمىز بىراق.
قىيامەت كەلمەستىن يەتكۈسى ئەجەل،
ئىلاھى نەپسىڭدىن بولغاندا يىراق.

جەننەتنىڭ گۈلىدە ئۆسمەيدۇ تىكەن،
نەبىيلىك ئەبەدىي قىلمايدۇ داۋام.
گۇناھلار ساۋابنىڭ باغرىدا ئىكەن،
تىلەيمەن سېنىڭدىن جىنايى ئىنئام...

ۋەسىيەتلەر قىلىپ ياپراقتا،
تۆگىتەلمەي يەقىلدى بىھوش؟

..............................

ئامەت تىلەپ ھەرىكەتلىرىمگە،
تەئەججۈپتە قالدۇردۇڭ مېنى.
ئەرزىمەيسەن نەپرەتلىرىمگە،
سۆيگۈم بىلەن ئۆلتۈرەي سېنى!

## ئېھسان

تەلپۈنگەندە بىلدۇرمەي دىلىم،
ھېسلار بىلەن تۇراتتى قايناپ.
لەۋلىرىڭگە تەگكەندە لېۋىم،
نېمىشقىدۇر قالدى ئۇ توڭلاپ.

يول ئۈستىگە يىقىلدى بىر مەس،
مەن ئۇنىڭغا ئىدىم زاماندىش.
يۈرىكىمنى قاندۇرغان ئەمەس
تەنلىرىمنى يۇيۇپ ئۆتكەن ياش.

## چۆل

بولغان دەرەخ بېغىڭدا قاقشال،
ئەزرائىل كەلمىدى بىراق.
باھارىنى چۈشەر بىماجال
قۇرۇپ قالغان بىر تال يوپۇرماق.

ئۇندا قونۇپ بىر سۇنۇق شاخقا،
كۆيلىرىنى تۆكۈپ غېرىب قۇش:

ئاخشام تېخى يىراق بىر جايدا
تىكلىنىپتۇ ھەشەمەتلىك دار.
يەر شارى — بۇ ياغۇز سارايدا
لېكىن ئۆلۈم ئەمەسكەن تەييار.

تاھىر ھامۇت

## كۆتۈش

كېزەي دەيدۇ بۇ دۇنيانى بىر قېتىم، تاغار - تاغار ئېلىۋاپتۇ ئازابىنى،
كارۋىنىمغا نېمە لازىم بىلمەيمەن. خوش ئېيتىمەن، ئاڭا ئاق يول تىلەيمەن.

خوش ئېيتىمەن، ئاڭا ئاق يول تىلەيمەن،
كەنجىسىنى يولغا سالغان ئانىدەك.
ئارقىسىدىن بويۇن قىسىپ يىغلايمەن،
قەبىلىسى تاشلاپ كەتكەن بالىدەك.

كەتتى ئەنە چاڭ توزۇتۇپ يىراقلاپ،
ھەقىقەتتەك ياڭغۇز قالدىم سۇباتتا.
سەن كارۋىنىم كېلەر بولساڭ خەۋەر بەر،
كۈتۈپ تۇراي سەن كەلگىچە راباتتا...

كۈرەش تاھىر

## سەن تەگرىگە ۋەھىي چۈشۈرگىن

جەسىتىدىن تىرىلگەن بوۋاي
يانچۇقىغا سالدى قۇياشنى.
قۇملۇقلاردا ئەزان توۋلانسا،
ئۆلەشتۈردى شەيتانغا ئاينى.

نېرۋىسىغا ناھال قاققانتىم،
پېتىپ كەتتى يايلاق تەكتىگە.

رىۋايەتتىن كەلگەن كۆز يېشى
دېڭىز بولدى قۇملۇق ئۈستىدە.

سەن تەگرىگە ۋەھىي چۈشۈرگىن،
نازىل قىلسۇن ماڭا بىر ئايەت.
جەسەتلەرنى قىلمەن تىرىك،
تىرىكلەرنى قىلمەن جەسەت!

تەلئەت ئاتاۋۇللا (مۇگداش)

## ياشلىق نەزمىلىرى

1

جاھان ھەييارلىرى مىكرى بىلەن داڭگالنى زەر ئەتمىش،
بۇ يەگلىغ «زەر» نى دانالار كۆكۆلدىن بىنەزەر ئەتمىش.
ئېسىل خىسلەت ھەقىقىي ئەر ئۈچۈن مىڭ ئەتىۋار زەردىن،
(لېكىن تەگرىم كەمەكلەرنى بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئەتمىش).
ئاۋامنىڭ قەلبىگە سۇلتان بولۇپ ئۆلمەي دېگەن ئىنسان،
تۆكۈپ قان - تەر باياۋاننى بېھىش يەگلىغ شەھەر ئەتمىش.
ئۆمۈر سەتھىسىگە داستان يېزىشنى ئويلىغان ئەرلەر،
ئۇنىڭ ھەر قۇرىغا ئەل رەھمىتىنى زىر - زەۋەر ئەتمىش.
بۈيۈك مەنزىلگە ئات سالدى ئۈمىدنى يار قىلىپ تەلئەت،
بۇ يولدا ئۆمرىنى ئۇ ئەل ئۈچۈن نۇرلۇق پەنەر ئەتمىش.

2

بىلەمسەنكىن، ئۆزۈمگە مەن سېنى مەبۇت - ئىلاھ بىلدىم.
سېنىڭدىن ئۆزگىگە باش ئۇرمىقىمنى چوڭ گۇناھ بىلدىم.

قاچان كۆردۈم سىنى باغدا شۇئان لال بولدى ھوش ـ ئەقلىم،
شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مەن بويۇڭنى ھۆر سىيماھ بىلدىم.
زىناقىڭ نۇر تاراتسا، لەۋلىرىڭدىن جاي ئالار غۇنچە،
كۆزۈڭنىڭ قۇدرىتىنى جەڭ ئارا غالىب سىپاھ بىلدىم.
ماڭا لازىم ئەمەس سەنسىز بىھىشنىڭ لەيلى ـ رەناسى،
ئاياغىڭدىن ئۈنۈپ چىققان تىكەننى گۈل ـ گىياھ بىلدىم.
ۋىسال ئىشقىدا ياش تۆكتۈم، سەتەمكار، قۇت تىلەپ سەندىن،
ئۆزۈمنى قۇل ــ گاداي ئەيلەپ، سىنى سۇلتانۇ ـ شاھ بىلدىم.
كەرەم ئەيلە بۇ تەلئەتكە ۋەيا ھىجران شارابى تۇت
قەسەمبىللا سىنى مەڭگۇ ئۆزۈمگە باش پاناھ بىلدىم.

3

جانان يەتسۇن بېشىم كۆككە ماڭا بىر ئىلتىپات قىلغىن،
قىلىپ ئېھسان مۇھەببەتتىن غېرىب كۆڭلۈمنى شاد قىلغىن.
ۋىسالغا تەشنا دىل ـ باغرىم قۇرۇپ ئاھ، چاكى ـ چاك بولدى.
لېۋىڭدە سۇ توشۇپ قەلبىم بېغىنى ئۇز ــ ئاۋات قىلغىن.
سىنىڭ ئىشقىڭدا ئايلاندىم ماكانسىز ئەھلى دەرۋىشكە،
رەھىم ئەيلەپ ماڭا دىلبەر سارايىڭنى رابات① قىلغىن
رەقىبلەر زۇلمىغا تاقەت قىلىشقا قالمىدى ئىمكان،
بېقىپ نازلىق ماڭا ئەل ئالدىدا بىر رەت پارات قىلغىن.
تۆكەر ياش، كۆرسە جاللاتمۇ كۆرۈپ بىچارە ھالىمنى،
قۇلۇڭغا بۇنچە تاش دىللىق قىلىشتىن ئار ـ ئۇيات قىلغىن.
ھامان بىر كۈن ئۆۋالىغا قېلىپ ياش تۆكمىكىڭ بەرھەق،
شۇڭا تەلئەتنى بۇ سۆيگۈ بالاسىدىن ئازاد قىلغىن.

دولقۇن قادىرى

## قولۇمدا يىرتىلغان نىگار سۈرىتى

خازانلار تاشلىغان شۇ سىدە تامان
ئىز سېلىپ بارىمەن ۋە لېكىن قىڭغىر.
چىبكەتكە چىرقىراپ بەرمەيدۇ ئارام،
نەپىسىم بوغۇلغان، پۈتلىرىم ئېغىر.

يەلكەمنى باسىدۇ چىڭقالغان بېشىم،
قولۇمدا يىرتىلغان نىگار سۈرىتى.
تاشلىغۇم كەلمەيدۇ، ساقلىغۇممۇ ھەم،
ئاغرىيدۇ كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر بىر قېتى.

---

①رابات ــ قونالغۇ، ئۆتەڭ.

نۇرۇللا خېلىل

## قەدىمىي شەھەر

ئۆتەك باسقان قەدىمىي شەھەر،
سەن قەلبىمدە ئويغانغان سەھەر.
يوپۇرماقتەك تىترەپ سارغىيىپ،
ياتارسەنمۇ باھارغا قەدەر؟

سېپىلىڭمۇ يۇتۇپتۇ شامال،
ھالسىراشلار قاپتۇ ئىتتىكلەپ.
قۇرۇپتۇغۇ بۇلاقلارمۇ ھەم،
يىغلىشىدۇ قۇشلار كېكەچلەپ.

ئۆتەك باسقان قەدىمىي شەھەر،
ئۇ تاشلىغان بۈركۈتكە زەھەر.
ھۇقۇش ئۈنلەپ ئۆتكەن خارابە
يىراقلارغا تاشلايدۇ نەزەر.

ئەنۋەر مۇھەممەت

## چۈش ئىچىدىكى چۈش

قۇچتى بىر شېرىن ھېس كۆيۈشكەندە قول،
تىترىدى يۈرىكىم مەۋج ئۇردى قان.
تىنىق كۆل ئىچىگە چۆكۈپ كەتتىم ئاھ،
مەست - ئەلەس كۆزلىرىم يۇمۇلدى شۇئان.

روھىمنى كۆل قىلىپ يانغان چېقىنلار
ئىلاھا، جاۋاب بەر، مېنىڭ ئەمەسمۇ؟
سۆيگۈسىز ئىبادەت، تەنھالىق تۇيغۇ
بىز ئەمەس ئەسلىدە سېنىڭ ئەمەسمۇ؟!

ئابدۇرېھىمجان ئابلاجان

## سايە

پەرۋاسىزلا يۈرسەڭمۇ لېكىن،
سېزىۋالدىم ھەيرانلىقىڭنى.
كىرىستالدەك سۈزۈك تامچە ياش
پەيلەيدۇ سەرسانلىقىمنى.

قاباھەتتىن تۆرەلدىڭ قاچان،
ياكى ئۇلار كۆمۈلگەندىمۇ؟
قاتىلىمنى بىلمەيمەن ئەمما،
جادۇ كۆزۈك ئۆلتۈرگەندىمۇ؟

پەسىللەرگە ئۇزارتقاندا قول،
ئۆتۈپ كەتتى يىللار غايىبى.
چۈشىنىكسىز ھېسلارغا تولغان
ھاياتىمدۇر مەزلۇم سايىسى.

راھىلە ئابدۇۋايىت

## تەقدىر

ھەسرەتتە ھالىدىن كەتكەن، سارغايغان
ياپراقلار چۈشىدۇ لەيلەپ پەرىشان.
ئاھ، ئۇنى قارا قىش كۆرمىگەچ راۋا،
ئايرىدى دەرەختىن، قىلدى خار — سەرسان.

ماكانسىز يۈرەر ئۇ تېنەپ - تەمتىرەپ،
ھەر خالتا كوچىنى بىر ئۈمىد بىلىپ.

كىملەردۇر چەيلەيدۇ، ھالسىز ئېگراشتىن
ساماۋى تۇيغۇغا چۆمۈپ شادلىنىپ.

بىر چاغلار بېزىگەن دەرەخنى ياپ-راق
ساداقەت كۈيىدىن يېشىل تون ياساپ.
باھارنىڭ يولىغا كۆز تىكەر دەرەخ،
ئۆكۈنۈش ھېسسىنى نەگىدۇر تاشلاپ...

ئابدۇقادىر سادىر

# غەزەللەر

1

قاچانكى يار سېنى كۆردۈم يۈرەككە ئوت - پىراق چۈشتى،
ۋىسالىڭ ئارزۇلاپ دىلغا مۇقەددەس ئىشتىياق چۈشتى.
تۈنى كۆز يۇممايىن تەنھا رۇجەكتىن تاڭنى ئىزدەيمەن،
يولۇڭغا تەلمۈرۈپ كۈندۈز قارا كۆزلەرگە ئاق چۈشتى.
چۈشۈممۇ سەن، ئوڭۇممۇ سەن — دىلىم ھەمراھى ئوبرازىڭ،
بىراق ۋەسلىڭ يولى يەر — كۆك ئاراسىدىن يىراق چۈشتى.
سېنىڭ يادىڭ قاناتلىق ئات بولۇپ ھەردەم مىنىپ چىقسام،
ئارازىڭ دەشتىدە مەنزىل بەسي مۈشكۈل ياياق چۈشتى،
دىلىم تۈندەك ئىدى ھىجرىڭ بىلەن، ئىچكەنلىرىم ئوغا،
كۈلۈپ چىقساڭ ئۆيۈڭدىن دىل ئۆيۈمگە نۇر — چىراغ چۈشتى.
ئۈمىدنى ئەيلىدىم ھەمراھ سېنى قەلبىمگە جا ئەيلەپ،
نېتەي بىر يەتمىدىڭ ھالىم، بېشىمغا مىڭ تاياق چۈشتى.
ھاياتنى نەچچە دو تىكتىم ۋىسالىڭ تاۋكاسىدا،
ئەجەبكى بۇ قارا بەختىم ھەمىشە ماڭا تاق چۈشتى.
مېنىڭ بۇ ناتىۋان جىسمىم كاۋاپ ئاتەشتە ئۆرتەنگەن،

نە كۆن بۇ؟ ئۇستلەپ باشقا دوزاختىن بىر ئوچاق چۈشتى.
ئەسىر — تۇتقۇنغا ئايلاندىم كويۇڭدا، ئىختىيارىم يوق،
رەھىمسىز ئىشق بالاسىدىن گىلىمغا چىلىڭ تاقاق چۈشتى.
مۇھەببەت، تەڭرىگە شۈكرى، يېتىپتۇ ئاھلىرىم يارغا،
مۇقەددەس تاڭ زىياسىدىن ۋەھىي پۈتكەن باغاق چۈشتى،
«نىگاھ ئەت ئابدۇقادىرغا، سۆيۈشلەر ئەۋجىدىن مەي تۇت!»
دىبان مىھرى گۇلابىدىن لەبا لەب بىر ئاياغ چۈشتى...

2

نە سەۋدا چۈشتى باغلاندىم ساڭا مەيلانە مەن، دىلبەر،
كۆيۈڭدە بىقارار - مۇشتاق ئەجەب ۋەيرانە مەن، دىلبەر.
پىراقىڭ دەشتىدە بىلمەي ھوشۇمنى گاھى مەجنۇندەك،
رەقىبلەر لەۋزىدە قالدىم بولۇپ ئەپسانە مەن، دىلبەر.
ۋىسالىڭ ئىزدىبان كۆن - تۈن كوچاڭدا تەمتىرەپ - مەڭدەپ،
ئىشىكىڭدىن نائۇمىد يانغان غېرىب دىۋانە مەن، دىلبەر.
دەقىقتە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلدىم گاھىدا «ھەيھات!»،
پەرى ئاتەشتە ئۆتلەنگەن بىھوش پەرۋانە مەن، دىلبەر.
سىنىڭ خوپ جىلۋىگەر نازىڭ ماڭا پۈتتى بۇ قىسمەتنى،
بۇزۇلدى دىلدا تەكپۇكلۇق نىتەي سەرسانە مەن، دىلبەر.
تىگىرقاش ئىلكىدە تەۋپىق تىلەيمەن سۆيگۈ تەڭرىدىن،
كى مەست بۇلبۇلدەك باغىڭنىڭ ئىتىپ سەيلانە مەن، دىلبەر.
ۋە لىكىن ئەتمىدىڭ ئاشكار نىگاھىڭ جىلۋىسىن ئەسلا،
بۇ يەڭلىغ باغرى تاشلىقتىن ئەجەب ھەيرانە مەن، دىلبەر.
نە دەيگى، ئۆشبۇ رەپتارىڭ مىنى دوزاختا كۆل ئەتتى،
ئۆزەي دەپ ئۈزمىدىم، ئۈمىد ھەر ئانە مەن، دىلبەر.
يۇمۇلماس تا، ۋىسال قۇچماي كۆزى بىل، ئابدۇقادىرنىڭ،
بولاي مەھشەردە «جاھىل» دەپ ناگاھ سەد پارە مەن، دىلبەر.

3

ياقتى - يۇ ئوت جانغا قاچتى قېشى يالاردىن بىرى،
مەڭزى ناردەك قىپقىزىل، زۇلپى سىياھلاردىن بىرى.

تالى مەجنۇندۇر بويى چولپانغا ئەنداز كۆزلىرى،
بەلكى يوق جەننەتتىمۇ ئۇنداق زىبالاردىن بىرى.
كىرپىكى خەنجەر گويا، كۆز نۇرى ئاتقان ئوق مىسال،
جاننى ئېلىپ يانىدا قويار قۇۋ بىۋاپالاردىن بىرى.
بىر كۆرۈپ لال بولدى ئەقلىم كەلدى جان ھەلقۇمىغا،
نە قىياس قىلسۇن بۇ دەردنى ئەۋلىيالاردىن بىرى.
ۋادەرىخ! قاقشال ئوتۇندەك كەتتى ئوت تەن - جانىمە،
قىلمىدى كار ھەر نە قىلغان ئەم - دەۋالاردىن بىرى.
ئۇنتۇلۇپ ئابۇ - تائام تۈنلەر بىدارمەن ئۇيقۇدىن،
بىلمىدى بۇ دەرد سىررىنى ھۆكۆمالاردىن بىرى.
قالدىم ئىشق لەشكىرىنگە بولۇپ ئەسىر مەن ناتاۋان،
بارمىكىن مەندەك يەنە بەختى قارالاردىن بىرى؟
سېپ قويۇپ ئوتنى پەلەك پەرۋايىدا ئويىنار سەنەم،
مەندە نە ھاسىل تېخى مىڭ مۇددىئالاردىن بىرى.
ئۇنى ھەر كۆرسەم بۆلەكچە سانجىلار كۆكسۈمگە تىغ،
كەتكۈسى قاي كۈن بېشىمدىن بۇ بالالاردىن بىرى؟
ئابدۇقادىرنى ھەلەك ئەتكەن پەرىزات كىم دېمەك،
ئۇ گۈزەل سەھرادا ئۆسكەن ھۆرلىقالاردىن بىرى.

4

قېنى ئېيت، جەبرۇ مېھنەتسىز بولۇپتۇ كىمگە شان پەيدا؟
ۋە يا ئەمگەكچى ئىنسانسىز مۇقەددەس ئاشيان پەيدا؟
بەختىنىڭ لېۋىدىن سۆيگەن چېغىم ئالدىدا ۋىجدانىم،
قىلارمەن بەزىدە شۇنداق ئۆزۈمگە ئىمتىھان پەيدا.
ئۇلۇغلۇق بابىدا تەھقىق ئېرۇر بېگانە ئەمگەكچى،
ئۇ بولغاچقا ھايات قۇۋناق بوگۈنكى ھۆر جاھان پەيدا،
دېمەك ئەمگەكچى ئىنساندۇر پەرىشتەسى بۇ ئالەمنىڭ،
ئۇنىڭسىز نە ئىلاھ پۈتتى «تۆمۈر سۇمۇرغ» قا جان پەيدا؟
زېمىننىڭ رىشتىنى ئايغا چېتىپ چوشكەنمۇ شۇ قابىل،
ئۇنىڭ كۈچ، ئەقلىگە تەگرى قىلالماس ھېچ گۇمان پەيدا.
جېنىگدىن كەچمەيىن جانان ۋىسالى بولمىغاي ۋاسىل،
چېكەگدىن قەترىلەر تامماي بولۇرمۇ بۇردا نان پەيدا؟

ئېرۇر مېهنەت گويا شېرىن، جۇپى - پەرهادى مېهنەتكەش،
ئۇنىڭ پاك مېهرى — ئەجرىدىن هاياتقا پاسبان پەيدا.
ئاڭا سەن جان نىسار ئەتتىڭ سۆيۈپ چىن ئىشى — كاردىڭدىن،
پاراغەت دىلبەرى نازغىپ يېنىڭدا هەر قاچان پەيدا.
ئېتىپ تەرك كارۇ مېهنەتنى هالاۋەت ئىزدىسە كىمكى،
هاياتلىق گۈلشەنى ۋەيران، نىهالىدا خازان پەيدا.
ئۇنۇتما هەر نە راهەتتە بۇ هەقنى ئابدۇقادىرسەن،
ئاۋۋال ئەمگەكنى سۆي، ئاندىن بولۇر چېهرىڭدە قان پەيدا.

5

ئانا يۇرتۇم گۈما قوينۇڭ بۈگۈن جەننەتكە ئوخشايدۇ،
ئىجادكار دىل قويۇپ چەككەن گۈزەل سەنئەتكە ئوخشايدۇ.
باهارنىڭ بەهرىدىن كۈلگەن تۈمەن گۈللەر قاتارىدا،
سېنىڭ چېهرىڭ گويا ئەنبەر، گۈلى نەرگەسكە ئوخشايدۇ.
مۇقەددەس تەختىگاهىم سەن كامالەت بابىدا يەكتا،
بۈيۈك نامىڭ دىلىمدا نۇر چاچار خۇش خەتكە ئوخشايدۇ،
قىلار رەشىك تۈندە ئاي باقسا جامالىڭ شەمئىگە تۈندە،
نۇرانە رەڭگى - رۇخسارىڭ دۇرى قىممەتكە ئوخشايدۇ.
سېنىڭدە ياشنىغان باغ - قىر سىياقى ئەينى خانئەتلەس،
كۆجۈم هەر مەلە - هەر يېزا يېشىل زۇمرەتكە ئوخشايدۇ.
نىگار مەڭزىدىكى خالدەك ياراشقان تاغلىرىڭ هەيۋەت،
ماڭا ئۆمرۈمدە بىر كەلگەن بۈيۈك ئامەتكە ئوخشايدۇ.
بىهاجەت ئىزدىمەك ئابىي هاياتنى تەشنا لەپ بولسام،
ماڭا دەر يايى قوشتاغنىڭ سۈيى شەربەتكە ئوخشايدۇ.
ئۆزۈمنى هەر مىنۇت دەيمەن بۈيۈك بەيتۇلمۇقەددەستە،
سېنىڭسىز بىر چە تاپقان قۇت ماڭا ئاپەتكە ئوخشايدۇ.
ساڭا ئاشىق دىلىم باقمايدۇ هەرنە ماهى تەلئەتكە،
ئوتۇڭ ئالدىدا هۆر - غىلمان ئەدەتسىز سەتكە ئوخشايدۇ.
كۆيۈپ پەرۋانىگە ئوخشاش كۆيۈڭدە ياشىماق بەختىم،
بۇ لەبزى ئابدۇقادىرنىڭ قەسەم — تىلخەتكە ئوخشايدۇ.

ئابدۇجان ئازاد

# سۆيگۈ باھار، سۆيگۈ بىر ئازاپ

1

ئاي مۇڭدىگەن قۇببە تۈۋىدە
ئاشۇ كېچە سېنى ئەسلىدىم.
ئالماق بولۇپ تەڭرىدىن باھار،
غۇۋا نۇردىن تىرىلگەن خىيال
كۆزلىرىمدىن ناخشىلار سوراپ،
راۋان بوپتۇ ئۆيۈڭگە دىلدار.

ئىزدەپ نۇردىن مەۋجۇتلۇقىمنى،
تۈتەكلەرگە باقتىم تەلمۈرۈپ،
سېغىنىشتا تۆكۈپ دەردۇ ھال.
يۈرىكىمدىن يانغان قىسسىلەر
سىڭىپ كەتتى تۈننىڭ باغرىغا
ئەلچىسىدۇر تاراتقان شامال.

2

ئەپەر يامرىغان شاماللىق سەھەر،
خۇمار كۆزۈڭ كىرىپ چۈشۈمگە
ئەقلىم شاراب ئىچىپ بولدى مەس.
ئويغاتمىغىن مۇڭداش قۇشلىرىم،
چۈشلىرىمدە سۆيگەن شۇ يارنىڭ
تىنىقىدىن ئالاي بىر نەپەس...


3

ساختىلىقتىن پۈتمەس چىن ناخشا،
ئۆرتەر ھامان يۈرەك - باغرىمنى
كىرپىكىڭگە ئىلىنغان ئەھدىم.
كۆكسۈمگە باش قويۇپ ئاڭلىغىن،
يۈرىكىمنىڭ چاراسلىشىنى
مۇڭلىنىسەن ياش تۆكۈپ بەلكىم...

4

ئوت مېھرىگە تويۇنغان باھار،
كەلدىڭمۇ سەن جانان قەلبىمدىن
كاچكۇللارنىڭ ياشلاپ كۆزىنى.
تىلسىم بولۇپ ياندىڭ ئالدىمدا،
شوخ ساباھنىڭ غەمگۇزار ماڭا
ئېلىپ كېلەر يارنىڭ سۆزىنى.

جىمجىت دەريا باھار سېھرىدىن
قوشۇۋالدى ئېقىنلىرىغا
راۋاب چېكىپ ئېيتقان قىسسەمنى.
دەريا ئۆتسە يار مەھەللىسىدىن
كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان شۇ يار
ئاۋازىمدىن تونۇرمۇ مېنى؟



ئابدۇۋەلى قادىر

# تەقدىر

(هېكايە)



تومۇز كەچقۇرۇنلۇقى، گۇگۇم چۈشۈش ئالدىدىكى سالقىن، ئارامبەخش هاۋا كىشىنگە بۆلەكچىلا هوزۇر بېغىشلايتتى. سائەت يەتتىلەر بولۇپ قالغان بولسىمۇ، تېخى كۈن يورۇق ئىدى. چوڭ كوچىدىن هېلىدىن-هېلىغا ئۆتۈپ تۇرغان ماشىنىلارنىڭ گۈزكىرىگەن ئاۋازى بۇ خىلۋەت يان كوچىنىڭ جىمجىتلىقىغا بىر خىل مۇڭ قوشۇپ تۇراتتى.

دەرۋازا ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان نۇسرەت بىر تال تاماكىنى ئەمدى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى، يېنىدىنلا چىققان ئايال ئاۋازىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى.

— زۇلپىيە دېگەن قىزنىڭ ئۆيى مۇشۇ كوچىدىمۇ؟

نۇسرەت بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تونۇشلا بىر قىز تۇراتتى. قىزمۇ نۇسرەتنى كۆرۈپ تەمتىرىگىنىدىن ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى.

— ۋىيەي، سىز نۇسرەتكامسىكەنسىز؟!

— سىز زۇلخۇمارمۇ؟! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇياققا كېلىپ قاپسىز؟

— بىر دوستۇمنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، سىز ئۆزىڭىز...

— بۇ بىزنىڭ مەهەللە، مانا ماۋۇ بىزنىڭ ئۆي ئەمەسمۇ، — دېدى نۇسرەت كەينىدىكى قورۇنى ئىشارەت قىلىپ.

— هە، ئۆيىڭىز مۇشۇ يەردىكەن-دە! — قىز نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ئۆيگە كىرىڭ، — نۇسرەت قىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

— رەهمەت، كەچ بولۇپ قالدى، زۇلپىيە دېگەن دوستۇمنى ئىزدەپ كەلگەنتىم.

— زۇلپىيەنىڭ ئۆيى ئۇچىنچى دەرۋازا، — نۇسرەت قولى بىلەن كۆرسەتتى، — مەن باشلاپ كىرەيمۇ-يە؟

قىز ئوڭايسىزلانغان، قىزارغان هالدا كۈلۈمسىرىدى-دە، خوشلاشتى. ئۇ نۇسرەت كۆرسەتكەن دەرۋازىغا كېلىپ ئىختىيارسىز قايرىلىپ نۇسرەتكە قاردى. يىگىت بايىقى جايىدا ئۇنىڭدىن كۆز

ئۇزمەي تۇراتتى، قىزنىڭ ۋۇجۇدىنى بىرخىل ئىسسىق سىزىم چۇلغاپ يۈرىكى تېز - تېز سىلىشقا باشلىدى، ئۇ ئۆزىنى تەستە قولغا ئېلىپ ياندىكى ئۇچۇق ئىشىكتىن ھويلىغا كىرىپ كەتتى.

زۇلپىيە ئۇنىڭ مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان دوستى ئىدى. ئۇزۇندىن كۆرۈشمىگەن دوستلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ھال - ئەھۋال سوراشتى.

— توۋا، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىنى، — دىدى خۇشاللىقتا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان زۇلپىيە دوستىغا قاراپ، — سىنى كۆرمىگىلىمۇ بىر يىلدىن ئېشىپتۇ، ئۆزگىرىپلا كېتىپسەن!...

زۇلخۇمار ئۇنىڭغا قاراپ غەمكىن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — سورىدى زۇلپىيە.

— ئۆيدە بىكار.

— نېمىشقا؟ يولدىشىڭ ئىشلەتكۈزمەپتۇ - دە، باي ئوخشىمامدۇ؟

زۇلخۇمار لېۋىنى چىشلەپ بىردەم ئارىسالدى بولدى.

— مەن ھازىر دادامنىڭ ئۆيىدە، غۇلام بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم.

— نېمە بولۇپ؟

— سۆزلىسەم گەپ تولا ئاداش، تەلەيسىز ئىكەنمەن... ساڭا كېيىن دەپ بېرىمەن.

— مۇنداق دېگىنە، — زۇلپىيە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان ھالەتتە قاراپ قويدى، — ئۆز ۋاقتىدىمۇ بەكمۇ ئالدىراپ كەتكەنىدىڭ، تۇرمۇش دېگەنىڭغۇ بىر نېمە دېگىلى بولمايدىكەن، شۇنچە يىل سىناپ تەگكەن يىگىتىڭمۇ تېت كۈندىن كېيىنلا باشقىچە خۇي چىقارغىلى تۇردىكەن، ھازىرقى يىگىتلەرگە ئادەم ئىشەنگىلى بولماس بولۇپ كەتتى، ئەمدى نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟

— مەنمۇ سىنىڭ قېشىڭغا شۇ توغرىلىق كەلگەنىدىم، — دىدى زۇلخۇمار يىنىك بىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — دادامنىڭ ئازغىنا تىيىنىغا قاراپ ئولتۇرساق قىيىنلىپ قالغۇدەكمىز، ياش بولغاندىن كېيىن ئىشلەي دەيمەن، شۇڭا زاۋۇتنى بىر ئۇقۇشۇپ باقاي دەپ كېلىشىم ئىدى.

— ياخشى ئويلاپسەن، — زۇلپىيە ئۇنى قۇۋۋەتلىدى، — ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسەڭمۇ غەمدىن نېرى بولالمايسەن، زاۋۇتتىمۇ ئىسلاھات يۈرۈپ جىق ئۆزگىرىپ كەتتى، نۇسرەتنى بىلىسەنغۇ، شۇ ھازىر چاكچاك بولدى.

زۇلخۇمار بۇنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز تەۋرىنىپ قويدى. كۆڭلىنى بىر شادلىق قاپلىدى.

— چاكچاك بولدى دەمسەن؟ — زۇلخۇمار ئۆزىنىمۇ ئۇقماستىن يېنىشلاپ سورىدى.

— ھەئە، ئۇ زاۋۇتنىمۇ خېلى تەرتىپكە سېلىۋاتىدۇ، ھە راست، ئۇنىڭ ئۆيىمۇ بىزگە يېقىنلا، چىقىپ كۆرۈشۈپ باقامسەن - يا؟ شۇ ماقۇل دېسەڭلا ئىشلەۋېرىسەن...

زۇلخۇمار ئەندىكىپ كەتتى.

— ھېلى كوچىدا ئۇچراپ قالدى، — دىدى زۇلخۇمار ئوڭايسىزلىنىپ، — سىنىڭ ئۆيۈڭنى شۇ كۆرسىتىپ قويدى.

— باشقا گەپ قىلمىغاندۇ؟

— ياق...

— ئۇ بېچارىنىڭمۇ تۇرۇشتىن

تەلىيى چىقمىدى، — دېدى زۇلپىيە بېشى-
نى چايقاپ، — ھازىر ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش
بويتاق بولۇپ قالدى.

— نېمە بولۇپ؟

— ھەممىنى قىلغان سەن، — دېدى
زۇلپىيە شوخلۇق بىلەن زۇلخۇمارغا قولىنى
جونۇپ، — بىچارە سېنى بەك ياخشى كۆ-
رەتتىكەن، سەن غۇلام بىلەن كېتىپ قال-
غىنىڭدىن كېيىن ئەلەمگە چىدىماي ئالدى-
راپلا توي قىلغانىدى.

— توينى كاتتا، ھەشەمەتلىك
ئۆتتى، دەپ ئاڭلىغانىدىم، — دېدى زۇل-
خۇمار ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ھەممە ئىش ئاشۇ ھەشەمەتلىك
تويدىن باشلاندى، — دېدى زۇلپىيە، —
نۇسرەت پۈتۈن يىغقان - تۆككىنىنى
خەجلەپ، يەتمىگىنىگە قەرز ئېلىپ، ھە-
شەم - دەبدەبە بىلەن توينى قىلدى. بىراق،
قەرز دېگەننى تۇرۇپتۇر دېگىلى بولات-
تىمۇ، نۇسرەتنىڭ ھەر ئايلىق مائاشىنىڭ
تەڭدىن تولىسى قەرزگە كېتەتتى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە قېرىشقاندەك زاۋۇتىمىزنىڭ مەھ-
سۇلاتلىرى بېسىلىپ قېلىپ، ئىشلەپچىقى-
رىش توختاپ قالدى - دە، بەزىدە ئايلىقمۇ
ئالالماي قالىدىغان بولدۇق.

ئوغۇل بالىنىڭ قولىدا پۇل بولمىسا،
ئايال كىشىگە سەت كۆرۈنۈپ قالىدىغان
گەپ ئىكەن. نۇسرەت ئىككى - ئۈچ ئاي
ئۆيىگە پۇل ئەكىرەلمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئايا-
لى راست گېپىنى قىلدى. بىر كۈنى
ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قاتتىق جاڭجال چىقتى:

— ئەرگە تەگدىم دەپ قەلەندەرگە
تەگدىممۇ - نېمە؟ — دېدى ئايالى قورۇ-
دىلا تىل سېلىپ، — خەق ئەرگە نېمە
دەپ تېگىدۇ؟ ياخشى يەيمەن، ياخشى
كېيىمەن دەپ تېگىدۇ. توي قىل-
غانغا يېرىم يىل بولاي دېدى، تۈت
تەڭگىگىنى كۆرگىنىم يوق، ئۆيۈڭگە كەل-
گەندىن بېرى، ئۆزۈمنىڭكىنى يەپ، ئۆزۈم-
نىڭكىنى كىيىپ كېلىۋاتىمەن. قاچانغىچە
كۆزۈڭگە قاراپ ئولتۇرىمەن؟

ئۇنىڭ گەپلىرى شۇنچىلىك قوپال،
شۇنچىلىك ئاچچىق ئىدىكى، ئادەمنىڭ جان-
جىنىغا ئۆتۈپ كېتەتتى. بىچارە نۇسرەت،
بىر نەرسە دەي دېسە سۆز - چۆچەك بولىدۇ،
دېمەي دېسە يەنە. ئۆزۈم تاپقان بالاغا،
نەگە باراي دەۋاغا، دەپ بېشىنى ئې-
چىگە تىقىپ يۈرۈپ باقتى.

— ئايالى خىزمەت قىلىدىغان بول-
غىيدى، — زۇلخۇمار نېمىشقىدۇر نۇسرەت-
نىڭ تۇرمۇشىغا بارغانسېرى قىزىقىپ
قېلىۋاتاتتى.

— خىزمىتى قۇرۇسۇن، — زۇلپىيە
خورسىنىپ قويدى، — ئايال كىشى تولىمۇ
ياسانچۇق، كۆرەك بولسا، ئەر كىشىگە
بىر يۈك بولىدىكەن. كۈندە نەچچە ياڭزا
ياسىنىپ، تاپقان پۇلىغا ئەرەك - سەرەك
كىيىنىپ يۈرۈيدۇ. يەنە شۇنىڭغا قانائەت
قىلماي، قارىغۇنى يادا قىستىغاندەك، باي-
قىدەك گەپلەرنى قىلىپ، نۇسرەتنىڭ دى-
لىغا ئازار بېرىدۇ.

دۇنيادا ئىككى نەرسىنىڭ ئازابى
يامان بولىدىكەن، — دېدى بىر كۈنى
نۇسرەت ماڭا، — بىرسى، ئۆزىڭىز ياخشى
كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىرگە بولالماي،
ئۇنىڭ دەردى - پىراقىدا كۆيۈش، يەنە
بىرسى، ياخشى كۆرمىگەن بىرسى بىلەن
بىر ئۆيدە بىللە تۇرۇش. ھەر ئىككىسى
كىشىگە ئوخشاشلا ئازاب ئېلىپ كېلىدىكەن...

نۇسرەت بىچارىگە بۇ تۇرمۇش ئازاب بولغىلى تۇردى، ئۇ بەزىدە ماڭا كىرىپ دەردىنى ئېيتىپ بېرەتتى، ئۇ بارغانچە ئۆيىدىن سوۋۇپ، ئىچىدىغان، كېچىلىرى ئۆيىگە دەسسىمەيدىغان بولۇۋالدى، ئىككى كۈننىڭ بىرىدە جاڭجال چىقىپ تۇراتتى، بىر كۈنى ئۇلار قاتتىق ئۇرۇشۇپ كەتتى، مەن ھويلىدا تۇرۇپ ھەممە گېپىنى ئاڭلاپ تۇردۇم.

— گەپ قىلمىسام، ئۆزۈڭچە تەتۇر قاراپ يۈرۈيسەنغۇ، قورسىقىڭدا نېمە غوممىڭ بار ئېيتە، — دېدى ئايالى چىرقىراپ.

— مېنىڭ نېمە غوممۇم بولاتتى، ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن دەپ ھەممە ئىش ئۆزۈڭگە مەلۇمغۇ، — دېدى نۇسرەت.

— ئۇنداق ئادەم ھالىڭغا بېقىپ توي قىلساڭ بولمامدۇ، لاتا، — ئۇ ئەزۋەلىگىلى تۇردى، — بۇنداق قىيىنغىچە خېتىمنى بەر!...

— بۇ گەپنى ئويلىشىپ قىلىۋاتامسەن؟ — دېدى نۇسرەت.

— ئويلاشسام، ئويلاشمىسام بەرىبىر.

— شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئەمسە، ياقامنى قويۇۋەت خېتىڭنى بەرسەم بېرەي.

بايا ئۇ بېشەم نۇسرەتنى ئۆزىدىن كېچەلمەيدۇ، دەپ پەش قىلغان چېغى، خېتىڭنى بېرىمەن، دېۋىدى، تۇرۇپلا قالدى.

— ھە، تۇرۇپ قالدىڭغۇ، قىيالمايۋاتامسەن؟ — دېدى نۇسرەت ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ.

ئۇ كۆرەڭ بولغاچقا، ئاتتىن چۈشمىمۇ، ئۆزەڭگىدىن چۈشمەي:

— ۋاي قوۋۇرغام سامساق، گەپ قىلمىسام، نېمە قوۋۇرغامنى ئېگىدىغاندۇ، ئاجراشساق ئاجراشتۇق، قىيالمايدىغان نېمەڭ بارتى سېنىڭ، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئويناشقاندەكلا ئاجرىشىپ كەتتى. بىچارە نۇسرەت بىر ھېسابتا ئازادلىققىمۇ چىقتى. ھازىر ئۆزى يالغۇز تۇرۇۋاتىدۇ...

— بەخت ـ تەلىيى كەلمىگەن مەنلامىكىن دېسەم، نۇسرەتمۇ ماڭا ئوخشاش كاژ تەلەي ئىكەن ـ دە، — دېدى زۇلخۇمار ئۇھ تارتىپ.

زۇلخۇمار ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. نۇسرەتنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۇنىڭمۇ ئازابلىق ئۆتمۈشىنى ئېسىگە سالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى زۇلپىيە تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئازاب ۋە ئەلەم ئىچىدە مۇجۇلاتتى.

— سېنىڭ تۇرمۇشىڭ نېمە بولۇپ بۇزۇلدى؟ — زۇلپىيە ئۇنىڭدىن سورىدى.

زۇلخۇمار ئېغىر تىنىپ قويدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ سۆزلىمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن كۆزلىرىگە يىغا ياملىشىپ يەرگە قارىۋالدى.

بىردەمدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، تۆۋەن ئاۋازدا كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى ئېزىۋەتكۇدەك ئاۋازدا ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

ئاتا ـ ئانا بالىنى تاپقان بىلەن خۇدايىم ئۇنىڭ بەختىنى بەرمىسە بىكار ئىكەن. مەنمۇ نۇسرەتكە ئوخشاش ئانامدىن كىچىك قالغان. كونىلار «ئالتۇن باش دادا بىلەن قالغىچە، پاخما باش ئانا بىلەن

قالساڭچۇ» دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن. دادا راستىنلا بىكۆيۈم بولاەدىكىن ياكى قاتتىق تۇرمۇش دادامنى شۇنداق ھالغا كەلتۈرۈپ قويدىمىكىن، مەن ئېسىمنى بىلگەندىن بېرى، دادامنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئاپام تۇگەگەندە، مەن بەش ياشتا ئىدىم، ئاپامنىڭ ئۆلۈمى دادامغا ھار كەلگەن چېغى، ئۆزىنى تاشلاپلا ھاراققا بېرىلىپ كەتتى.

دادام دائىم ئۆيگە مەست كېلەتتى. ھاراق ئۇنى كاردىن چىقىرىۋەتتى. مەن 13 ياشقا كىرگەن يىلى دادام ئىشقا يارىماي قالدى. ئىدارە ئۇنى ئەمگەك سۇغۇرتىسى تۈزۈمى بويىچە دەم ئېلىشقا چىقىرىپ، 100 نەچچە تەڭگە مائاشىنىڭ 70 پىرسەنتىنى بېرىدىغان بولدى.

دادام بىكارچىلىقتىن مەھەللىدىكى بىكار تەلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆيگە يىغىۋېلىپ، كەچكىچە كورت ئوينايتتى، ھاراق ئىچىشەتتى. يېرىم كېچە بولغاندا، ئۇلار ئۆينى ئات ئېغىلىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇپ ئاندىن تارقىلاتتى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن، ئۆينى بىر ھازاغىچە تازىلاپ ھالىمدىن كېتىپ ئۇخلاپ قالاتتىم.

شۇنداق ياشاپ يېشىم ئون ئالتىگە ئۇلاشتى. ئۆيگە كېلىدىغان دادامنىڭ ئۈلپەتلىرىنىڭ ئىچىدە غۇلام دېگەن بىر ئوقەتچى يىگىت بار ئىدى، ئۇ ئۆيگە كەلسە ماڭا بۆلەكچىلا قاراپ قوياتتى. بىر كۈنى ئۇ يېنىدىكى بىر بالىغا: «ھوي، مۇنۇ «قارلىغاچ»، ئۇچۇم بولغانسېرى گۈزەللىشىپ كېتىۋاتىدا» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلار ماڭا «قارلىغاچ» دەپ ئىسىم قويۇۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان بولدۇم.

غۇلام بارغانسېرى ماڭا قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ھەر كەلگىنىدە قۇرۇق كەلمەيتتى. بىردە يەل-يېمىش، بىردە تاتلىق-تۇرۇم، بەزىدە ھەتتا گۆش، ھاراقلارنى كۆتۈرۈپ كېلەتتى. دادام قورساققا ئامراق ئىدى. بۇنداق كۈنلەرى مەن ئۇلارغا تاماق ئېتىپ، سەي قورۇپ بېرەتتىم، لېكىن غۇلامغا چىراي ئاچمايتتىم.

ئۇ مېنىڭ پەيلىمنى بىلىپ قالدىمۇ، كېيىن زىننەت بۇيۇملىرى، ئۇپا-ئەڭلىكلەرنى ئېلىپ كېلىپ، خۇشامەت قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ شۇنچە قىلىسىمۇ، كۆڭلۈمگە غەشلىك سالىدىغان قاراشلىرىغا ئۆچلۈكۈم كېلەتتى.

بىر قېتىم ئۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە يوقاپ كەتتى. دادام ئۆزىنىڭ بۇ سادىق ئۈلپىتىنى سېغىنىپ قالغاندەك پات-پاتلا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىپ قوياتتى.

— ئۆينى غۇلاملا قالايمىقان قىلىپ يۈرۈپتىكەن، — دېدىم بىر كۈنى دادام يەنە ئۇنىڭ گېپىنى چىقىرىۋىدى، — قۇلىقىم خويما تىنچىپ قالدى.

— ئۇنداق دېمە قىزىم، ئۇ كەلسە، قۇرۇق كەلمەيدىغۇ، — دېدى دادام ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ.

— ئۇ ئەسكى سىزنىڭ پوستىڭىزغا كىرىۋالدى.

بىر كۈنى كەچتە غۇلام يەنە لوڭگىدە كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈپ دادام:

— ھوي، بارمۇ سەن، ياغاچ ئۇشتۇۋېتەيمۇ، يوقاپلا كەتتىڭغۇ؟ — دېدى خۇشال بولۇپ.

— گۇاڭجۇغا بېرىپ كەلدىم، — دېدى ئۇ دادام بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ.

— ھە، شۇڭا يوقاپ كېتىپتىكەن-

سەن - دە!

— گۇاڭجۇدىن زۇلخۇمارغا بىر پوپايكا ئالغاچ كەلدىم، — دېدى غۇلام ماڭا قاراپ ھىجىيىپ.

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئۇ يومكىسىدىن ئالىبۇلماچ بىر پوپايكىنى ئېلىپ ماڭا سۇندى.

— ھەر ھالدا سىڭلىڭنى ئۇنتۇلۇپ قالماپسەن جۇمۇ، بولمىسا، ئۇ سېنى ئۆيگە دەسسەتمەيتتى، — دېدى دادام چاقچاق قىلىپ.

— زۇلخۇمارنى ئۇنتۇلۇپ قالسام قانداق بولىدۇ - ھە! — دېدى ئۇ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ.

يەنە شۇ سادىدىلىق، دادامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ پوپايكىنى ئالدىم. دادامغا دەپ ماۋتەي دېدىمۇ بىر كومزەكلىك ھاراقنى ئېلىپ كەپتىكەن، بىر ھازاغىچە ئىچىشتى.

— بۇ بالا خېلى ئادەم بولۇپ قاپتۇ، — دېدى دادام ئۇ كەتكەندىن كېيىن تەرىپىنى قىلىپ، — بىز بىلەن قۇرۇلۇش دۇيىدە ئىشلىگەن چاغلىرىدا پەقەت قۇيرۇق تۇتقۇزمايتتى، خەقنىڭ بوكىگە جىنگدە سېلىپلا يۈرەتتى. بايا ئۇنىڭ خېلى ئېپى بار چېغى، ئىشىنى تاشلاپلا ئوقەتكە كىرىشىۋالدى.

دادامنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىدى. مەن ئاڭلىمىغانغا سېلىپ دادامغا ئورۇن سېلىپ بېرىپ، ئۆزۈم ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتىم. يېتىپ خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدىم. دادامنىڭ سۆزلىرى، غۇلامنىڭ ئوغرى مۇشۇكتەك قاراشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. نېمىشقىدۇر، غۇلام كۆز ئالدىمغا كەلسىلا، تېنىم شۈر-
كەنگەندەك قىلاتتى.

قىز بالىنىڭ قاياشى ئانا ئىكەن. مۇشۇنداق كۈنلەردە ئانام بولغان بولسا، سىردىشىپ ئىچ - باغرىمنى بوشىتىۋالسام، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! دەپ ئويلاپ كېتىمەن. دادا دېگەن قانداقلا قىلغان بىلەن ئانىنىڭ ئورنىنى باسالمايدىكەنغۇ!... كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. قىز بالىنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى نازۇكلىشىپ نومۇسچان بولۇپ قالامدىكىن، ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇش ماڭا بارغانسېرى ھار كېلىدىغان بولدى. بىرەر ئىش تېپىپ ئىشلەي دېگەن ئويغا كەلدىم.

بىر كۈنى دادامغا بۇ ئويۇمنى دەپ تۇراتتىم غۇلام كېلىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ ئىشلىمەكچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ: «سىز ئىشلەيمەنلا دېسىڭىز، بولدى، ئۆزۈملا ئەتە ئىش تېپىپ بېرىمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ كەتتى.

راست دېگەندەك ئۇ ئەتىسىلا سىلەرنىڭ يۇڭ - تۇۋىت زاۋۇتىدىن ئىش تېپىپ كەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىمدىن كىچىك بالىدەك سەكرەپ كېتىپتىمەن. ئۇ مېنى زاۋۇتقا باشلاپ باردى. شۇ كۈنى كۆڭلۈم يايراپ، تېرەمگە سىغمايلا قالدىم. ئىشنىڭ ئېغىرلىقى، مەينەتلىكى كۆزۈمگە كۆرۈنمىدى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئىشلىگىنىمگە بىر ئاي بولۇپ قالدى. ھە دېگەندىلا 100 نەچچە سوم مائاش ئالدىم. تۇنجى ئىش ھەققىمنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىمدىن يىغلىۋەتكىلى تاس قالدىم. ئادەم ئىشلىسە روھى كەيپىياتى كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلى ئۆسۈپ قالىدىكەن. ئىشلىگەندىن بېرى،

مەيلى ئۆيدە بولسۇن، مەيلى زاۋۇتتا بول-
سۇن ئۆزۈمنى خۇشال، تېتىك ھېس
قىلاتتىم. مېنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى
غۇلام ھېس قىلىپ قالغان چېغى، بىر
كۈنى تۇيۇقسىزلا: «زاۋۇتنىڭ تېخنىكى
نۇسرەتنى كۆرۈپ تۇرامسىز؟» دەپ سو-
راپ قالدى.

— ۋىيەي، قىزىقىپ كەتتىڭىزغۇ، بىر
زاۋۇتتا تۇرساق نېمىشقا كۆرمىگىدەكمەن.

— ئۇنى قىزلارغا بەك كۆيۈنىدۇ دەپ
ئاڭلايمەنغۇ، — دېدى ئۇ ئاسماقچىلاپ.

— ئۇنى بىر دېمەك، ئۇ ئاجايىپ
ئوچۇق، خۇش خۇي، چىقىشقاق بىر يىگىت
ئىكەن، ئۇنى ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز.

غۇلام گېپىمنى ئاڭلاپ، نېمىشقىدۇر
بىر قىسما بولۇپ كەتتى. بايا ئۇنىڭ باشقا
بىر مەقسىتى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟!

ئارىدىن بىر قانچە ئاي ۋاقىت ئۆت-
تى. زاۋۇتقا ئوبدانلا ئۆزلىشىپ قالدىم.
زاۋۇتقا بىر كۈن بارماي قالسام كۆڭلۈم-
نىڭ بىر يەرلىرى كەمىلەپ قالغاندەك بىر
قىسما بولۇپ قالاتتىم. كۆڭلۈم بىر نەر-
سىگە ئىنتىلگەندەك قىلاتتى. ئۆزۈمدىكى
بۇ خىل ھالەتكە ھەيران بولۇپ كۈلەتتىم.
بايا بويىغا يەتكەن قىزلار ئۆزلىرى ياق-
تۇرۇپ قالغان يىگىتلەرگە ئىنتىلىدىكەن.

كۆپ ئۆتمەي، مەن تۇيۇقسىز ئاغرىپ
قېلىپ ئىشقا بارالماي قالدىم. قانداق
قىلارمەن دەپ تۇراتتىم، چۈشكە يېقىن
غۇلام كېلىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ ئاغرىق
ياتقانلىقىمنى كۆرۈپ: «مىجەزىڭىز يوقمۇ
نېمە، مەن زاۋۇتقا بېرىپ ئېيتىپ قوياي»
دېدى.

— شۇنداق قىلىڭ، بىر- ئىككى كۈنگىچە
زاۋۇتقا بارالمايدىغان ئوخشايمەن، — دېدىم.

سۆز ئارىسىدا ئۇ ھېچنېمىدىن ھېچ-
نېمە يوق: «زۇلخۇمار، نۇسرەتنىڭ يۈرۈ-
دىغان قىزىنى بىلەمسىز» دەپ سورىدى.

مەن ھاڭ- تاڭ بولۇپ تۇرۇپ
قالدىم.

— ئاڭلىسام، ئۇنى پات يېقىندا
توي قىلغىدەك دەيدىغۇ؟

— ۋاي- تاڭ، — دېدىم مەن ھەيران-
لىقىمنى يوشۇرالماي.

— زاۋۇتتا تۇرۇپ سىز بىلمەي
قالامسىز، قىزلار دېگەننىڭ قۇلىقى ئۇزۇن
بولىدىغانغۇ، — دېدى راست ئېيتىۋاتقاندەك
تەلەپپۇزدا.

مېنىڭ دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپلا
كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئاغرىق
تۈپەيلىمۇ ياكى باشقا بىر سەۋەبمۇ، ئىش
قىلىپ ياتالمىدىم. ئەتىسى غەيرىتىمگە
ئېلىپ ئىشقا باردىم. نۇسرەت نېمىشقىدۇر
ماڭا ئانچە ئوچۇق چىراي ئاچمىدى،
ئۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ يۈردى. شۇنىڭ-
دىن كېيىنلا: «غۇلام راست ئېيتىپتىكەن-
دە» دەپ ئويلاپ قالدىم.

شۇ ئىشتىن كېيىن، مەن نۇسرەتتىن
ئۈمىدىمنى ئۈزگەن بولسامىمۇ، لېكىن قان-
داق قىلىش ھەققىدە تېخى بىر قارارغا
كەلمىگەنىدىم. ئەمما كۆڭلۈمدە غۇلامغا
نىسبەتەن ئۆچمەنلىكىم سۇسلىشىپ قالغا-
نىدى. غۇلام بۇرۇنقىدەك ھە دېسىلا كې-
لىپ بېزار قىلمايتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇ-
ۋالغاندەك، كۆڭلى ئارامغا چۈشكەندەك
قىلاتتى.

شەنبە كۈنى ئىدى. كەچتە ئىشتىن
چۈشۈپ بىر دوستۇم بىلەن زاۋۇتتىن
چىقىپ كېلىۋاتسام، ئالدىمغىلا غۇلام پەيدا

بولۇپ قالدى.
— ياخشىمۇ سىلەر، — دېدى ئۇ ئالدىمىزغا كېلىپ، — دوستلۇق كىنوخانىسىدا ھىندىستاننىڭ يېڭى بىر كىنوسى قويۇلۇۋاتىدۇ، سىلەرنى كۆرەمدىكىن دەپ بىلەت ئېلىپ كېلىۋىدىم.
مەن كىنو دېسە جېنىمنى بېرەتتىم، شۇڭا دەررۇلا:
— سائەت نەچچىدە ئىكەن؟ — دەپ سورىدىم.
— سائەت يەتتىدە، ئاجايىپ قىزىق كىنو ئىكەن، بارماي قالماڭلار، — ئۇ بىزگە ئىككى بىلەت بېرىپ، ئالدىراپ كېتىپ قالدى.
— سەن گېپىنى قىلغان غۇلام دېگەن يىگىت شۇمۇ، — دېدى دوستۇم ئۇ كەتكەندىن كېيىن.
— شۇ، قانداق دەيسەن؟
— بەش - ئون ياش چوڭ دەۋاتاتتىڭ، ئانچە چوڭ كۆرۈنمەيدىغۇ!
— ئۇ جاغدا بولغاچقا شۇنداق كۆرۈنىدۇ.
— خەق ئوغۇل بالىنىڭ يېشى قىزلاردىن بەش - ئون ياش چوڭ بولغىنى ياخشى دەيدىكەن، ئۇ سېنى شۇنچىۋالا ياخشى كۆرگەندىكىن، ماقۇل دېسەڭمۇ بولىدىكەن.
— نېمىشقىدۇر تازا قىزىمايمەنغۇ - تاڭ.
— سېنىڭ نېمىگە دىلغۇل بولۇپ يۈرگىنىڭنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟
— بىراق ئۇنىڭ ...— مەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدىم.
— سېنىڭغۇ سارائىدەك مىجەزىڭ بار، — دېدى ئۇ مېنى جىملەپ، بۇ بالىنىڭ نۇسرەتتىن نەرى كەم، پۇل دېسە پۇلى بار، چىراي دېسە چىرايى بار. يەنە ساڭا نېمە كېرەك، ھازىر قىزلار سودىگەرگە ئېسىلىدىغان بولدى.
— بولدىلا بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، كىنوغا بارارسەن؟
— سىلەرگە كاشىلا بولۇپ نېمە قىلىمەن؟
— مەن سېنى بارىدۇ دەپ ماقۇل دېدىم، سەن بارمىساڭ، مەنمۇ بارمايمەن.
— ئۇنداق بولسا، بارسام باراي، چاقىرىۋال.
مەن ئۆيگە كېلىپ ئالدىراپ تاماق ئەتتىم. سائەت ئالتە يېرىم بولا - بولمايلا تاماقنى يەپ، قازان - قومۇچنى يىغىشتۇرۇپ بولدۇم.
— بۈگۈن قىزلار بىلەن كىنوغا بارىمىز دېيىشكەن، — دېدىم دادامغا كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ چىقىپ.
— بارساڭ بار بالام، بىراق كەچ قالماڭلار، — دېدى دادام تاپىلاپ.
— ماقۇل، — مەن دادامنى خاتىرجەم قىلىپ، چىقىپ كەتتىم.
كىنو ماڭا بەك ياقتى، كىنودىن بالدۇرلا قايتتۇق. يولدا خەلچەم قېپقالدى. غۇلام مېنى مەھەللىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى.
— زۇلخۇمار، سىزگە دەيدىغان ئازراق گېپىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ دوقمۇشقا كەلگەندە توختاپ، — مۇنۇ چوڭ باغقا كىرىپ بىردەم ئولتۇرساق قانداق؟
— ۋىيەي، كەچ بولۇپ كەتتى، دادامنىڭ ئاچچىقى كېلىدۇ، — دېدىم ئۇنىماي، — گېپىڭىز بولسا مۇشۇ يەردىلا دەۋېرىڭ.
— نەدە كەچ بولىدۇ تېخى، سائەت ئەمدى توققۇز بولدى، — غۇلام چاقمىقنى ياندۇرۇپ سائىتىنى كۆرسەتتى، — كوچىدا

خەق كۆرسە سەت بولامدىكىن دەيمىنا.

مەن سەل ئىككىلىنىپ قالدىم. غۇلام «يۈرۈڭ» دەپلا بىلىكىمدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭدى.

بىز باغقا كىردۇق. باغ ئىچى قاراڭغۇلاشقان، باغ ئىچىدىكى گۈل - گىياھلارنىڭ پۇراقلىرى، يول ياقىسىغا قويۇلغان جىگدە چېچەكلىرىنىڭ كىشىنى مەست قىلغۇدەك ھىدى بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىنىڭ دىماغلىرىنى غىدىقلايتتى...

غۇلام جىگدىنىڭ غۇچچىدە چېچەكلىگەن بىر شېخىنى سۇندۇرۇپ ماڭا سۇندى.

— بىردەمدىلا جىگدىلەر چېچەكلەپ كېتىپتۇ.

— بايا باغقا كىرىشىمىز بىلەن ئاجايىپ بىر پۇراق دىمىغىمغا ئۇرۇلغانىدى، جىگدە چېچەكلەپتىكەن - دە! — دېدىم جىگدە چېچىكىنى قولۇمغا ئېلىپ پۇراپ.

— جىگدىنىڭ پۇرىقى ئاجايىپ ئۆتكۈر بولىدۇ - ھە! كىشىنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا مەنىلىك قاراپ.

مەن گەپنىڭ ئۇرامىغا دىققەت قىلماپتىمەن. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتىم. بىراق قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغاچقا، غۇلام سەزمەي قالدى، مەن بەكمۇ سادda ئىكەنمەن، ئۇ نېمە دەپ ئويلاپ قالدىكىن - تاڭ!

بىز يوغان بىر توپ ئالمىنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. يېڭىلا چىققان تولۇن ئاي قويۇق ئالما شاخلىرى ئارىسىدىن تال - تال نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى.

— زۇلخۇمار، سىزمۇ ھېس قىلغانسىز، — دېدى غۇلام خېلى سۈكۈتتىن كېيىن ماڭا قاراپ، — مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن...

كۈتۈلمىگەن بۇ گەپتىن يۈرىكىم بىردىنلا قاتتىق سېلىپ كەتتى. مەن تۇرۇپلا قالدىم.

— گەپ قىلمايسىزغۇ، — غۇلام قېشىمغا شىپقاپ كېلىپ قولۇمنى تۇتتى، — گەپ قىلىڭا؟

— نېمە دەيمەن؟

— ماڭا ئىشىنەمسىز؟

مەن گەپ قىلماي يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدىم.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز؟ — غۇلام تېخىمۇ شىپقاپ بىر قولىنى مۈرەمنىڭ ئۈستىگە ئالدى.

مەن ئۇنىڭ قولىنى مۈرەمدىن چۈشۈرۈۋېتىپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— نېمە بولدىڭىز؟

— ھېچنېمە.

— ئەمىسە، نېمىشقا گەپ قىلمايسىز.

— مەن سىزگە ئىشەنمەيمەن.

— نېمە، سىزگە ئىشەنمەيمەن دەمسىز؟!

مەن ھەئە دېگەندەك مەنىدە بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

— نېمە ئۈچۈن مېنى تېخىچە چۈشەنمەيدىغانسىز، سىزنىڭ ئىشقىڭىزدا سەۋدايى بولاي دەپ قالدىم، قولۇم ھېچ ئىشقا بارماس بولدى. ئاھ،... سىزنى نېمىشقىمۇ شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ قالغاندىمەن.

ئۇ بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ:

— مەن سىز ئىشەنمىگەندەك شۇنچە-
لىك يامان ئادەممۇ؟ — دېدى.
— ياق، مېنى ئالدامدىكىن دەپ
سىزدىن قورقىمەن، — دېدىم راست
گېپىمنى ئېيتىپ.
— توۋا دەگە، ئۇنداق نىيىتىم
بولسا، مانا بېشىمىز ئۈستىدە ئاي تۇرۇپتۇ،
مېنى خۇدا ئۇرسۇن.
مەن غۇلامنىڭ قەسىمىنى ئاڭلاپ،
ئۆزۈمنى تىڭشاپ تۇرۇپ قالدىم.
— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن
ھەرگىز سىزنى يەرگە قارىتىدىغان ئىشنى
قىلمايمەن، — دېدى ئۇ يەنە قولىنى
مۈرەم ئۈستىگە ئېلىپ.
غۇلام پۈتۈن زېھنىي كۈچىنى ئىشقا
سېلىپ مەندىن بىر ئېغىز بولسىمۇ
مۇھەببەتكە ئالاقى سۆز ئاڭلاشقا تىرى-
شاتتى، لېكىن مەن نېمە دېيىشىمنى
بىلمەيتتىم.
— سىز ئاجايىپ ئەقىللىق، ئاجايىپ
چىرايلىق جۇمۇ، — دېدى ئۇ مېنى ئاستا
ئۆزىگە تارتىپ، — سىزنى بىردەم كۆرمىسەم
تۇرالمايمەن، سىز مېنىڭ بەختىم، مېنىڭ
پەرىشتەم...
ئىش كۆرمىگەن قىزلار ئۆزىنى ماخ-
تىغان سۆزلەرنى ئاڭلىسا، خۇدىنى يوقىتىپ
قويىدىكەن. ئىشەنسىڭىز مەن شۇ چاغدا
غۇلامنىڭ ياغلىما سۆزلىرىنى ئاڭلاپ،
سىمابتەك ئېرىپ كېتىپتىمەن. خۇددى
سېھىرنى يوقاتقان ئادەمدەك كېيىنكى
ئىشلارنى سەزمەي قاپتىمەن. بىر چاغدا
ئېسىمگە كەلسەم بولار ئىش بولۇپ بوپتۇ.
قەلبىمنى ئېچىنىشلىق بىر ئەلەم چۇلغىۋالدى.
مەن ئۆزۈمنى خېلى بېسىپ كۆردۈم،
ئەمما ۋۇجۇدۇمغا بىرخىل تىترەك ئولا-
شىپ، ئۆزۈمنى باشقۇرالماي قالدىم.
ئەلەمگە چىدىماي، ھۆكرەپ يىغلى-
ۋەتتىم. لەۋلىرىمنى چىشلەيتتىم. كۆزلىرىم-
دىن ياغمۇردەك ياش تۆكۈلەتتى.
— يىغلىماڭ، خەق ئاڭلاپ قالسا،
سەت بولىدۇ. — غۇلام ھەدەپ يالۋۇراتتى.
مەن تەستە بېشىمنى كۆتۈردۈم.
ياشقا تولغان كۆزلىرىم ئۇنىڭ يۈزىگە
مىختەك قادالدى.
— گېپىڭ شۇمىدى ئەسكى، مەقسى-
تىڭ مېنى يەر قىلىشمىدى؟ ئەمدى مەن
قانداق قىلىمەن، قايسى يۈزۈم بىلەن
ئۆيگە كىرىمەن، بېشىمنى قانداق كۆتۈرۈپ
يۈرىمەن؟
— مېنىڭ ئۇنداق ئويۇم يوق ئىدى،
خۇشاللىقىمدا يوقىتىپ قويۇپتىمەن، خاپا
بولماڭ، مەن ناماقۇل.
مەن قانداق قىلىش ھەققىدە خېلى
ئويلاندىم، لېكىن بىر قارارغا كېلەلمىدىم.
كۆز ئالدىمدا غۇلامنىڭ ھەر قېتىم كەل-
گەندە ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلىرى بىر-
بىرلەپ ئۆتەتتى... «ھە، بۇ ھېلىقى بىر
نېمىلەرنى بىكارغا تۇتۇشمىغاندىكەن،
بايا ئۇنىڭ مۇشۇنداق يامان غەرىزى بار
ئىكەن-دە! ئەمدى ئۇ نېمىلىرى ئۈچۈن
بەدەل تۆلەپتىمەن-دە؟! مەن ھەجەپمۇ
بىتەلەي، كاج تۇغۇلۇپ قاپتىكەنمەن.
نېمىشقىمۇ ئانام ئۆزى بىلەن مېنىمۇ ئۇ
ئالەمگە بىللە ئېلىپ كەتمىگەن بولغىيدى.
پېشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشىمامدۇ»
مەن شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈپ،
ئۆزۈمگە ھاي بەردىم. بىردىنلا قەلبىمدە
ئەمدى ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالماي يەنە
دېگەن بىر ئەندىشە پەيدا بولدى-دە،
ئۇنىڭ پېشىگە چىڭ ئېسىلدىم.

— مەن ئەمدى ئۆلسەممۇ، ئۆيگە قايتمايمەن، — دېدىم يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — غۇلام ئەندىشىلىك تەلەپپۇزدا سورىدى.

— ئىش تېرىپ قويۇپ قانداق قىلىمىز دېگىنىڭىز نېمىسى، سىز ئوغۇل بالىمۇ - نېمە؟!

— دادام ئوغۇل بالا دەپ تاپقان مېنى، — دېدى غۇلام كۆرەڭلىك بىلەن مەيدىسىگە ئۇرۇپ، — يۈرۈڭ ئەمىسە، ئۆيگىلا ئەكىتەي.

مەن ئىلاجىسىز ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدىم.

غۇلام مېنى تار كوچىلارنى ئايلاندۇرۇپ بىر قورۇغا باشلاپ كىردى. قاتار سېلىنغان پاكار ئۆيلەر قاراڭغۇدا خۇددى گۈمبەزدەك كۆرۈنەتتى.

غۇلام دەرۋازا تۈۋىدىكى بىر ئېغىز ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ چىراغنى ياقتى. مەن ئۆيگە كىرىپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۆي پاكار، سۇپا چىقىرىلغان، ئۆينىڭ تۆرىدە بىر سىم كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىدىكى ئورۇنلىرى يىغىلمىغان، سۇپىغا بىر پارچە كونا كىگىز بىلەن بىر ئەسكى پالاز سېلىنغانىدى. بۇ ئۆي قارىماققا بىر سودىگەرنىڭ ئۆيىگە ئەمەس، بەلكى بىر قەلەندەرنىڭ ئۆيىگە ئوخشايتتى. ئۆي ئىچى ماڭا شۇنچىلىك كۆرۈمسىز، سوغۇق كۆرۈندىكى، تېنىم ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى.

— بۇ مەن ياتىدىغان ئۆي، — دېدى غۇلام داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغانلىقىمنى كۆرۈپ.

مەن گەپ سۆز قىلمىدىم. دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ، قاتتىق پۇشايمان ئىچىدە قالدىم. بىراق ئورنىغا كەلمەيتتى. ئەمدى بۇ ئۆيدىن ئۆز خاھىشىم بويىچە چىقىپ كېتەلمەيتتىم. مەن ئالدانغانىدىم. يۈرىكىم لازا سۈيى قۇيغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن ياش ئېتىكىمنى ھۆل قىلىۋەتتى.

— نېمىگە مىچىلدايسەن، سېنى مەن چىللاپ ئېلىپ كەلدىممۇ، كۆزۈڭنىڭ سۈيىنى ئېقىتىدىغان ئادەم نېمىگە كەلدىڭ؟ — دېدى غۇلام توڭلۇق بىلەن، — ئەمدى بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭمۇ بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتەلمەيسەن، ماڭ، كارىۋاتقا بېرىپ يات.

غۇلام مېنى كارىۋات تەرەپكە سۆرىدى، مەن تىرەجەپ سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇۋالدىم. غۇلام خېلى ئېيتىشىپ مېنى قوزغىتالمىدى.

ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. غۇلام سىرتقا چىقىپ دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ قويۇپ، كارىۋاتقا بېرىپ ياتتى. ئاز ئۆتمەي، ئۇ ئاغزىدا پۇشتەك چېلىشقا باشلىدى.

مەن تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماي يىغلاپ چىقتىم. يىغىدىن قاپاقلىرىم ئىششىپ كەتكەنىدى.

غۇلام ئەتىسى سائەت يەتتىلەردە ئويغاندى، ئۇ كارىۋاتتىن تۇرۇپ ماڭا قارىدى، كىيىملىرىنى كىيىپ ماڭا بىر نېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، بىراق ھېچنېمە دېمەي چىقىپ كەتتى.

بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كېيىن، ئۆيگە ياشىنىپ قالغان، ئۈستىبېشى پاكىز بىر ئايال چۆگۈن بىلەن داس كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— قىزىم ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ — دېدى

ئايال مۇلايىملىق بىلەن، — خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن رىسقىڭىز مۇشۇ ئۆيگە چۈشكەن ئوخشايدۇ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزىڭىزنى يۇيىۋېلىڭ.

مەن بېشىمنى كۆتۈرەلمىدىم. ئايال چۈگۈن بىلەن داسنى قويۇپ، لۆڭگىنى كارىۋاتنىڭ بېشىغا ئىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

مەن خېلى ۋاقىتقىچە ئۈندىمەي ئولتۇردۇم، چوپچوك بولغاندا خەققە قېيداپ، يۈز - كۆزۈمنى يۇماي ئولتۇرۇۋېرىشكە يۈزۈم چىدىمىدى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزۈمنى يۇدۇم. لۆڭگىنى ئېلىپ، يۈزۈمنى ئېرتتىم، چېچىمنى تارىدىم، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان سۇنۇق ئەينەككە قاراپ، ئۆزۈمنى تونۇماي قالدىم. چىرايىم سارغىيىپ بىر كېچىدىلا تونىغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

بىر چاغدا ھېلىقى ئايال تۆت چاسا كىچىك بىر جوزىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، سۇپىنىڭ گىرۋىكىگىلا قويۇپ، داستىخاننى ئاچتى. ئارقىدىن چىقىپ، بىر ئاپقۇردا ئەتكەنچاي ئېلىپ كىردى.

— بالام، قورسىقىڭىز ئېچىپ قالغاندۇ، تارتىنماي، مۇنۇ يۇمشاق نان بىلەن چاينى ئىچىۋېلىڭ، ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ، قورساقنى يامانلىماسلىق كېرەك، — دېدى نەسىھەت قىلىپ، — قېنى جوزىغا كېلىڭ، مەن چىقىپ ئىشلىرىمنى قىلغاچ تۇراي.

ئۇياق ناھايىتى سىلىق، مۇلايىم، مېھرىبان ئايالدەك قىلاتتى. ئۇياق چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن ئازراق ناشتا قىلىۋالدىم.

بىر چاغدا ئۇ ئايال يەنە كىردى.

— بالام، چاينى ئىچىۋالدىڭىزمۇ؟ ھە، ئوبدان قىلىپسىز قىزىم، ياش باللار دېگەن قېلىن - قاتتىق بولۇش كېرەك، بولمىسا ئۆزىنى ئوڭايلا ئالدۇرۇپ قويىدۇ. ئاڭلىسام، قاسىمجاننىڭ قىزىكەنسىز بالام. غۇلام دائىم سىلەرنىڭكىگە باردىم دەپ كېلەتتى. بايا ئۇ سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن - دە! بىراق، ئۇ سىزنى ئالدىراپ ئەكىلىۋاپتۇ. ھازىر توي قىلغۇدەك ھېچبىر تەييارلىقىمىزمۇ يوق ئىدى. ۋاي، ياشلارنىڭ ئالدىراقسانلىقىنى قانداق قىلار كىشى، ئالدى - كەينىگە قاراپ ئىش قىلسا بولمامدۇ!

بىلدىمكى، بۇ ئايال مېنىڭ قېيىن ئانام ئىكەن. مەن خىجىل بولغانلىقىمدىن بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم.

— ئەتىگەن سىزنى ئەكىلىۋالدىم دېۋىدى، بېشىمدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم، ھەي، بۇ زاماننىڭ باللىرى نېمە بولۇپ كەتتىكىن - تاڭ، بېشىنىڭ چوڭلۇقىنى قارىمادىغان. بىر ئوبدان چىرايلىق قىز ئىكەنسىز، بۇ شەيتاننىڭ ئازدۇرغىنىنى كۆرمەمدىغان.

مەن يەرگە كىرىپ كەتمىدىم، ئەمما ئۇنىڭ بېرىسى بولدۇم. بىراۋنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قويۇپ، كەتمەكنىڭ ئۆزىمۇ بىر نومۇسلۇق ئىش ئىدى. ئىلاجسىز سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردۇم.

— بالام، بولغۇلۇق بوپتۇ، مەن ئوغلۇمنى سىزگە ماختاپ بېرەلمەيمەن، بەلكىم سىز ئۇنى چۈشىنىدىغانسىز. ئۇ سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بۇنىڭغا مەن كاپالەت بېرەلەيمەن. ئۇ توي قىلىمەن

دەپ خېلى ئوبدان تەييارلىق قىلىپ يۈرەتتى، نېمە بولدى، بىلەلمەي قالدىم، بىر كۈندىلا ئۆيىنى قۇرۇغداپ قويۇپتۇ. كېيىن ئۇقسام قىمار ئوينايدىغان بولۇۋاپتۇ. ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى شۇ قىماردا ئۇتتۇرۇپ قويۇپتۇ.

ئايال ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى. مەن ئۇياقتا قاراپلا قالدىم. ئۇياقنىڭمۇ يەتكىچىلىك دەردى بارلىقى سۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— توۋا، بالا دېگەن چوڭ بولۇۋېلىپلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەيدىكەن، مەن ئۇنى بىرەر ئىش تېرىپ قويمىسا بولاتتىغۇ دەپ ئەندىشە قىلىپلا يۈرەتتىم، ئاخىرى دېگىنىمدەك بولدى. پېتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالغىلى بولاتتىمۇ، قارىسام، خېلى ئوڭلۇق يۈزى تۆۋەن قىزدەك قىلىسىز. سىز ماڭا ياردەم قىلىڭ قىزىم، ئۇنى سىزلا قۇتقۇزالايسىز. ئۇنىڭغا ياردەم قىلسىڭىز، ئۇ چوقۇم ياخشى ئادەم بولىدۇ. مەن ئىككى - ئۈچ ئادەم ئەۋەتىپ، دادىڭىزنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قويايلى. ئاندىن بىر ئامالىنى قىلىپ تويۇڭلارنى قىلىۋېتەرمىز.

ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتتى. غۇلامنىڭ ئىش - ئوقىتى يۈرۈشۈپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلى سەل تىنىغاندەك قىلاتتى. ئۆي جاھازلىرى، گىلەملەرنى ئېلىپ ئۆينى چوغدەك ياسىۋەتتى. تۇرمۇشىمىزمۇ باياشات بولۇپ كەتتى.

ئوغلىنىڭ ئادەم بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئانا قىن - قىنىغا پاتماي قالدى، كۆپ ئۆتمەي تويىمىزنى قىلىپ قويدى. بىراق، دادام مېنىڭ قېچىپ توي قىلىشىمنى قاتتىق ھار ئالغان چېغى، «مېنىڭ ئۇنداق قىزىم يوق» دەپ تويىمىزغا قاتناشمىدى. ئۇ ھەممە ئىشنى مېنىڭدىن كۆرەتتى. بۇ ئىش مېنى قاتتىق ئازابقا سالدى.

«توۋا، ھەجەپ دۆتلۈك قىپتىمەن-دە، نېمىشقا ئۆزۈمگە چىڭ بولالمىدىم، نېمە دەپ كېچىدە باغقا كىردىم. ھەر قانچە كېپىڭ بولسىمۇ مۇشۇ يەردە دېگىن، دەپ چىڭ تۇرمىدىم. دادامنىڭ ئاچچىقلانغىنى توغرا، ھەممە ئىش ئۆزۈمدىن ئۆتتى. مانا ئەمدى پۇقتىن سېسىق بولۇپ ئولتۇردۇم. ئاران ئورۇنلاشقان خىزمىتىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم. يا يۈرەكلىك كوچىغا چىقالمىسام، يا بىرسىگە تىكىلىپ قارىيالمىسام، شۇنۇ كۈن بولدىمۇ، بۇنداق باياشات تۇرمۇش قۇرۇپ كەتسۇن...»

مۇشۇلارنى ئويلىسام، ئۆزۈمنىڭ يېنىكلىك قىلىپ قويغىنىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلاتتىم.

مەن غۇلامغا تازا ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمىدىم. ئۇنىڭ قىمارۋاز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن رايىم قايتىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆي جابدۇقلىرىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەندەك بىر كۈنى ئۆي - بىساتىغا قوشۇپ مېنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتىشتىن يانمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆڭۈل بېرەلمىدىم.

غۇلام مېنىڭ ئۆزىگە تازا كۆڭۈل بەرمىگەنلىكىمنى ھېس قىلىپ، ماڭا بىردىنلا سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئۆيگە يېرىم كېچىلەردە قايتىپ كېلەتتى. بەزى كۈنلىرى سىرتلاردا قونۇپ قالاتتى... ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ھاراققا بېرىلىپ كەتتى، ئۆيگە دائىم مەست كېلەتتى، كېلىپلا يوق ئىشلارنى

باھانە قىلىپ مېنى دۈشكەلەيتتى، ئۇراتتى، تاپا - تەنە قىلاتتى، ئۆيدىن قوغلايتتى.

مەن ئۆيدىن ھېچياققا چىقالمايتتىم، بارىدىغان باشقا يېرىممۇ يوق ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە دەرد - ئەلەملەرنى تارتماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا دەپ، بۇ خورلۇقلارغا چىدايتتىم. ھېلىمۇ تەلىيىمگە قېيىن ئانام ئۇكىلۇق، ئاقكۆڭۈل ئايال ئىدى. ئۇ بالىسىنىڭ ماڭا سېلىۋاتقان زۇلمىنى توساتتى، ماڭا تەسەللى بېرەتتى.

بىر كۈنى غۇلام يەنە مەست ھالدا ناھايىتى كەچ قايتىپ كەلدى. مەن كۈندۈزى ئۆي قېقىپ ھېرىپ قالغانىدىم. تاماقتىن كېيىن، يېتىپ كۆزۈم ئىلىنىپ قاپتۇ. بىر چاغدا دەرۋازىنىڭ جالاق - جۇلۇق قىلىشىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. مەن كىيىنىپ چىققىچە، غۇلام سىرتتا تۇرۇپ تىل سالدى. دەرۋازىنى ئېچىشىم بىلەن مېنى ئۇرۇپ، دۇمبالاپ كەتتى.

مەن تاياق زەربىسىگە چىدىماي، چىرقىراپ كەتتىم. نالە - پەريادىمدىن قېيىن ئانامۇ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئوغلىنى توستى.

— ھوي، جۇۋاينىمەك، نېمىدەپ يېرىم كېچىدە كېلىپ خەقنىڭ بالىسىنى ئۇرۇسەن، — دېدى قېيىن ئانام ئوغلىغا ۋارقىراپ، — بۇ قىز ساڭا نېمە قىلىدى، كىيىمىڭنى يۇيۇپ، تاماقىڭنى تەييار قىلىپ بەرگەنگە ئۇرامسەن؟ ئەقلىڭنى قاغا چوقۇپ كەتكەنمۇ...

غۇلام ئانىسىنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالمايتتى، ئانىسى توسقانسېرى، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتەتتى.

مەن مۇنداق تۇرمۇشتىن جاق تويدۇم. ئاخىرى ئۆلۈپلا قۇتۇلاي دېگەن ئويغا كەلدىم. ئۆز ئۆيۈمگە كىرىپ، چىۋىن دورىسى چېلىنغان قاچىنى قولۇمغا ئالدىم. بىراق قولۇم تىترەپ بىر دەققە تۇرۇپ قالدىم. شۇ چاغدا:

— ھوي نېمە قىلىۋاتىسىز، — دېدى قېيىن ئانام ئۆيگە كىرىپ قېلىپ، — قولىڭىزدىكى نېمە؟

ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىمدىن گەپ قىلالماي قالدىم. قورقۇپ چىرايىم تاتىرىپ كەتكەن چېغى، قېيىن ئانام چىرايىمغا قاراپ، نىيىتىمنى بىلىپ قالدى.

— شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ، ياش جېنىڭىزنى نابۇت قىلماڭ قىزىم، — دېدى ئۇ نەسىھەت قىلىپ، — جاھان دېگەن ئۆزۈن، ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىسىلەر...

شۇ ئىش بولۇپ ئاز كۈندىن كېيىن، دوستۇم خەلچەم كېلىپ قالدى. ئۇ سولغۇن چىرايىمنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى. مەن يىغلاپ ئەھۋالىمنى سۆزلەپ بەردىم.

— ھوي ئاداش، شۇنچىۋالا بولۇپ كەتكىچە، نېمىگە تىنىمىدىڭ، — دېدى ئۇ ئېچىنغان ھالدا، — داداڭنىڭ بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋىرى يوقتۇ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ئەمىسە بۈگۈنلا بېرىپ ئېيتاي، ھەرقانچە باغرى تاش بولسىمۇ، ئۆز قىزىنىڭ ئازاب چېكىپ ئولتۇرۇشىغا قاراپ تۇرماس.

خەلچەم مېنىڭ ئەھۋالىمنى شۇ كۈنىلا دادامغا يەتكۈزۈپتۇ. دادام ئەھۋالنى ئاڭلاپ باشتا: «ئۆزىگە ئاز» دەپ مېنى ئەيىبلەپ كېتىپتۇ. خەلچەم بولغان ئەھۋالنىڭ ھەممىسىنى دادامغا

سۆزلەپ بېرىپتۇ ۋە ئەگەر قىزلىقىمىزغا ئىگە بولمىساڭمىز، ئۇنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالىسىز، دەپتۇ.

— ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەن بولسا، بېرىپ ئېيتىڭ، ئۆيگە يېنىپ كەلسۇن، — دەپتۇ دادام بىردەمدىن كېيىن.

ئەتىسى خەلچەم كېلىپ مېنى ئېلىپ كەتتى. دادام ئۆتكەن ئىشلارنى يۈزۈمگە سېلىپ ئولتۇرمىدى. بىراق يۈزۈمدىكى تاياق ئىزلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالماي قالدى.

— مەن ئۇ كوسىپۇرۇشنىڭ پوت - قولىنى چېقىۋېتىمەن، — دېدى دادام غەزەبتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ.

— بولدى دادا، پوققا چالما ئاتسا، يۈزگە چاچرايدۇ، دەپتىكەن. ئۇ ئەسكى بىلەن تەڭ بولمىغىن، — دېدىم دادامنىڭ ئالدىنى توراپ.

— خەپ... غۇلام، خەپ غۇلام، سەن ئەسكىنىڭ ئەدىبىنى خۇدايىم ئۆزى بېرەر، — دادام ئۇنى قارغىغىنىچە مېنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتتى...

زۇلخۇمار بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئۆز ئەسلىمىسىنى توگەتتى...

— ھە، بايا سەن شۇڭا ئۇن - تىنسىز يوقاپ كېتىپتىكەنسەن - دە، — دېدى زۇلپىيە دوستىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، — مەن سېنى ئۆز رايىڭ بىلەن توي قىلغان چېغى دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— ئادەم ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمىسە تۇرمۇشنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدىكەن، — دېدى قىز ئۇھ تارتىپ، — دۇنيادا غېمى يوق، دەردى يوق ئىنسانلارمۇ بارمىدۇ، دەرد تارتقانلار ئۇلمۇر بويى دەرد تارتىپ ئۆتەرمۇ؟ بۇ زادى نېمىشقا شۇنداق؟...

— كۆڭلۈڭنى بۇزما ئاداش، — دېدى زۇلپىيە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — ئاينىڭ ئونبەشى قاراڭغۇ بولسا، ئونبەشى يورۇق بولىدۇ دەيدىكەن، سېنىڭ بەختىڭ تېخى ئەمدى ئېچىلىدۇ، كىم بىلىدۇ، ئىشلەيدىغان ئىشىڭ توغرىلىق مەنمۇ نۇسرەتكە دەي، ھازىر توختاملىق ئىشچىلارنىمۇ ئېلىۋاتىدۇ، مېنىڭچە نۇسرەتمۇ ياق دېمەيدۇ، ئاۋۋال ئىشلەپ تۇرساڭ، كېيىنچە بىر گەپ بولامدۇ، ئۆتكەن ئىشلارنى كەينىڭگە تاشلىۋەت ئاداش...

زۇلخۇمار دوستىنىڭ ئۆيىدىن يېنىكلىگەندەك بولۇپ چىقتى. تالانى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. كوچا چىراغلىرىنىڭ سۇس يورۇقىدا شەھەر مۆگدىمەكتە ئىدى.

— سېنى چوڭ كوچىغىچە ئاپىرىپ قوياي، — دېدى زۇلپىيە دەرۋازىدىن چىققاندا.

— ياق، كوچا يورۇق ئىكەن، ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن، — دېدى زۇلخۇمار ۋە كۆزى ئىختىيارسىز ھالدا كۆك سىرلاغلىق دەرۋازىغا ئاغدى. دەرۋازا ئالدىدا بىرسىنىڭ قارىسى، تاماكىنىڭ ئوتى كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى تىپچەكلەپ كەتتى.

— راست قورقمامسەن؟ — زۇلپىيە يەنە سورىدى.

— ياق، بولدى كىرىپ كەت ئاداش، — دېدى ئۇ زۇلپىيەنىڭ كىرىپ كېتىشىنى تىلەپ.

دوستلار خوشلاشتى. زۇلخۇمارنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى، ئۇ كۆك دەرۋازىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ماڭدى. دەرۋەقە تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان نۇسرەت

بولۇپ چىقتى. ئۇ زۇلخۇمارنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— قايتتىڭىزمۇ؟— دېدى ئۇ يېقىن كېلىپ.

— ھەئە،— زۇلخۇمارنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. ئىچىدە: سىزنى ئىزدىسەم بوپتىكەن، دېمەكچىدى، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. خىجىل بولماي قانداق دەيدۇ.

— مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي،— دېدى نۇسرەت ئۇنىڭغا ياندىشىپ.

— ياق ئاۋارە بولماڭ، ئۆزۈم كېتەلەيمەن.

— ئۇنداق دېمەڭ، بۇنداق كېچىدە يالغۇز يۈرۈش خەتەرلىك.

زۇلخۇمار ئۇنچىقمىدى، كۆڭلىدە بولسا نۇسرەتنىڭ ھەمراھ بولۇشىنى ئىچ-ئىچىدىن خالايتتى، لېكىن نۇسرەت ئۇنى كەچۈرەرمۇ؟ ياق، ياق، مەن نۇسرەتكە لايىق ئەمەس، مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم، زۇلخۇمار كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا نۇسرەتكە قاراپ قويدى، نۇسرەت بولسا قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا سالغىنىچە جىمجىت كېلىۋاتاتتى، تۇرۇقىدىن ئۇمۇ كۆڭۈل ئازابىدا ئىدى. — بىچارە، دېدى زۇلخۇمار ئىچىدە،— ئەگەر ئاشۇ چاغدا غۇلام ئارىلاشمىغان بولسا، بەلكىم... ئۇ ئۆز خىيالىدىن ئىزا تارتىپ لېۋىنى چىشلىدى.

— يولدىشىڭىز بىللە كەلمەپتۇغۇ؟— نۇسرەت تۇيۇقسىز سورىدى.

زۇلخۇمار ئەندىكىپ كەتتى، ھەممىنى ئېيتسۇنمۇ، ياق، ياق، بەرىبىر زۇلپىيەدىن ئاڭلايدۇ، نۇسرەتنىڭ ئاچچىق تەنىلىرىنى ئاڭلاپ نېمە قىلاي، بەلكىم ئۇ زاۋۇتقا ئېلىشقىمۇ ئۇنىماس، زۇلخۇمار شۇنداق ئويلىغىنى بىلەن كۆڭلىنىڭ بىر يېرى ئېرىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ئۇققىغان ھالدا:

— مەن ھازىر يالغۇز،— دەۋەتتى.

نۇسرەت بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، گويا زۇلخۇمارنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا باشتىن بوي زەن سالدى.

— راست دەۋاتامسىز؟

— راست...

— تەقدىرىمىز ئوخشاش ئىكەنغۇ،— دېدى ئۇ زۇلخۇمارغا تىكىلىپ تۇرۇپ.

زۇلخۇمار خىجىل بولغاندەك يەرگە قارىدى. ئۇلار زۇلخۇمارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدى. كەلگىچە زۇلخۇمار ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى ۋە بۈگۈن زۇلپىيەنى ئىزدەپ كېلىش مەقسىتىنىمۇ ئېيتىۋەتتى.

— مۇنداق دېمەمسىز،— دېدى نۇسرەت ھاياجان بىلەن،— بولىدى، ئەتە زاۋۇتقا كېلىڭ، ئىش دېگەن تېپىلىدۇ.

ئۇلار خوشلاشتى. نۇسرەت قايتىۋېتىپ نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ بىردەم ئارىسالدى بولۇپ تۇردى-دە، ئاندىن:

— ئەمىسە ئەتە كۆرۈشەيلى،— دېدى دۇدۇقلاپ. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى زۇلخۇمارنىڭ قەلبىنى ئېرىتىۋەتتى، ئۇ خۇددى بىر چاغلاردىكى، ئۇ يېڭى زاۋۇتقا كىرىپ نۇسرەت بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى ھاياجانلىق ھالىتىگە قايتتى.

زۇلخۇمار تاكى نۇسرەتنىڭ قارىسى يىتكىچە دەرۋازا ئالدىدا قاراپ تۇردى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئەنۋەر ئابدۇرېھم

# ئۇيغۇر هازرقى زامان داستانچىلقىنىڭ نەمۇنسى

تالانتلىق شائر ئابدۇرېھم ئۆتكۈرنىڭ 1948-، 1949 - يىللىرى يېزىلغان «قەشقەر كېچسى» ناملىق يىرىك داستانى ئۇيغۇر هازرقى زامان داستانچىلقى تارىخدا ئالاهدە ئورۇن تۇتىدىغان نامايەندىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شائرنىڭ ئۆزگە خاس بەدىئىي ئىستېداتى ۋە ئۇسلۇبىنى روشەن ئىپادىلەپ بېردۇ.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات مىراسلىرىمىزدىن مەلۇمكى، داستانچىلىق سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقى ئارىسدا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى تارىخدا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتقاد قىلىدىغان دەۋرلەردىلا مەيدانغا كەلگەن «ئوغۇزنامە» داستانى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يېزىلغان «چىنستانى ئىلىكبېگ»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر ئۇيغۇر داستانچىلقىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» غىمۇ ئالىپ ئەرتۇڭا ھەققىدە يېزىلغان داستاندىن ۋە باشقا داستانلاردىن نۇرغۇن پارچىلار كىرگۈزۈلگەن. لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «زەپەرنامە» ناملىق داستانلىرى، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «خەمسە» سى، ئاياز شىكەستىنىڭ «جاھاننامە» ناملىق ئەسىرى ئۇيغۇر داستانچىلقىنىڭ 15 -، 16 - ئەسىرلەردە دۇنيا ئەدەبىياتى سەھنىسىدە كۆز قاماشتۇرغانلىقىدىن دېرەك بېردۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا 17 -، 18 -، 19 - ئەسىرلەردىمۇ «لەيلى - مەجنۇن»، «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، «يۈسۈپ - زىلەيخا»، «پەرھاد - شېرىن»، «ۋامىق - ئۇزرا»، «چاھار دەرۋىش»، «مەسئۇد - دىلئارا»، «بەھرام - دىلئارام»، «رابىئە - سەئىدىن»، «سەپەرنامە»، «زەپەرنامە»، «كىتابىي غازات دەر مۈلكى چىن»، «چاقمۇزا يۈسۈپخان»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق داستانلار كەينى - كەينىدىن دۇنياغا كېلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېقىنىنى هاسىل قىلدى.

شائر ئابدۇرېھم ئۆتكۈرنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى مۇشۇ زور ئېقىننىڭ تەسىرى ۋە تۈرتكىسى بىلەن باشلاندى.

ئابدۇرېھم ئۆتكۈر شېئىر ئىجادىيىتىگە 1942 - يىلدىن باشلاپ كىرىشتى. ئۇ، خەلقىمىزگە هازىرغىچە 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، «يۈرەك مۇڭلىرى»، «تارىم

بويلىرى»، «ئۆمۈر مەنزىللىرى» قاتارلىق ئۈچ شېئىرلار توپلىمى، «يېڭى جۇڭگو گۈلستانىغا»، «ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» ۋە «قەشقەر كېچىسى» قاتارلىق ئۈچ داستان تەقدىم قىلدى. «قەشقەر كېچىسى» بۇنىڭ ئەڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ 1981 - يىلى مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئەدىبلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى ۋە خەنزۇ، ياپون تىللىرىغا تولۇق ھەم قىسمەن تەرجىمە قىلىندى.

بۇ داستان غايىلىك ياش شائىرنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلدا يىرىك شېئىرىي ئەسەر ئىجاد قىلىش ئارزۇسىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى. ئەينى يىللاردا تېخى ئەمدىلا 25 ياشقا كىرگەن شائىر ئۆزىنىڭ 11 باب، 3700 مىسرالىق بۇ يىرىك داستانىدا ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ھەم دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، خەلققە يېقىن، ئاممىباب، جانلىق ئەدەبىي تىل بىلەن لەيلى، كېرىم قاتارلىق ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى يولىدىكى جاپالىق ئېلىشىشلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ 40 - يىللاردىكى ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە پاجىئەلىك تەقدىرىنى روشەن يورۇتۇپ بەردى. شائىر ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋىي شەكلىدە ھەزەج بەھرىدە يېزىلغان بۇ يىرىك تارىخىي داستانىدا يەنە خەلقىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تۇرمۇشىدىكى سەلتەنەتلىك مەنزىرىلەرنى، جۈملىدىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ گۈزەل تارىخىي كارتىنىسىنى ماھىرلىق بىلەن سىزىپ بەردى.

شائىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىغانلىقىنى قايناق ھېسسىيات بىلەن مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

زۇلۇم — زۇلمەتكە قارشى كۆتۈرۈپ تۇغ،
قانات قاققان ئىمىش غۇلجىدا سۇمۇرغ.
تېشىپ قىرغاقتا سايرام چايقىلىپتۇ،
تۇمانلىق تەلكىمىز باش كۆتۈرۈپتۇ.

غەزەپلىك شائىر ئەسەر ۋەقەلىكى يۈز بەرگەن زۇلمەتلىك يىللارغا تۆۋەندىكىدەك ئېغىر سوئاللارنى تاشلايدۇ:

نېمىشقا شۇنچە كۆپ زورلۇققا يول بار،
نېمىشقا خەلق ئۈچۈن بۇ كەڭ جاھان تار؟!
ئەجەبكىم بولسا ھاجى شۇنچە ئۆكتەم،
تۆكۈپ قان، ئاشسا شۇنچە ھەددىدىن ھەم؛
بۇنى تەڭگۈچى ھاكىم تېپىلماس،
نە قانۇن، نە شەرىئەت كارى بولماس.

ياش شائىر ئادالەتنى دەپسەندە قىلىۋاتقان قارا كۈچلەرنىڭ ئۈستىگە مۇنداق ئوتلۇق مىسرالارنى ياغدۇرىدۇ:

دېمەككى، بۆرى قان ئىچسە سوراق يوق،
بىراق قويدا «مە» دېمەككە ھوقۇق يوق.
قاراپ قويساڭ كۆزۈڭنى ئويغۇدەكمىش،
ئېغىز ئاچساڭ تىلىڭنى يۇلغۇدەكمىش.
دېمەككى، ھەق گېپىنى قىلسا ھەر كەس،
ياتار جايى بولۇر تۈرمە، گەپ بەس!

ئەسەر قەھرىمانلىرى — لەيلى بىلەن كېرىم مۇشۇنداق دەۋردە ياشايدۇ. مۇشۇنداق قاتمۇ قات زۇلۇم، ھاقارەت ۋە زورلۇق ئۇلارنى پەيدىنپەي ئويغىتىدۇ ھەم چېنىقتۇرىدۇ. زۇلمەتلىك يىللارنىڭ ئېغىر زۇلمى لەيلى بىلەن كېرىمنىڭ يورۇقلۇققا — ئەركىنلىككە بولغان ئىنتىلىشىنى، فېئودالىزىمنىڭ ئاسارىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. شائىر داستاندا كېرىمنىڭ ئاڭلىق ئىسيانكارغا ئايلىنىش مۇساپىسىنى مېغىزلىق ھەم ئوبرازلىق ھالدا مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

چۈشەندىكىم، ئامان بولماس بۇ باش،
خەلققە كۆلىمگۈنچە ئەرك قۇياشى.
مىسالى سارغىيار شاختا يوپۇرماق،
دەرەخنىڭ يىلتىزى گەر بولمىسا ساق.
چۈشەندى «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
چېڭى چىققان بىلەنمۇ دېڭى چىقماس.»
ئۈزەر كەمپىرمۇ يىپنى بولسا بىر تال،
قوشۇلغاندا ئۈزەلمەس رۇستەم بىلەن زال.

لەيلى بىلەن كېرىمنىڭ نىكاھ ئەركىنلىكى يولىدا ئىپادىلىگەن ئاجايىپ پىداكارلىقى، جاپا - مۇشەققەتلىك كۈرىشى ئۇلارنىڭ شەخسىي مۇھەببەت دائىرىسىدىن ھالقىپ، مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئازادلىق كۈرىشى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. شۇڭا بۇ ئوبرازلار كلاسسىك داستانلىرىمىزدا تەسۋىرلەنگەن رابىيە، سەئىدىن قاتارلىق پېرسوناژلاردىنمۇ يارقىن ھەم يۈكسەك تۇرىدۇ. چۈنكى رابىيە، سەئىدىن قاتارلىق پېرسوناژلارنى زۇلمەتلىك يىللار يالماپ كېتىدۇ، لەيلى بىلەن كېرىم بولسا زۇلۇمغا قارشى ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىدۇ، خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ ئېقىنىغا قېتىلىپ كېتىدۇ. بىز بۇنىڭدىن «قەشقەر كېچىسى» ئۇيغۇر داستانچىلىقىنى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتە يېڭى تارىخىي چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. بۇ خىل زور ئىلگىرىلەش «قەشقەر كېچىسى» نىڭ ئۇيغۇر داستانچىلىقى تارىخىدا بۆسۈش ھاسىل قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر داستاندىكى لەيلى، كېرىم، ئوبۇل قاتارلىق پېرسوناژلارنى 40 - يىللاردىكى ئىلغار كۈچلەرنىڭ — ئويغانغان ياشلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئىلاھقا ئايلاندۇرۇپ قويمىغان. بىز بۇنى لەيلى

ئوبرازىدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

لەيلى — گۈزەل، ۋاپادار ھەم ۋىجدانلىق ئۇيغۇر قىزى. ئۇنىڭ خاراكتېرىدا زۇلۇمدىن نەپرەتلىنىدىغان، يورۇقلۇققا ئىنتىلىدىغان، مۇھەببەت ھەم ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان تەرەپمۇ، ئۆزىنى ئاجىز چاغلايدىغان تەرەپمۇ بار. ئۇ ھەتتا ئەرلەر ئېزىز، ئاياللار خار دەيدىغان فېئوداللىق قاراشنىڭ تەسىرىدىنمۇ خالىي ئەمەس.

مەلۇمكى، ئىنسان خاراكتېرى مۇرەككەپ، كۆپ قاتلاملىق بولىدۇ. دۇنيادا زىددىيەت، توقۇنۇشتىن خالىي خاراكتېر مەۋجۇت ئەمەس. مۇئەييەن بەدىئىي ئىقتىدارغا ئىگە ئەدىبلەر ئۆز پېرسوناژلىرىنى تۇرمۇشتىكى جانلىق ئادەملەرنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ياكى ئۇنى خام ماتېرىيال قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرقانداق ئادەم مۇئەييەن دەۋر ۋە تارىخنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. شۇڭا كونا جەمئىيەتتە، كۈچلۈك دىنىي ئېتىقاد مۇھىتىدا چوڭ بولغان قەشقەر قىزى لەيلىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئاجىزلىقلار بىزگە شۇ قەدەر تەبىئىي ھەم چىن تۇيۇلىدۇ. لەيلى خاراكتېرىدىكى بۇ خىل ئۆزگىچىلىك ئۇنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئىشەنچلىك، تېخىمۇ تەسىرلىك ئوبرازغا ئايلاندۇرغان. دېمەك، لەيلى — ئۇيغۇر ھازىرقى زامان داستانچىلىقى باغچىسىدا 40 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئېچىلغان سولماس نەپىس گۈللەرنىڭ بىرى.

داستان — مۇئەييەن دەۋردىكى زور تارىخىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەڭ يورۇتۇپ بېرىدىغان يىرىك شېئىرىي ئەسەر. داستاندا شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسى ئاساسەن پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا داستان ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شائىرلار داستاندىكى ھەربىر پېرسوناژنى مۇئەييەن ئېستېتىك غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. ئۇلار داستاندىكى بەزى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى كۆپ قاتلاملىق خۇسۇسىيەتنى يورۇتۇپ بېرىشكە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىسىمۇ، لېكىن بەزى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى خۇنۈكلۈك بىلەن گۈزەللىكنى بىردەك يورۇتۇپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ، ئەھمىيىتىمۇ يوق دەپ قارايدۇ. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، قايسى پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى قانداق يورۇتۇپ بېرىشنى يەنىلا شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا بىز خاراكتېردىكى مۇرەككەپلىكنى، كەسكىن توقۇنۇشنى يورۇتۇپ بەرگەن شائىرلارنى خاراكتېرنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويۇپتۇ، خاراكتېرنى تىپىكلەشتۈرەلمەپتۇ، دەپ ئەيىبلىيەلمىگىنىمىزگە ئوخشاش، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىنى ياكى مەلۇم بىر مەزگىلدىكى ئىپادىسىنىلا يورۇتۇپ بەرگەن شائىرلارنىمۇ يەككىلىك بىلەن خاراكتېردىكى مۇرەككەپلىكنى قەستەن يوشۇرۇپتۇ، دەپ ئەيىبلىيەلمەيمىز.

ماھارەتلىك شائىرلار مەيلى ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېرىدىكى قاتمۇ - قات پەردىلەرنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ كۆرسەتسۇن، مەيلى پەقەت ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى خۇنۈكلۈكنىلا ياكى گۈزەللىكنىلا يورۇتۇپ بەرسۇن، ئوخشاشلا ئۆز پېرسوناژلىرىغا جان ھەم بەدىئىي سېھرىي كۈچ ئاتا قىلالايدۇ.

شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «قەشقەر كېچىسى» دە بەگ ھاجىمنىڭ خاراكتېرىدىكى
رەھىمسىزلىك، ۋەھشىيلىك، مۇتىھەملىك، شەھۋانىيلىق، دۇنياخورلىق، غالچىلىق، چۇشـ
كۈنلۈك قاتارلىق خۇنۇك تەرەپلەرنى، شۇنىڭدەك چولاق مەخسۇمنىڭ خاراكتېرىدىكى
ئاچكۆزلۈك، پىخسىقلىق، ساختىپەزلىك، ۋىجدانسىزلىق، نەپسانىيەتچىلىك ۋە ئەكسىيەتچىـ
لەر ئالدىدا نومۇسسىزلارچە قۇيرۇق شىپپاڭشىتىشتەك پەسكەشلىكلەرنى چوڭقۇر قېزىشقا
قانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان بولسا؛ كېرىم، ئوبۇل، گۈلئايىم قاتارلىق پېرسوناژلارنىڭ
خاراكتېرىدىكى سۆيگۈگە چەكسىز سادىق بولۇش، دوستلۇققا ئۆزىنى بېغىشلاش، پىداـ
كارانە روھقا باي بولۇش، مۇلايىم، ئاقكۆڭۈل بولۇشتەك گۈزەللىكلەرنى روشەن يورۇـ
تۇپ بېرىشكىمۇ شۇنچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. بىز جانلىق تەسۋىرلەنگەن بۇ پېرـ
سوناژلار بىلەن ئۇچرىشىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ 40 - يىللار تۇرمۇشىدىكى گۈزەللىكـ
نىمۇ، خۇنۇكلۇكىنىمۇ، يورۇقلۇقىنىمۇ، قاراڭغۇلۇقىنىمۇ كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

«قەشقەر كېچىسى» ناملىق بۇ داستان مۇكەممەل سيۇژېت لىنىيىسىگە ئىگە. داسـ
تاننىڭ سيۇژېتى داستان پېرسوناژلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا
قانات يايدۇرۇلغان. شائىرنىڭ داستاندا ئىپادىلىگەن جۇشقۇن لىرىك ھېسسىياتى، داسـ
تاندا تەسۋىرلەنگەن گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرى، داستاندا يارىتىلغان تىپىك ئىجتىـ
مائىي مۇھىت ۋە ھەربىر بابنىڭ بېشىدىكى ئېپىگرافلار داستان ۋەقەلىكىنى
تېخىمۇ جانلاندۇرۇش، راۋانلاشتۇرۇش، داستان سيۇژېتىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈـ
رۈش، داستان قۇرۇلمىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت
قىلدۇرۇلغان.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر چاغاتاي ئەدەبىي تىلىدىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىي
تىلىغا ئۆتۈشىمىزدە سەركەردىلىك رول ئوينىغان شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. شائىر ئۆزىنىڭ
«قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئارۇز ۋەزنىدە
شېئىر يازماق قىيىن، ئارۇز ۋەزنى شائىرنىڭ پىكرىنى بوغۇپ قويىدۇ دېگەندەك
بىر تەرەپلىمە قاراشلارغا كۈچلۈك رەددىيە بەردى ھەمدە ئارۇز ۋەزنى بارماق
ۋەزنىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ قىممەتلىك مىللىي شەكىللىرىدىن بىرى
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شائىر شېئىرىي تىل ھەم ۋەزىن جەھەتتىكى جاپالىق ئىجادىي
ئىزدىنىشى ۋە مول تۆھپىسى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئارۇز ۋەزنىنى تېخىمۇ بېيىتتى ھەم
يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى.

شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ شېئىرىي تىلى كلاسسىك يازما ئەدەبىيات تىلى ئەنـ
ئەنىسىگە، يەنى چاغاتاي ئەدەبىياتى تىلى ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش، بولۇپـ
مۇ خەلق تىلىنى پۇختا ئىگىلەش، زېرىكمەي ئۆگىنىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ
«قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانىنىڭ تىلىدىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك جانلىق خەلق
تىلىغا يېقىنلىقىدا، ئاممىبابلىقىدا. بىز ئۇنىڭ بۇ يېرىك داستانىدىن خەلق چۈشەنمەيدىغان،
غەلىتە، مۇجمەل سۆز - جۈملىلەرنى ئىزدەپمۇ تاپالمايمىز. بۇ شائىرنىڭ تىلغا گادايىلىقىنى

ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كىتابخانىلار ئالدىدىكى سەممىيىتىنى، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنى، خەلقنى سۆز نەيرەڭلىرى بىلەن ئالدىمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئايىغىڭغا قويۇپ كاشكى بېشىمنى،
يولۇڭغا سۇ قىلىپ سەپسەم يېشىمنى،
قىلىپ يىڭنە يەنە كىرپىك دېگەننى،
چىقارسام پۇتلىرىڭدىن شۇم تىكەننى.
چېچىمنى كۆرپە قىلسام ھەر سەھەر - شام،
بىرەردەم ئولتۇرۇپ سەن ئالساڭ ئارام...

لەيلىنىڭ كېرىمگە يازغان خېتىدىكى بۇ مىسرالاردىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۈچلۈك پۇرىقى گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. بۇ مىسرالارنىڭ تىلىدىن ئاددىي ئۇيغۇر دېھقانلىرىمۇ كۈچلۈك ئېستېتىك زوق ئالالايدۇ.

زەللىلى «جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولمىسا» دېگەنىدى. بىز شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ «قەشقەر كېچىسى» ناملىق داستانىغا سىڭدۈرۈلگەن چوڭقۇر شېئىرىي پىكىرلەرنىڭ مەجازى ۋاسىتىلەر ئارقىلىق جىلۋىلىنىپ، بەدىئىي سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىنغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. تۆۋەندىكى مىسرالار بۇنىڭ دەلىلى:

مانا لەيلى گوياكى كۈز خازانى،
قاياققا ئېپكېتەر قىسمەت بورانى؟!

.........................

ئاتاردى لەيلىنىڭ سولغۇن چىرايى،
تۇماندا قالدى گويا كۈزنىڭ ئايى.

.........................

ئۆتۈپ كەتكەن كەبى بىردەمدە كۆكلەم،
يەنە كىرپىكلىرىگە قوندى شەبنەم.

.........................

مىنۇت ئۆتمەي كۆزنى يۇمدى ئاستا،
پېتىپ كەتتى قۇياشمۇ دەل شۇ ۋاقىتتا.
ئۇپۇقتا قالدى، داغ، خۇددى قان داغى،
ۋاقىتسىز ئۆچتى بۇ ئۆينىڭ چىراغى.

.........................

ۋاپا مەكتىپىدىن كىم ئالسا تەلىم،
ئۆزىگە قىلغۇلۇق سىزنى مۇئەللىم.

.........................

ئاقارغان چاچلىرىم بولسا پايانداز،

سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن شۇمۇ يەنە ئاز.

..............................

چىمىلدىقتىن چىقىپ كۆلگەندە چولپان،
يۈزىنى ناز بىلەن ئاچقاندا ئاسمان؛
خورازلار چىللىشىپ شوخ يانمۇ - ياندىن،
نامايىش باشلىغاندا سۈبھى — تاڭدىن...

..............................

كى دۇنيا ھەر كىشىگە بىر ئېتىز يەر،
ئۇرۇقنى ياخشى تاللا، يەم بىلەن تەر.
نېمە تەرسەڭ شۇنى ئورۇپ ئالۇرسەن،
تېرىپ ئارپا، نېچۈك بۇغداي ئالۇرسەن؟!

نەپىس مەجازى پەردىلەرنىڭ ئاستىغا ئېلىنغان بۇ مىسرالاردا ھەسرەتلىك شائىرنىڭ جۇشقۇنلۇق لىرىك ھېسسىياتىمۇ، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكرىمۇ، شۇنىڭدەك ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىمۇ، قايناق مۇھەببىتىمۇ، كۆركەم تەبىئەت مەنزىرىلىرىمۇ روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ قەلبىنى ئىختىيارسىز لەرزىگە سالىدۇ. شائىر بۇ مىسرالاردا ئۆزىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان نازۇك ھېسسىياتىغا نەپىس مەجازى پەردىلەر ئارقىلىق كۆچلۈك جۇلا بېرىپ، داستاننىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرغان. شۇڭا بۇ داستان ھېسسىيات ئىچىدە مەنزىرە، مەنزىرە ئىچىدە ھېسسىيات بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىنغان، شائىرنىڭ ھېسسىياتى ئىجادىي تەسەۋۋۇر بىلەن قاناتلىنىپ، داستاننىڭ بەدىئىي قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

تىل شائىرنىڭ تەسىراتىنى، ھېس - تۇيغۇسىنى، ئوي - پىكرىنى شەكىلگە سالىدۇ. شائىرنىڭ ماھارىتى، تالانتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى تىل ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. «قەشقەر كېچىسى» شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ تىل ئۇسلۇبىدىكى خەلقچىللىق روھىنى روشەن نامايان قىلىدۇ. بىز بۇ داستاندا ماقال - تەمسىل ۋە ئىدىيومىلار بىلەن شائىرنىڭ ھېس - تۇيغۇسى، ئوي - پىكرى ئۆزئارا سىڭىشىپ، بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىنغانلىقىنى، خەلق ئارىسىدىكى ئىپادىلەش كۈچىگە باي تىل جەۋھەرلىرى داستاننىڭ تىل ئۇسلۇبىنى خەلققە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ئاروز ۋەزنىنىڭ ئۇيغۇر داستانچىلىقىغا تازا ياپ كېلىدىغان مەسنەۋى شەكلى ھەرەج بەھرىدە يېزىلغان بۇ داستان 11 باب بولۇپ، ھەربىر بابنىڭ بېشىدا ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى، ماقال - تەمسىللىرى، ئېلىمىزدە ھەم چەت ئەللەردە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەرنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن سۇغۇرۇلغان پارچىلىرى شۇ باپتا ئىلگىرى سۈرۈلگەن شېئىرىي پىكىرنىڭ يەكۇنى سۈپىتىدە ئېپىگراپ قىلىپ ئېلىنغان. ھەربىر بابنىڭ ئاخىرىسىدا بولسا، ئۇيغۇر كلاسسىك داستانلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى بويىچە شائىرنىڭ قايناق ھېس - تۇيغۇسى كىتابخانلارنى ھاياجانلاندۇرىدىغان لىرىك مىسرالار بىلەن تۈگۈنلەنگەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك ھەربىر باپتا ئىلگىرى سۈرۈلگەن شېئىرىي پىكىرلەرنى تېخىمۇ روشەن يورۇتۇپ بېرىپ، داستاننىڭ مۇرەككەپ

ۋەقەلىكلىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ، ئەسەر قۇرۇلمىسىنى جانلىق، تەسىرلىك، قىزىقارلىق قىلىپ تەشكىللەشتە ئۇنۇملۇك رول ئوينىغان.

داستاننىڭ بەشىنچى بابىدا كېچىسى لەيلىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن كەلگەن كېرىمنىڭ مەخسۇم چولاقنىڭ ھىيلە‌قەستى بىلەن قولغا ئېلىنىپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن. مۇشۇ بابنىڭ بېشىغا ئەلىشىر ناۋائىنىڭ:

«يەتمەكلىك ئىرور مۇشكۈل، مەقسەتكە يېتەر كىم بار،
كۆن خىرە ۋە تۈن تىرە، يول تايغاقۇ ئات ئاقساق...»

دېگەن مەشھۇر ئىككى مىسرا شېئىرى بىلەن بىر گە تونۇشلۇق بولغان:

«مەن قۇشۇمنى غازغا سالسام، كىم سېلىپتۇ قارغىغا،
ئالتە قارغا بىر بولۇپ، ئالدى قۇشۇمنى ئارىغا.»

دېگەن خەلق قوشىقى ئېپىگراپ قىلىپ ئېلىنغان. بۇ ئېپىگراپنى داستاننىڭ بەشىنچى بابىدا تەسۋىرلەنگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ مېغىزلىق ۋە ئوبرازلىق يەكۈنى دېيىشكە بولىدۇ. شۇ بابنىڭ ئاخىرى شائىرنىڭ:

قېنى ساقىي، ئۇزاتقىن بىر قەدەھ مەي،
نە سەبرىم قالدى ئەمدى يەنە ئىچمەي.
ئۆزۈڭمۇ تولدۇرۇپ قوي ئېتىرازسىز،
ئىچەيلى يوپيورۇق بىر تاڭ ئۈچۈن بىز!

دېگەن لىرىك مىسرالىرى بىلەن تۈگۈنلەنگەن بولۇپ، بۇ مىسرالار ئۇيغۇر كلاسسىك داستانچىلىقىنىڭ روشەن مىللىي ئۇسلۇبىنى، ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئىختىيارسىز ئېسىمىزگە سالىدۇ، شۇنىڭدەك بىزنى شائىر بىلەن ئازابلىق تۇيغۇدىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە بىللە ئولتۇرۇپ شاراپ ئىچمەكتىڭ ئاتقانىدەك ھېسسىياتقا كەلتۈرىدۇ.

«قەشقەر كېچىسى» لەيلى، كېرىم قاتارلىق ياشلارنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلەنگەن يىرىك ئېپىك داستان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا باشتىن - ئاخىر كۈچلۈك ھېسسىيات ئېقىنى سىڭدۈرۈلگەن. شائىر داستاندىكى لەيلى، كېرىم قاتارلىق ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ ھاياتى پائالىيىتى ۋە پاجىئەلىك تەقدىرىنى ئىپادىلەشتە، ئەسەر سيۇژىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، داستاننىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى يورۇتۇپ بېرىشتە يالغاچ مۇھاكىمە، قۇرۇق باياندىن ساقلىنىپ، كونكرېت، جانلىق ھەرىكەت تەسۋىرى بىلەن قايناق لىرىك ھېسسىيات دولقۇنىنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈرۈۋەتكەن.

داستاننىڭ 3 - بابىدا لەيلى بىلەن كېرىمنىڭ قېچىپ كېتىش توغرىسىدا ۋەدىلەشكەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. شائىر شۇنىڭ كەينىدىنلا بىزگە تۆۋەندىكىدەك ھېسسىيات ئۇنچىلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ:

ئەجەپ بۇتلۇق ئىكەن بۇ ئىشق خىتابى،
ئۇنىڭ ھەربىر سۆزى بىر دەرد كىتابى.
كىمكى ئوقۇدى ئۇندىن سەھىپە،
شۇنىڭغا تەگدى بىر سىرلىق نەسىبە.

بىكارغا ئۆزىنى ئۇرمايدۇ بىغەم،
چىراغ پەرۋانىسى ئوتقا سەھەر — شام.
بىكارغا سايرىماس تۈنلەردە بۇلبۇل،
ئۇنى كۆيدۇرمىسە گۈلشەن ئارا گۈل.
بىكار ئاقماس ئىدى دەريادا تاھىر،
دىلىدا بولمىسا يار ئىشقى زاھىر.
لاۋۇلداپ تۇرمىسا لەيلى ۋاپاسى،
قەيەردىن ئاڭلىنار مەجنۇن ناۋاسى.
بىكارغا كۆيمىدى شاھزادە پەرھاد،
چېكىپ ئۆمرى بويىچە شۇنچە پەرياد.
........................

شائىرنىڭ ساپ ھېسسىياتى جۇش-قۇنلاپ تۇرغان بۇنداق لىرىك مىسرالار داستاننىڭ ھەرقايسى باب، بۆلەكلىرىگە خۇددى قان تومۇرلىرىدەك تارقىلىپ كەتكەن.

ئومۇمەن ئالغاندا، «قەشقەر كېچىسى» نىڭ خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكى ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز، تالانتلىق شائىرىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ كلاسسىك داستانچىلىقىمىزنىڭ تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولۇش، ھېسسىيات جۇشقۇنلۇق بولۇش، پەلسەپىۋى پىكىر چوڭقۇر بولۇش، تەسەۋۋۇر مول بولۇش، شەكىل گۈزەل بولۇش، تىل جىلۋىلىك، نەپىس، مېغىزلىق، ئويناق بولۇش، مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولۇشتەك ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغانلىقىنىڭ ھەمدە ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، بۇسۇش ھاسىل قىلىپ، خەلققە يېقىن ئۇسلۇب ياراتقانلىقىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى.

شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، ھەرقانداق يېڭىلىق مۇئەييەن ئەنئەنە زېمىنىدا يارىتىلىدۇ، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى تارىخىي ئىزچىللىقتا، ۋارىسچانلىقتا ئىگە بولىدۇ. ئىقتىدارلىق شائىر ھەم سەنئەتكار، ھەم پەيلاسوپ بولالايدۇ. شېئىرنىڭ تەربىيىۋى رولى بىلەن بىلىش رولى ئۇنىڭ ئېستېتىك رولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. گۈزەللىك كۆپ ھاللاردا ئادىللىقىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. «قەشقەر كېچىسى» ئېرىشكەن بەدىئىي يۈكسەكلىك ۋە شان-شەرەپ بۇنىڭ دەلىلى.

بىز جاپالىق ئىجادىيەت سەپىرىدە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت قەلەم تەۋرەتكەن پېشقەدەم شائىرىمىز ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ بۇندىن كېيىن خەلقىمىزگە «قەشقەر كېچىسى» دىنمۇ ئېسىل بەدىئىي ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئازاد سۇلتان

## يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ پروزا ئىجادىيىتى توغرىسىدا

ئاتاقلىق ئالىم، شائىر ۋە يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ تارىخ تەتقىقاتى، تىل تەتقىقاتى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن ئىبارەت مول مەزمۇنلۇق ئىجادىي ئەمگەكلىرى ئىچىدىن ئەدەبىي ئىجادىيىتىگىلا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۆز زېھنىي كۈچىنى ئاساسەن «قەشقەر كېچىسى» داستانىنى ۋەكىل قىلغان شېئىر ئىجادىيىتىگە، ئازادلىقتىن كېيىن بولسا، «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» دىن ئىبارەت پروزا ئىجادىيىتىگە قاراتقانلىقىنى كۆرىمىز.

تارىخىي رومان «ئىز» نىڭ ۋە تارىخىي تىرىلوگىيە «ئويغانغان زېمىن» نىڭ 1-قىسمىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدىكى چوڭ ئىشلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ ئىككى رومان جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە خېلى زور زىلزىلە قوزغىدى. خېلى كۆپ ئوبزورلار يېزىلىپ، بەس-مۇنازىرىلەر بولدى. يىغىنچاقلىغاندا تەنقىدچىلىرىمىز «بۇ رومانلار بىزنىڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان رومانچىلىقىمىزنىڭ يېڭى نەتىجىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، تارىخىي رومان ئىجادىيىتىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى، ئىجادىيىتىمىزنى قىممەتلىك تەجرىبىلەر بىلەن تەمىنلىدى» دەپ باھا بەردى.

بىزگە مەلۇمكى، ھەقىقەتنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم — ئەمەلىيەت، بىر ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەممۇ ئەمەلىيەتنىڭ تارازىسىدۇر. بىز 7 – 8 يىللىق ئەمەلىيەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىنكاسىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، بۇ ئىككى ئەسەر يازغۇچىنىڭ ئىجادىي ھاياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مېۋىسى، شۇنداقلا بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى نامايەندىلىرىنىڭ بىرى، دەپ ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىشقا ھەقلىقمىز.

ئۆتكۈر ئەپەندىدە قۇمۇل رايونىنىڭ، كەڭرەك قىلىپ ئېيتقاندا، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي تۇرمۇشىنى تېما قىلىپ ئەسەر يېزىپ بېقىش ئىستىكى خېلى بۇرۇنلا بار ئىدى. چۈنكى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ھەرخىل زور ۋەقەلەرگە تويۇنغان بولۇپ، خىلمۇخىل ئۆزگىرىش، مۇرەككەپ زىددىيەتلەرگە تولغان. ئۇنىڭدا ھەرخىل، ھەر شەكىلدىكى تارىخىي شەخسلەرنىڭ مول ھەرىكەت-پائالىيەتلىرى بار. تەڭرى تېغىدەك زەبەردەست باتۇرلارنىڭ تىللاردا داستان قىلىنىۋاتقان ياكى قىلىنىشقا

تېگىشلىك مەردۇ - مەردانلىقلىرى، شۇنىڭدەك ئىستىبداد، پاسىق، مۇناپىقلارنىڭ
مەڭگۇ لەنەتلىنىشكە تېگىشلىك رەزىل ئوبرازلىرىمۇ بار. بۇ تارىخىي ماتېرىياللار كىچە-
كىددىنلا ئاشۇ ئاجايىپ ھېكايىلارنى ئاڭلاپ كەلگەن يازغۇچىنى مۇشۇ تارىخىي تۇرمۇشنى
ئەدەبىي شەكىل ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە ئىلھاملاندۇرغان. ئۇنىڭ مۇقىم ئىجادىيەت
مۇددىئاسى بىلەن ماتېرىيال توپلاشقا باشلىغان ۋاقتى 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا
توغرا كېلىدۇ. ئۇ تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى ئىزدەپ
قۇمۇل رايونىدا بىرقانچە قېتىم ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ شۇ چاغ-
لاردا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن زىيارەت قىلغان ئادەملىرى 1000 غا يېتىدۇ، ئۇ بۇ زىيا-
رەتلىرىدىن ئۇرغۇنلىغان خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇردى. 104 ياشلىق روزى بوۋىغا
ئوخشاش قوزغىلاڭنىڭ بىۋاسىتە ئىشتىراكچىلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك شەخسلەرنىڭ بەرگەن
ئاغزاكىي ماتېرىياللىرىنى 20 نەچچە لېنتىغا ئېلىۋالدى. جەڭ بولغان نەق مەيدانلار،
ۋەقەلەرگە چېتىشلىق تاغ - جىلغىلار، يول، ئۆتەڭ، مەنزىللەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئار-
خىپلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ماكان دائىرىسىنى، ئارىلىق مۇساپىلىرى ھەققىدىكى ئېنىق
مەلۇماتلارغا ئاساسەن ھەرخىل پايدىلىنىش خەرىتىلىرىنى، قوللانمىلارنى ئىشلەپ چىقتى.
ئۇنىڭ ئىجادىيەتكە ھەقىقىي تۇتۇش قىلغان مەزگىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن باشلاندى. مەنىۋى كىشەنلەر پاچاقلىنىپ
«چەكلەنگەن رايون» لار بۆسۈپ تاشلانغاندىن كېيىن ھەقىقىي رەۋىشتە روھىي ئازادى-
لىككە ئېرىشكەن يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پۇرسەتكە ئىگە بولدى.
شۇنىڭ بىلەن قەدىمىنى تېزلىتىپ، ماتېرىيال يىغىشنى داۋاملاشتۇردى ۋە ماتېرىياللار-
نى ئۆگەندى، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۇنىڭ بۇ جەرياندا كۆرگەن، ئۆگەنگەن
خەنزۇچە ماتېرىياللىرى بىرنەچچە مىليون خەتكە يېتىدۇ. ئۇ ھەتتا شىنجاڭ تارىخىغا
ئائىت ماتېرىياللارنى ئىنگلىز تىللىرىدىنمۇ تەرجىمە قىلدۇرۇپ كۆرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ
مۇشۇنداق بىر زور ئىشقا تۇتۇش قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەر ساھەدىكى كىشىلەر ئۇنى
قىزغىن قوللاپ، ئۇرغۇنلىغان كېرەكلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. پارتىيە - ھۆكۈ-
مەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئاددىي دېھقان ئاياللىرىغىچە ئۆز يار-
دەملىرىنى ئايىمىدى. ئاددىيغىنە بىرلا مىسال ئالساق، «ئويغانغان زېمىن» نىڭ 1 - قىس-
مىدا غوجىنىياز ھاجىنىڭ سەرگەردانلىق كەچۈرمىشلىرىگە چېتىشلىق بولغان قازاقىستان-
دىكى ياركەنتلىك ۋېلىبايىنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار كېرەك بولغاندا
كىشىلەر ھەتتا ۋېلىبايىنىڭ ياركەنتتە بىنا قىلغان مەسچىتىنىڭ خەرىتىسىنىمۇ ئۆز ئىچى-
گە ئالغان ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بەردى.

ياخشى ئەسەر يېزىش ئۈچۈن تۇرمۇش، جەمئىيەت، تارىخقا نىسبەتەن يازغۇچى-
نىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تونۇشى بولۇشى زۆرۈر. ئۇنىڭدا ھەممىنى بىرلەشتۈرەلەيدىغان
ھېسسىيات، جىمىكى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە سىڭدۈرگەن مۇكەممەل، پۇختا
ئىدىيە بولۇش لازىم. ئوتتۇرىلۇق چىققان ئەسەرلەر ئۆز مۇئەللىپىدىن ئۆزى تەسۋىرلى-
مەكچى بولغان تۇرمۇش مەزمۇنىنى پىششىق بىلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماي يەنە

مۇئەللىپتىن پۈتكۈل جەمئىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى كونكرېت تۇرمۇش مەزمۇنىدىن قاچقىپ چىقىپ دەۋر، تارىخ، پەلسەپە، سەنئەت يۈكسەكلىكىدە ۋە چوڭقۇرلۇقىدا تونۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مۇشۇنداق تەلىپىنى چۈشىنىدىغان ئاپتور توپلىغان ماتېرىياللىرىنى تارىخىي ماتېرىيالىزم، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم بويىچە ئوپېراتسىيە قىلدى، ئىنچىكە تەھلىل قىلدى، شۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قاراشلىرىنى ھاسىل قىلدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق تەييارلىق باسقۇچىدىن كېيىن 1983 ‑ يىلىنىڭ ئاخىرى رەسمىي يېزىشقا كىرىشتى. 1985 ‑ يىلى «ئىز» رومانى، 1988 ‑ يىلى «ئويغانغان زېمىن» نىڭ 1 ‑ قىسىم كىتابى نەشردىن چىقتى.

ئاپتورنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۈرتكىسىدە قۇمۇلدا پارتلىغان، تۆمۈر خەلىپە ۋە غوجىنىياز ھاجى باشچىلىق قىلغان، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ پارتلاش، زورىيىش، غەلىبە قىلىش ۋە مەغلۇپ بولۇشتىن ئىبارەت تارىخىي جەريانىنى ئىپادىلەش ۋە بۇ تارىخىي جەريانىنى دەۋر قىلغان ھالدا شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەرنى، ھەرخىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەسۋىرلەپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ رەڭدار تارىخىي كارتىنىسىنى سۈرەتلەپ بېرىش بولۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ ئىستېتىك غايىسى «ئىز» رومانىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ناھايىتى ئېنىق ئىزھار قىلىنغان. گەرچە تارىخىي ترىلوگىيە «ئويغانغان زېمىن» تېخى تولۇق يېزىلىپ تاماملانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە نەشردىن چىققان بۇ ئىككى رومانىنىڭ مەزمۇن كۆچىگە ۋە قۇرۇلما مۇكەممەللىكىگە قاراپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىستېتىك غايىسىنى ئاساسەن ئەمەلگە ئاشۇردى، دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

«ئىز» رومانىنىڭ قايتا ‑ قايتا ئۈچ قېتىم نەشر قىلىنىشى، «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭمۇ ئىككى قېتىم نەشر قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي تىراژىنىڭ 190 مىڭغا يېتىشىدىكى، شۇنىڭدەك بۇ رومانلارنىڭ بىزنىڭ بەزىبىر ئەسەرلىرىمىزدەك جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ بىرنەچچە يىلدىلا ئاجىزلاپ كەتمەي ئەكسىچە كۈچىيىپ بېرىشىدىكى سەۋەب نېمىدە؟ مېنىڭچە، تۈپ سەۋەب ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۈچىدە ۋە ئىستېتىك كۈچىدە.

بىزگە ئايانكى، ھەرقانداق يازغۇچى تۇرمۇش چەكلىمىلىكلىرىدىن ۋە ئۆزىدىكى ھاياتلىق چەكلىمىلىرىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىنى بىلىشى، ھەممىگە ئۈلگۈرۈپ، ھەممىگە قابىل بولۇپ كېتىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ئۇ يىراقنى يېقىنغا ئەكىلىپ، چەكسىزلىكنى چەكلىك دائىرە ئىچىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆز ئەسىرىنى ۋاقىت ۋە ماكاندىن ھالقىپ كېتەلەيدىغان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىشقا تىرىشىشى لازىم. بىز تۆۋەندە ئاپتورنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرىگە نەزەر سېلىپ باقايلى.

يازغۇچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئۆزى ئىگىلىگەن مول تارىخىي ماتېرىياللارنى قۇمۇلدىن ئىبارەت كونكرېت ماكاندىن خېلىلا ھالقىغان ھالدا پۈتۈن شىنجاڭ ۋە پۈتۈن جۇڭگودىن ئىبارەت كەڭلىككە، كونكرېت جەريانىنى نەچچە يۈز يىللىق تارىخىي مۇساپىگە

قويۇپ، بىر تارىخشۇناس، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ئىنسانشۇناسنىڭ كۆزىدە كۆزىتىپ، ئۇنى چىن، جانلىق ۋە مۇرەككەپلىكى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن. تارىخىي ھەقىقەتنى، ھاياتلىق پەلسەپىسىنى توغرا يەكۈنلەپ چىققان. مانا بۇ ئاپتورنىڭ تارىخقا، ھاياتقا قارىتا ھاسىل قىلغان پۈتۈن تەسىراتىنىڭ تىندۇرمىسى بولۇپ، بۇ تىندۇرما ئەسەرنىڭ مەزمۇن جەۋھىرى، يەنى ئەسەرنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىز خالىساق بۇ جەۋھەرنى ئەسەرلەردىكى كونكرېت تەسۋىر، جانلىق ئوبرازلاردىن، قۇرۇلمىنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدىن تاپالايمىز.

زۇلۇم بار يەردە قارشىلىقمۇ بولىدۇ. زۇلۇم كۈچەيگەنسېرى قارشىلىقمۇ كۈچىيىدۇ. ئەمگەكچى خەلقنىڭ شىلىسىغا مىنىۋالغان فېئودال ۋاڭ-غوجاملار، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار ۋە ئۇلار ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەزگۈچىلەر سىنىپى ئۆزلىرىنىڭ كەيپ-ساپالىق تۇرمۇشى، ھوقۇق-مەنپەئەتى ئۈچۈن خەلقنىڭ سۆڭىكىنى چېقىپ يىلىكىنى سۈمۈرۈۋاتقان ئاشۇ زۇلمەتلىك يىللاردا تۆمۈر خەلىپە ۋە غوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشى خۇددى لى زىچېڭ، خوڭ شيۇچۈەن باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا ئوخشاش تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ، ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس. بىراق ستىخىيىلىك قارشىلىقلاردىن قوراللىق كۆرەشكە، يەككە ئىبلىشىشلاردىن تەشكىللىك ھەرىكەتكە ئۆزگەرگەن دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا «ئاچچىق ساۋاقلارنى قالدۇرۇپ» ھەمدە گەرچە مۇرادى ھەل بولمىغان بولسىمۇ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى «ۋاڭ ئوردىلىرى بىلەن جىياڭجۈن يامۇللىرىنى گۇم قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئىشەندۇرۇپ» مەغلۇپ بولۇپ كېتىشىمۇ تارىخىي مۇقەررەرلىك. بۇ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا يۈز بەرگەن تارىخىي تراگېدىيىدۇر. يازغۇچى بۇ تارىخىي رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئەڭ باپ كېلىدىغان تراگېدىيىدىن ئىبارەت بەدىئىي شەكىلنى تاللىۋالغان.

ئىنسانىيەت تارىخى خىلمۇ خىللىقلارغا تولغان بولىدۇ. تارىخنىڭ مەزمۇن چۇغلانمىسىدا ئوخشىماسلىقلارنىڭ بولۇشى تامامەن مۇمكىن. بىراق ھەرقانداق تراگېدىيىلىك ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلى ئاساسەن ئوخشاش، يەنى ھەممىسىلا لۇشۈننىڭ تەبىرىدىكىدەك «قەدىر-قىممەتلىك نەرسىلەرنى پارە-پارە قىلىپ كىشىلەرگە كۆرسىتىدۇ». چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ نابۇت قىلىنغانلىقى ۋە ساختىلىق، قاباھەتلىك، رەزىللىكنى سۆكۈش ئارقىلىق كىتابخانلارغا ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

بۇ ئىككى روماندا تەسۋىرلەنگەندەك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى، جۈملىدىن قۇمۇل خەلقى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقىچە ۋاڭ-غوجاملارنىڭ يېرىنى تېرىپ، چارۋىسىنى بېقىپ، تۆككەن تەرگە، قىلغان ئەجرىگە چۇشلۇق ھېچقانداق مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىدى. فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان ۋاڭلىق تۈزۈم، شۇنىڭدەك ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى شامەخسۇت ۋاڭ ۋەكىللىكىدىكى ئوردا بەگلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمتاۋاقلىرى خەلقنى ئات-ئېشەك ئورنىدا ئىشلەتكەننى ئازدەپ، ئۇلارنى ھايات خۇشاللىقلىرىدىن، ئىنسانىي تۇرمۇشنىڭ ئەڭ ئەقەللىي لەززەتلى-

رىدىنىمۇ مەھرۇم قىلدى، كۆزىدىلا ئەمەس، يۈرىكىدە قان يىغلاپ، نالە قىلىپ ھېچكىمنى تەسىرلەندۈرەلمىگەن بىچارە خەلق قوزغىلىپ ئىنسانىي ئەركىنلىكى، تەڭلىكى، ھۆرلۈكى ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. بىراق كۈچ سېلىشتۇرمىسىدىكى چوڭ پەرق تۈپەيلىدىن، تارىخىي چەكلىمىلىكلەر ۋە ئۆزلىرىدىكى چەكلىمىلىكلەر سەۋەبىدىن مەغلۇپ بولدى. ئاجايىپ باتۇرلۇقلارنى كۆرسەتكەن قەھرىمانلار جەڭلەردە قۇربان بولدى. جازا مەيدانلىرىدا بېشى ئۈزۈلگەن، تىلى كېسىلگەن، كۆزى ئويۇلغان جەسەتلەر قەبرىسىز قالدى. بىز ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن بۇ ئاچچىق قىسمەتتىن قايغۇرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ ئىزدىنىشلىرىدىن، كۆرەشلىرىدىن ئىلھاملىنىمىز. جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق چاقناپ تۇرغان سەھىپىلەردىن كۈچلۈك ئېستېتىك زوقنا ئېرىشىمىز. دېمەك، ئەسەرنىڭ مەزمۇن كۈچى، ئېستېتىك كۈچى بىزنىڭ قەلبىمىزنى زىلزىلىگە سالىدۇ.

تراگېدىيىلىك ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ قەھرىمانلىق تراگېدىيىسىدە تراگېدىيە قەھرىمانلىرىنىڭ ئوبرازىنىڭ قانداق يارىتىلىشى ھەل قىلغۇچ ئامىللاردىن ھېسابلىنىدۇ. تراگېدىيىلىك قەھرىمانلار چوقۇم چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئۇلارنىڭ پارە-پارە قىلىپ كۆرسىتىلىشى ھېچقانداق ئېستېتىك تەسىرات پەيدا قىلالمايدۇ. «ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» رومانلىرىدا «پارە-پارە قىلىپ كۆرسىتىلگەن»، يەنى ئۆلگەن پېرسوناژلار خېلىلا كۆپ. لېكىن شامەخسۇت ۋاڭنىڭ سۆرەلمە ئۆلۈمى، ياڭ زېڭشىڭنىڭ ئىككى پاي ئوق بىلەن جاجىسىنى يېيىشى، قارا نىيەت توختى سەيپۇڭ، ئاغىمچى قارا بۇسۇقلارنىڭ ھاڭگىرت پېيىدىنىمۇ قەدىرسىز ئۆلۈمى، ساتقىن روزى ھوللا، توقسۇن فۇگەن، سايىت تۇڭچىلارنىڭ لەنەتلىك ئۆلۈمى، يې شىڭفۇ قاتارلىق چېرىكلەرنىڭ جاجىسىنى يېيىشى بىزدە قىلچە ئېچىنىش تۇيغۇسى پەيدا قىلالمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە ماڭغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، خوپ بوپتۇ دەيمىز. لېكىن تۆمۈر خەلپىنىڭ، ئامانقۇل، مەڭلىك نىياز، ھەسەن دولان، مەخسۇت مۇھەممەدى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ ئۆلۈمى بىزدە تامامەن باشقىچە تەسىرات پەيدا قىلىدۇ. «ئويغانغان زېمىن» رومانىدىكى ھەسەن دولان ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە توقۇلما قىلىنغان پېرسوناژ بولۇپ، ئۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ قوللىغۇچىلىرىدىن بولغان ئىلغار پىكىرلىك يەن ياۋنەننىڭ ھاۋۇيكىشى. ئۇ يەن ياۋنەننى «دارىن ئىمانسىز بولغىنى بىلەن ئىنسابلىق، ھۆلايىم، باشقا ئەمەلدارلارغا ئوخشىمايدىغان ئوبدان ئادەم» دەپلا بىلىدۇ. شۇڭا جىن شۇرېننىڭ قول چوماقلىرى يەن ياۋنەننىڭ كىملەر بىلەن ئۇچرىشىپ يۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشكە قىستىغاندا، ئۇ ئۆز-ئۆزىگە: «تاياق ئاستىدا ئۆلسەم ئۆلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئېتىنى ئاغزىمغا ئالمايمەن» دەپ قەسەم قىلىدۇ. ئۇ بىر ساۋاتسىز، ئاددىي ھاۋۇيكەش ياكى بىر ئىلغار تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئەمەس، ياكى يەن ياۋنەنلەرنىڭ شېرىكىمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇ بىز كىنولاردا تولا كۆرگەن، كىتابلاردا كۆپ ئوقۇغان قەھرىمانلارغا ئوخشاش ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە پىسەنت قىلماي سوراقچىنى دۈشمەن بىلەن ئۇرۇپ، ئۆلۈمنى مەردانىلىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ساۋاتسىز

ھارۋىكەشىنىڭ «ياخشىغا يانتاياق بولۇش» تەك ساددا، ئەمما ئۇلۇغ ئەقىدىسى بىزنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدۇ. مەكتۈك نىياز بولسا، غوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنىدىكى ئاددىي بىر قوزغىلاڭچى دېھقان. ئۇ-ئۇ ھەسەن دولانغا ئوخشاش ئەسەرنىڭ مۇھىم قەھرىمانلىرىدىن ئەمەس. مەكتۈك نىياز ئادەتتە يۇزى تۆۋەن، نومۇسچان، ئەمما جەڭدە شىردەك باتۇر يىگىت. ئۇ تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدۇ، گۈزەل ھاياتقا تەلپۈنىدۇ. ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق ئەتىۋارلايدۇ. لېكىن قوزغىلاڭنىڭ سەردارى غوجىنىياز ھاجىغا خەۋپ كەلگەندە ئۆز خۇشاللىقى بىلەن ھېسابلاشماي غوجىنىياز ھاجىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولىدۇ. ئۇ ئەسلىدە بەخت - سائادەتتىن بەھرىمەن بولۇشى، گۈزەل مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشى لازىم ئىدى ۋە شۇنىڭغا ھەقلىق ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپ قازا قىلدى. بىز بۇنىڭدىن ئېچىنىمىز ۋە بۇ قەھرىمانغا قايىل بولىمىز. «ئىز» رومانىدىكى ئۆزىنىڭ چىن مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىنىڭ ئەرمىكى بولغىچە قىلىچ ئاستىدا پارە - پارە بولۇپ كېتىشنى ئەۋزەل بىلگەن قەلبى گۈزەل، رەڭگىمۇ گۈزەل گۈلقىزنىڭ شامەخسۇتنىڭ ھوجرىسىدا ئۆزىنى قىلىچقا ئۇرۇپ ھالاك بولۇشى بىزنىڭ قەلبىمىزدە قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلىدۇ. بىز ئېچىنىش بىلەن بىرگە پاك، غۇبارسىز تاغ گۈلىدىن سۆيۈنىمىز. راجى باللىنىڭ جازا مەيدانىدىكى قورقۇمسىزلىقى بىزنى تەسىرلەندۈرسە، جاللاتنىڭ ئۇنىڭ كۆكرەك قەپىسىنى يېرىپ يۈرىكىنى سۇغۇرۇۋېلىشى بىزنى قاتتىق غەزەپلەندۈرىدۇ. بۇ ياش، باتۇر يىگىتنىڭ قەھرىمانلىقىغا بولغان ھۆرمىتىمىز ئاشىدۇ.

«ئىز» ۋە «ئويغانغان زېمىن» — تارىخىي رومان. ئايرىم شەخسلەرنىڭ تەزكىرىسى يېزىلغان بىئوگرافىك ئەسەر ئەمەس. شۇڭا ئاپتور بۇ ئىككى روماندا ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ناھايىتى كۆپ پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان. پەقەت ئىز رومانىدىلا خېلى مۇپەسسەل يورۇتۇپ بېرىلگەن پېرسوناژلار ئوبرازى 70 كە يېقىن. تىلغا ئېلىنغان پېرسوناژلار 60 ئەتراپىدا. «ئويغانغان زېمىن» دىكى پېرسوناژلار ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ. بۇ پېرسوناژلار قاتارىدا تۆمۈر خەلپە، غوجىنىياز ھاجى، نىياز پالگان، سالى دورغىدەك قوزغىلاڭنىڭ سەركەردىلىرى، ئامانقۇل، راجى باللا، ئەنسارى، قاسىم قىزىق، ھۆسنىخان، ئايقىز قاتارلىق قوزغىلاڭنىڭ ئاكتىپ قاتناشقۇچىلىرى، شۇنىڭدەك ئاددىي دېھقانلار، كاسىپلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئوۋچىلار، ئاددىي خوتۇن-قىزلار، باللار بار. بۇلاردىن باشقا يەنە شامەخسۇت ۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ھاشىر تەيجى، نوشىرۋان تەيجى، قىزبەگ غوجا، نورۇز ئەكلەم، ئۇۋەيس موپتى، توختى دورغا قاتارلىق ئۇرغۇنلىغان ئوردا ئەمەلدارلىرى، ياڭ زېڭشىڭ، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەردىن تارتىپ ئۇلارنىڭ بەي ۋېنچاۋ، چيەن دارېن، لىيۇ سىجاڭ، لى شۇفۇ قاتارلىق قولچوماقلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسۋىرلەنگەن.

باش قەھرىمان تۆمۈر خەلپە ئوبرازى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى، مول تارىخىي سېزىملىرى بىلەن بىر پۈتۈن پېرسوناژلار سىستېمىسىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئاپتور ئۆزى يەكۈنلەپ چىققان تارىخىي ھەقىقەتنى، ھاياتلىق پەلسەپىسى

ۋە كۆز قاراشلىرىنى ھۇشۇ ئوبراز ئارقىلىق يورۇتقان بولغاچقا، تۆمۈر خەلپىنىڭ تارىخىي رېئاللىقتىكى پروتوتىپىنى تېخىمۇ كەڭ بەدىئىي زېمىن ئۈچىگە قويۇپ تۇرۇپ ئەتراپلىق تەسۋىرلىگەن. ئېنگېلس: «ئاساسلىق پېرسوناژ مۇئەييەن سىنىپىي خاھىشچانلىقنىڭ ۋەكىلى. ئۇلارنىڭ ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى نوقۇل ھالدا پەقەتلا شەخسىي ھەۋەس - مۇددىئانىلا چىقىش نۇقتىسى قىلمايدۇ. بۇ ھەرىكەت - پائالىيەتلەر ئۇلار مەنسۇپ بولغان تارىخىي ئېقىمدىن كېلىپ چىقىدۇ»① دەيدۇ. تۆمۈر خەلپە دەل مۇشۇنداق كىشى. ئۇ شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تۇرتكىسىدە تەڭرىتاغ ئېتەكلىرىدىمۇ زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن بوراندا جار سېلىپ پەرۋاز قىلغان باتۇر بورانقۇش. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىققان يول باشلىغۇچى دانكو. ئۇنىڭ مەيدانىغا چىقىشى تاسادىپىيلىقتىن ئەمەس. ئۇ تارىخنىڭ، دەۋرنىڭ ئوغلانى، ئۇنىڭ نامرات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ يوقسۇللۇق - غۇربەتچىلىك ئىچىدە ئۆسۈشى، تېنەپ - تەمتىرەپ ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ كۆپنى كۆرۈشى ۋە ئاڭلىشى ئۇنى باشقىلاردىن بالدۇرراق ئويغاتقان. نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. دېمەك، ئىجتىمائىي بارلىق ئۇنىڭ ئېڭىنى بەلگىلىگەن. ئاپتور ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئۇنى ئۆتكۈر زىددىيەتلەر ئىچىگە، ھەرىكەت ئىچىگە قويىدۇ، تۇرغۇن ھالەتتە ئەمەس، ھەرىكەت ئىچىدە، ئۆسۈش ئىچىدە تەسۋىرلەيدۇ. سيۇژېتنىڭ غول لىنىيىسى «تورپاق يېغىلىقى» دىن باشلانغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ بۇنداق يېزىشى سەۋەبسىز ئەمەس. ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بىرىنچىدىن، ئەسەردىكى ئاساسىي ۋەقەلىك تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنى ئۇنىڭدىن ئالدىدىكى كۈرەشلەرگە باغلاپ، تارىخنىڭ ئىزچىللىقىغا ئېرىشىپ، خەلق ئىنقىلابى خۇددى بىر - بىرىنى ئىتتىرىپ ماڭغان دولقۇنلاردەك بارغانسېرى ئۇلغىيىپ بارىدۇ، دېگەن كۈرەش ھەقىقىتىنى چۈشەندۈرمەكچى بولسا، ئىككىنچىدىن، ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ تەدرىجىي ئەقىل تېپىپ، بارغانسېرى ئۆسۈپ ماڭغان يېتىلىش جەريانىنى كۆرسەتمەكچى بولىدۇ.

تۆمۈر خەلپە «تورپاق يېغىلىقى» دىن قانداق ساۋاق ئالدى؟ ئۇ ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قولغا قورال ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. قوراللىق كۈرەش ئېڭىنىڭ يېتىلىشى تۆمۈر خەلپىدەك دېھقان قەھرىمانىنىڭ ئېڭىدىكى ناھايىتى زور يۈكسىلىش، ئەلۋەتتە. شۇڭا ئۇنىڭ تۇنجى قەدىمى مەرگەنلەر (پالگانلار) ياشايدىغان «قارا مىلتىق بولسىمۇ ھەر ھالدا مىلتىق بار» تاغدىن باشلىنىدۇ. تۆمۈر خەلپە (دەسلەپتە ئۇ تۆمۈر مۇجاڭ دەپ ئاتىلىپ كەلگەن) ئۆزىنىڭ ئەلنىڭ خۇشلۇقىغا كۈلۈپ، قايغۇسىغا يىغلايدىغان خەلقچىللىقى، تەمسىزلىكە، زۇلۇمغا سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايدىغان ئىسيانكار روھى، جەڭگاھتىكى باتۇرلۇقى، تەشكىللەش قابىلىيىتى، قوماندانلىق تالانتى، ئاددىي - ساددا، كەمتەرلىكى، چىقىشقاقلىقى بىلەن ناھايىتى تېزلا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئىسمى - جىسمىغا لايىق خەلپە، يەنى يول باشچى بولۇپ قالىدۇ.

---

①«ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 4 - جىلد، 343 - بەت.

تارىخنىڭ تەرەققىياتى ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ تەقدىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان بولغاچقا، يازغۇچى ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ باش قەھرىمانىنى تارىخنىڭ ئىزناسىدىن زادى ئاجرىتىۋەتمىگەن. قوزغىلاڭنىڭ پارتلىشى، كۆچىيىشى، غەلىبە قىلىشى، ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇشى تارىخىي چىنلىق. دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقى قوزغىلاڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ تاشقى سەۋەبى بولسا، ئاساسەن دېھقانلاردىن تەشكىللەنگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا خاس مەنىۋى ئاجىزلىقلاردىن خالىي بولالماسلىقى، ئىلغار ئىدىيىنىڭ يېتەكلىشىگە ئېرىشەلمەسلىكى، توغرا، ئېنىق نىشانىنىڭ بولماسلىقى — مەغلۇبىيەتنىڭ ئىچكى سەۋەبى. ئاپتور تارىخنىڭ مۇشۇنداق ماھىيەتلىك تەرىپىنى ئەسەر باش قەھرىمانىنىڭ خاراكتېرىگە باغلاپ تۇرۇپ، خاراكتېرنىڭ توقۇنۇشلىرى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تامچە سۇدىن قۇياش نۇرىنىڭ جىلۋىسىنى كۆرسەتكەندەك ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ.

گېگېل قەدىمىي گرېك تراگېدىيىلىرىدە زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدا، ئوخشىمىغان ئىككى خىل خاراكتېر ئوتتۇرىسىدىلا قانات يايدۇرۇلىدىغانلىقى، ئەدەبىياتنىڭ ئويغىنىش دەۋرىدىن كېيىنكى تراگېدىيىلەردە بولسا، زىددىيەت توقۇنۇشلىرى بىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدىمۇ ئىپادىلىنىدىغان بولغانلىقى توغرىسىدا توختالغانىدى. شەك - شۈبھىسىزكى، خاراكتېر مۇرەككەپلىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى ئەدەبىياتتىكى چوڭ بىر يۈكسىلىش. تۆمۈر خەلپىنىڭ خاراكتېرى ھەمىشە دۈشمەنگە نەپرەت بىلەن كەڭ قورساقلىق، رەھىمسىزلىك بىلەن ئەپۇچانلىق، جەڭگىۋارلىق بىلەن پاسسىپلىق، كۆرەشچانلىق بىلەن ئىلاھىي تەقدىرچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاڭ، ئىككى خىل پوزىتسىيىنىڭ توقۇنۇشى ئىچىدە تۇرىدۇ. ئۇ ھۆرلۈك، ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ دۈشمەننى يوقىتىش لازىملىقىنى بىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلىدۇ. لېكىن تۇرۇپلا يەنە ئۇلارنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىچ ئاغرىتىدۇ. ئىتنى ئۇرۇشنى بىلىدۇ، لېكىن سۇغا چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىچىنى ئاغرىتىدۇ. نەتىجىدە ئىت سۇدىن چىقىپلا يەنە پاقالچاقتىن ئالىدۇ. تۆمۈر خەلپە ھەمىشە جەڭدە ئەسىر چۈشكەن چېرىكلەرنى ئاتقا مىنگۈزۈپ قويۇۋېتىدۇ، ھەتتا چېرىكلەرنىڭ كاتتىباشلىرىغىمۇ شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. بۇ قىلغىنى «يىقىلغاننى تەپمەك يوق» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. توختى سەيپۇڭنىڭ تۆمۈر خەلپىنىڭ قىزىغا ئېيتقان «يوچۇنلا» گەپلىرى ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ قارا نىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى بولۇپ، تۆمۈر خەلپە بۇ سۆزلەرنى «ئويىنىشىپ ئېيتقىنىدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇ توختى سەيپۇڭنى تولۇق چۈشەنگەندىن كېيىنمۇ يۈز تۇرانە سۆزلىشىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ھېچقانداق تەدبىر قوللانمايدۇ. ئۇنىڭ قارا يۈسۈق قاتارلىق سەركەردىلەرنى ئازدۇرۇپ قوشۇننى پارچىلىشىغىمۇ سۈكۈت قىلىدۇ. ھەتتا توختى سەيپۇڭ قاتىللىق قىلىپ ئۆزىنى ئاتقان بولسىمۇ، رەھىم قىلىپ ئۇنىڭ گۇناھىدىن كېچىدۇ. ئۇ خېلى كۆپ ھاللاردا ئۆز ئىرادىسىگە، مەقسىتىگە خىلاپ ھالدا ئىش قىلىدۇ. مەسىلىلەرنى كۆزەتكەندە نۇرغۇن ئوخشاشسىزلىقلارنىڭ ئۆزىدىن

كەتكەنلىكىنى غۇۋا سەزسىمۇ، ئەمما ئېڭىدىكى تەقدىرچىلىك قارىشى باش كۆتۈرگەن ھامان مەغلۇبىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلىرىنى قېزىشتىن دەرھال ۋاز كېچىپ، ھەممىنى تەقدىردىن، ئىرادىدىن كۆرۈپ، روھىي تەكپۇكلۇققا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. لېكىن رەھىمسىز رېئاللىق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغاچقا ئۇ بەرىبىر روھىي ئازابتىن، قايغۇدىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا ئۇ تولا ـ تولا ئىچىنى تىنىشاپ، غەمكىن يۈرۈپ كېتىدۇ.

يازغۇچى تۆمۈر خەلپە ئوبرازىنى ياراتقاندا تارىخىي شارائىتنى، يەنى تېپىك مۇھىتنى تولۇق ھېسابقا ئالغان بولۇپ، ئىجابىي قەھرىماننىڭ ئوبرازىنى ياراتتىم، دەپلا رەڭ ـ سىۋىتىنى ئايىماي خالىغانچە كۆپتۈرۈپ، جانلىق ئوبراز ئەمەس، بىر جانسىز بۇت ياسايدىغان ناچار ئادەتتىن ساقلانغان. يازغۇچى ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغاچقا، زىددىيەت توقۇنۇشى پەقەتلا دوست ـ دۈشمەننىڭلا ئارىسىدا بولىدۇ، دەيدىغان مېتافىزىكىغا زىت ھالدا خاراكتېرنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرىنى ئىچكىرىلەپ قازغان. نەتىجىدە تارىخىي چىنلىق ۋە بەدىئىي چىنلىققا ئۇيغۇن، ئۆزىدە دەۋر خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇجەسسەملىگەن، كۈچلۈك ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بەدىئىي تىپنى ۋۇجۇدقا چىقارغان.

ئاپتور ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىغىمۇ كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن. بۇ ئىككى رومان ۋەقەلىك جەھەتتە نىسپىي تۇرغۇنلۇققا ئىگىدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما بەرىبىر بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، كۈچەيتىدۇ. قۇرۇلما شەكلى ھەر ئىككىسىنىڭلا ئوخشاش. «ئىز» روماندىكى سيۇژېتنىڭ ئاساسىي لىنىيىسى تۆمۈر خەلپە قوزغىلىڭىنىڭ باشلىنىشى، راۋاجلىنىشى، مەغلۇپ بولۇشىدىن ئىبارەت تارىخىي جەريانغا بېغىشلانغان بولۇپ، بۇ غول لىنىيە «ئويغانغان زېمىن»دىكى غوجىنىياز ھاجى باشچىلىقىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ ۋە شۇ ئىزنا بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ. ئەسەردە يەنە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئارىسىدىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش، ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇشلار ۋە شۇنىڭدەك قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل قاتلاملارنىڭ ئىختىلاپلىرىدىن شەكىللەنگەن سيۇژېتنىڭ كېسىك لىنىيىلىرى بار. يەنى غول لىنىيىدىكى چوڭ ۋەقەنىڭ ئومۇمىي تەسۋىرى ئىچىگە ئىنچىكە، نەپىس تەسۋىرلەنگەن كىچىك ۋەقەلەر، دېتاللار كىرىشتۈرۈلگەن. بۇلار خۇددى ھەيۋەتلىك سىمفونىيىنىڭ قىستۇرما كۈيلىرىگە ئوخشاش خىلمۇخىللىقنى، رەڭدارلىقنى ھاسىل قىلىدۇ. دېمەك، سيۇژېتنىڭ غول لىنىيىسى بىلەن كېسىك لىنىيىلەر ئۆزئارا كېسىشىپ، گىرەلىشىپ، ئەسەرنى غايەت زور تورسىمان قۇرۇلمىغا ئىگە قىلغان.

ھەممىمىزگە مەلۇم، رومان يېزىش ھېكايە يېزىشقا ئوخشىمايدۇ. رومان ئىجادىيىتى يازغۇچىدىن يېزىقچىلىق ماھارىتىدىن باشقا ناھايىتى پۇختا ئىدىيىۋى تەييارلىق، مول ۋە ئەتراپلىق بىلىم تەييارلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئىككى روماننىڭ ئاپتورى ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى بار ئالىم كىشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ رومان

ئىجادىيىتىگە كىرىشىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ پۇختا بىلىم ئاساسى، بىلىم قۇرۇلمىسىغا قانائەت
قىلماي، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىللىكچە ئۆگەنگەن، بىلىمىنى تولۇقلىغان. ئۇ ئۆزى بۇ
ھەقتە توختىلىپ، مەن يېنىمدىن كىچىك دەپتەرچەمنى ئايرىماي يۈرگىلى 20 يىل
بولۇپ قالدى، دەيدۇ. دېمەك، ئاپتور مۇشۇنداق بىلىم جۇغلانمىسىغا يۆلىنىپ ئىجادىيەت-
كە كىرىشكەن بولغاچقا، بۇ ئەسەرلەر بىزگە ناھايىتى كۈچلۈك تارىخىي تۇيغۇ بېرىدۇ.
ئۇنى شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى دېيىشكە
بولىدۇ. ئەسەر شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، سودا، قاتناش،
مەدەنىيەت، بىناكارلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق، ئېتنوگرافىيە، دىنىي
ئېتىقاد، كىشىلىك مۇناسىۋەت، ئۆرپ - ئادەت ۋەھاكازالاردىن خېلىلا ئىشەنچلىك مەلۇ-
ماتلارنى بېرىدۇ. بىرلا مىسال ئالساق، ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، تاتار
قاتارلىق ھەرقايسى مىللەت، ھەرخىل تەبىقە، ھەرخىل قاتلام ۋە ئوخشىمىغان جىنس،
ئوخشىمىغان ياش قۇرامىدىكى ئادەملەرنىڭ ئاشۇ دەۋرلەردە كىيگەن كىيىملىرىنى شۇ
قەدەر ئىنچىكە ۋە ئىشەنچلىك قىلىپ تەسۋىرلىشىمۇ بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ
تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇر ۋە ئىلمىيلىكى بىزنى قايىل قىلىدۇ.

مەن ئاپتورنىڭ چوڭ ھەجىملىك بۇ ئىككى رومانىنى نۇرغۇن ساھەلەردە بىزنى
تەمىنلىگەن بىلىمگە، تەجرىبىلىرىگە، ئۇچۇرلىرىغا ئاساسەن ئېنسىكلوپېدىيىلىك قىممەت-
كە ئىگە دەپ قارايمەن.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ پروزا ئىجادىيىتى، جۈملىدىن ئىككى روما-
نى ھەققىدىكى يۈزەكى ۋە ئاددىيغىنە قاراشلىرىم. دەرۋەقە بۇ رومانلارنىڭ تەھلىل
قىلىنىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن ئېستېتىك خۇسۇسىيەتلىرى، شۇنىڭدەك يېتەرسىزلىك-
لىرى بار ئىدى. ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ئوبزورلاردىكى پىكىرلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدىن
ساقلىنىش ئۈچۈن مۇشۇنچىلىك توختىلىمەن.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# مۇۋەپپەقىيەتلىك باشلىنىش، دەسلەپكى مېۋە

تەھرىرىنىڭ تەسىراتى

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت دەۋر دولقۇنى ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، بىزنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مۇھىتىمىزدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلماقتا، جۈملىدىن جەمئىيەتنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسى ھېسابلانغان ئەدەبىياتنىڭ ئالدىغىمۇ يېڭى - يېڭى مەسىلىلەرنى قويۇپ، بىزدىن ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنى، ئىزدىنىپ يېڭىلىق يارىتىشنى تەلەپ قىلماقتا. ژۇرنالنى دەۋر ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنى ژۇرنالغا تېخىمۇ كۆپرەك جەلپ قىلىپ يېتەكلەش، شۇ ئارقىلىق ئەدەبىي ئىجادىيەتنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش مەقسىتىدە ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمى 1993 - يىلى 2 - ئايدا ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسى ئاچقاندى.

تۇنجى قارارلىق بۇ كۇرس كەڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى. كۇرسقا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 300 گە يېقىن ئاپتور قاتناشتى. ئۇلار مۇشۇ قىسقىغىنا ۋاقىتتا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، تەھرىر بۆلۈمىنى 750 پارچىگە يېقىن ئەسەر بىلەن تەمىن قىلدى. ھەرخىل ژانىرلاردا يېزىلغان ھېكايە، شېئىر، نەسىرلەردىن ھازىرغىچە 150 پارچە ئەسەر تاللىنىپ، ژۇرنالنىڭ «كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىندى ۋە داۋاملىق ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ئاپتورلارنىڭ تولىسى گەرچە تۇنجى قېتىم قولىغا قەلەم ئالغان، ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە ساۋاتى كەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە دەۋر روھى، تۇرمۇش پۇرىقى، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش قىزغىنلىقى كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدۇ، ھەتتا بۇ ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرى بىزنىڭ خېلى پىشقان ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن قاتارلىشالايدۇ.

تالانت ھامان قوللاپ قۇۋۋەتلەشكە، يېتەكلەشكە موھتاج. ئىقتىدارلىق ئاپتورلارنى ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا ئىلھام بېرىپ، يېتەرسىزلىكلىرىگە سەممىي ياردەم قىلغاندىلا، ئۇلار ھەر تەرەپتىن يېتىلگەن ئىجادكار بولالايدۇ. ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ژۇرنال ۋە مۇھەررىرلەر ئەڭ ياخشى مەكتەپ ۋە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇلار ئاپتورلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئاجايىپ ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ. بۇ قېتىمقى كۇرس جەريانىدا ژۇرنال مۇھەررىرلىرى ئادەم كۈچىنىڭ ئازلىقىغا، خىزمەتنىڭ ئېغىرلىقىغا قارىماي، كۇرسانتلارنىڭ ئەسەرلىرىگە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە

قىلدى. ئەسەرلەرنى بىرمۇ بىر كۆرۈپ پىكىر يازدى، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىق، كەم-
چىلىكلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. بەزى ئەسەرلەرنى ئاپتورلارغا قايتا - قايتا
پىششىقلاپ ئىشلەتكۈزدى. بۇنداق ئەمەلىي، دەلىللىكى بار ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن كۇرسانت-
لار نەپ ئېلىپ، ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى.

ئىجادىيەت ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدۇ. جاپالىق ئەجىر قىلغاندىلا مۇۋەپپەقى-
يەت قازانغىلى بولىدۇ. كۇرسانتلارنىڭ ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئىجاد قىلىشى، ژۇرنال
مۇھەررىرلىرىنىڭ سەمىمىي ياردىمى ۋە يېتەكلىشى نەتىجىسىدە بۇ تۈنجى قارارلىق
كۇرستىن كۈتكەن ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىر تۈركۈم ئۈمىدلىك ئاپتورلار ۋە بەزى
ياخشى ئەسەرلەر بايقالدى. ئەخمەت كېبىرنىڭ «ئېھ، ئانا»، ئابدۇروسۇل ئابدۇراخمان-
مانىنىڭ «ئاق كىرپىك»، ئابدۇرېشىت ھامۇتنىڭ «مەنسەپ ۋە نەپ»، قېيۇمجان غوپۇر-
نىڭ «ماشىنا توسۇش» قاتارلىق ھېكايىلىرى مەيلى پىكرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ياكى
بەدىئىي سەۋىيە جەھەتتىن بولسۇن، خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان ئەسەرلەر جۈملى-
سىدىندۇر. «ئېھ، ئانا» ناملىق ھېكايىدا ئاپتور كىچىككىنە بىر دېتال ئارقىلىق ئانىنىڭ
غۇربەتلىك تەقدىرىنى جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن. ئېرىدىن بالدۇرلا تۇل قالغان ئانا
ئۈچ بالىسىنى ئۆزى يېمەي يېدۈرۈپ، كىيمەي كىيدۈرۈپ، كىشىلەر ئالدىدا بويۇن
قىستۇرماي چوڭ قىلىدۇ، ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىدۇ، ئەپسۇسكى، شۇنداق جەبرىسىنى
تارتقان پەرزەنتلىرىدىن قېرىغاندا ۋاپا كۆرمەيدۇ. ئاپتور بۇ چوڭ تېمىنى پەقەت بىر
كىچىككىنە ۋەقە بىلەن، يەنى ئاغرىق ئانىنى ئوكۇل سالدۇرغىلى ئېلىپ بارماستىن،
يالغان ئېيتىپ، ئايالىنى بازارغا ئېلىپ كەتكەن ئوغلىنىڭ ئىشى بىلەن ناھايىتى جان-
لىق، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بەرگەن. بار - يوقى بەش مىڭ خەت كەلمەيدىغان بۇ
ھېكايىدا ئاشۇنداق چوڭ تېمىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىپ بەرگەن. بىز ئەخمەت
كېبىرنىڭ بۇ ھېكايىسىدىن ئاپتور دېمەكچى بولغان مەقسەتنى قانداق ئەپچىل قۇرۇلما،
ئىخچام ھەجىم بىلەن ئىپادىلىگەنلىكىنىڭ نەمۇنىسىنى كۆرىمىز.

بۇ كۇرسقا قاتناشقان ئاپتورلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى رەڭدارلىقمۇ كىشىنى ئىنتايىن
خۇشال قىلىدۇ. مەلۇمكى، ھازىرقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى زامانىۋى شېئىرىيەت سۈپىتىدە
شائىرلار ۋە ھەۋەسكارلارغا مەيلى مەزمۇن، مەيلى شەكىل جەھەتلەردىن بولمىسۇن،
قاتتىق تەلەپ قويماقتا. ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى مەنىۋى مۇھىت، شېئىرىي ھېكمەت،
ئىچكى ئالەم بىلەن تاشقى ئالەمنىڭ بىرلىشىشى، ئويناقى تىل نۇقتىسىدا ئالاھىدە ماھا-
رەت بولۇشنى شەرت قىلىپ قويىدۇ. شېئىرىيەتنىڭ تىرەنلىك، پەلسەپىۋىلىك، قۇدرەت-
لىك دەرىجىسى بەدىئىي ئۆلچەمنىڭ ئۆزىگە ئايلاندى. مۇشۇنداق شارائىتتا ژۇرنال
ئارقىلىق ئوقۇتۇش كۇرسىغا قاتناشقان ئاپتورلارنىڭ قەلىمىدىن يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن
شەرتلەرگە يېقىنلىشىدىغان، ھەتتا بۇ شەرتلەرگە توشىدىغان بەزى شېئىرلار بارلىققا
كەلدى. غەنى رەشىدىنىڭ «شېئىرلار» سەرلەۋھىسىدە ئېلان قىلىنغان تۆت پارچە
شېئىرى بۇنىڭ روشەن دەلىلى. ئۇنىڭ «دادامغا خەت» دېگەن شېئىرىدا دادىسىدىن
يىراق بىر جايدا تۇرۇۋاتقان بىر ۋاپادار بالىنىڭ نۇرغۇن ئوغۇلىنى پەرۋىش قىلىپ

قاتارغا قوشقان، جاپاكەش، سۆيۈملۈك ئانىغا بولغان يالقۇنلۇق مۇھەببەتتى جىلۋىدار تىل، قىيىنىق رەڭ، بەلگىلىك ھېكمەت ئىرەنلىكى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ «كاچكۆل» دېگەن شېئىرىدا تەبىئەت قوچىقىدىن ئاجايىپ بىر سېھرىي كۈچ بىلەن لىپلا قىلىپ چىقىپ قالغان، خۇددى ساماۋى چۆچەكلەردىكىدەك چىرايلىق ۋە تازا بىر سەھرا ھەم ئۇنىڭدىكى گۈزەل ھايات بىلەن شېرىن مۇھەببەت، سەبىي باللارنىڭ تەڭداشسىز يېقىملىق تەبەسسۇمى سەمۇوللۇق ئۇسۇل ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن، كاچكۆل بېلىقلارنىڭ قىشتىكى كۆزى، باللار چاقچىقى، قىشنىڭ نېپى، ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئۇچرىشىش جايى، كاچكۆل شائىرنىڭ باغرىدىكى لەرىكا. دېمەك، ئاپتور كۆپ ئۆزەكلىك ئوخشىتىشتىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، بەدىئىي جەھەتتىن خېلىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. غوجا مۇھەممەت قابىزنىڭ «ئاتا بولۇپ يەتتىم ئاتا قەدرىگە» دېگەن شېئىرىدا ئاتا - ئانىلارنى قەدىرلەش ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ ئالىي پەللىسى ئىكەنلىكى روشەن رەڭ، راۋان تىل، سەممىي ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىلگەن. ياقۇپ بەختىنىڭ «تاڭ شاماللىرى»، ئىبراھىم نىيازنىڭ «مېنىڭ مەھەللەم» دېگەن شېئىرلىرى خېلىلا بەدىئىي يارقىنلىققا ئىگە بولۇپ، كىتابخانىنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالدۇ. نەسۇھا قاسىمنىڭ «مەن روھىمنى ئىزدەپ يۈرىمەن»، «مەن ئۆزۈمنى يىتتۈرۈپ قويدۇم» دېگەن ئىككى شېئىرىدا ئىنساننىڭ روھى مۇكەممەللىكىگە مەدھىيە ئوقۇلغان. پاشاگۈل ئىسمايىلنىڭ «يېگانە سۆيگۈ» سەرلەۋھىسىدىكى شېئىرلىرى، گۈلباھار مۇسانىڭ «قەلب ئۈنچىلىرى»، ئالىم ياۋانىڭ «كۆيلەرگە بۆشۈكتۇر شائىر يۈرىكى» دېگەن شېئىرلىرىدا ئۆمۈر ئاپتىپى — ياشلىق بىلەن كۆكۆل بايرىمى — سۆيگۈ بىرقەدەر يۇقىرى ماھارەت بىلەن مەدھىيىلەنگەن.

مەلۇمكى، بىر ياخشى شېئىردا مۇكەممەل مەنىۋى مۇھىت، چوڭقۇر شېئىرىي ھېكمەت، يېڭىلىنجاپ تۇرغان ھېسسىيات ۋە ئويناقىي تىل بولىدۇ. كۇرسانتلارنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرىدا بۇ تۆت ئامىلنىڭ ئىزنالىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇنداق شېئىرلارنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىمىزدا بىز مۇھەررىرلەر گويا گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ قىن - قىنىمىزغا پاتماي كېتىمىز. ئۇنى كىتابخانلار بىلەن ئۇچراشتۇرۇشقا ئالدىراپ كېتىمىز.

بىز بۇندىن كېيىنمۇ ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىش يولىدا داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. بىز كۇرسانتلىرىمىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.

# گۈلىستاندىن گۈلدەستە

**ئەخمەت تۇردىيېۋ**

## ئاخىرقى گىرانات

(ئەسلىمە)

1

1945-يىل ياز پەسلى. مىللىي ئارمىيىنىڭ شىمالنى ئازاد قىلىش ئوتتۇرا يۆنىلىش ئالدىنقى سەپ قىسىملىرىدىن سۋېدوۋ 1-پىيادە پولكى سۇمپۇتۇزا، سەنتەي، چۆلئىبدىر قاتارلىق جايلاردا تۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە يۈرۈش بۇيرۇقىنى كۈتۈۋاتاتتى. مەن تۇرغان 1-لىيەن دەل چۆلئىبدىردا تۇرغانىدى. ئۇ كۈنلەردە چۆلئىبدىر ھازىرقىدەك جىمجىت ئەمەس، قوينى ئادەمگە لىق تولغان، جەڭچى-ئوفىتسېرلارنىڭ زەپەر مارشى ساي-جىرالارنى چاڭ كەلتۈرۈپ تۇراتتى. مەن گەمىدە 11 نەپەر سەپدىشىم بىلەن بىرگە ياتقان ئىدىم. ئەپسۇس، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشتا قۇربان بولۇپ كەتتى. ئاجايىپ قەيسەر، ئوت يۈرەك يىگىتلەر ئىدى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى توختى دېگەن يىگىتنىڭ شىخودىكى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى تا ھازىرغىچە پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

شىجائەتتە ئۇرغۇپ تۇرغان 11 نەپەر سەپدىشىم 25 كۋادرات مېتىرغا توشمايدىغان كىچىككىنە گەمىدە تۇراتتۇق، گەمە شاخ-شۇمبىلار بىلەن يېپىلغان، تاملىرى سۇۋالمىغانلىقتىن توپا-قۇملار شۇرقىراپ چۈشۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن جەڭچىلەر ھەرگىز زارلانمايتتى، ئەكسىچە ئۇنى خۇددى ئۆز ئائىلىسىدەك كۆرۈپ سۈپۈرۈپ تازىلاپ، پاكىز تۇتاتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ، ئىشىكتىن كىرگەندە ئوڭ تەرەپتە قورال-ياراق قويىدىغان، سول تەرىپىدە بولسا تاماق قاچىلىرىنى قويىدىغان جازا بار ئىدى. جەڭچىلەر ئۆز قولى بىلەن ئاددىيلا قىلىپ ياسىۋالغان بۇ جازىلار ئىنتايىن ئەپلىك، پاكىز بولۇپ گەمىگە بۆلەكچىلا ئىسكەت بېغىشلاپ تۇراتتى. جەڭچىلەر ھەر ۋاقىت ئۇرۇشقا تەييار جەڭگىۋار ھالەتتە بولۇپ جىڭ، شىخو قاتارلىق گومىنداڭنىڭ مۇھىم ئىستىھكاملىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا تاقەتسىزلىك بىلەن بۇيرۇق كۈتەتتى. ھەر كۈنى كەچتە، مەشىقتىن بىكار بولغاندا ياتاقتا غۇلغۇلا بولاتتى، ئۇمۇ ئاسەن

تېزرەك ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش ھەق-
قىدە بولاتتى. تەييارلىقىمىز، مەشغۇلاتىمىز
پىشىپ يەتتى، بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرى-
مىز؟ قېرىنداشلىرىمىز گومىنداڭنىڭ تۆمۈر
تىرنىقى ئاستىدا ئازاب چېكىپ، بىزنى
تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ. بىز نې-
مىشقا ھۇجۇم قىلمايمىز؟ دېگەنگە ئوخ-
شاش سوئاللار بولاتتى. جەڭچىلەرنىڭ
بۇنداق قەلب ساداسى، پىداكارلىق روھى
كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى.

ئاشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر كەچقۇرۇن-
لۇقى سىرتتىن كىرىپ كەلگەن توختى ئوت
ئۈستىگە ماي چاچقاندەك مۇنداق بىر
خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— جىڭ ئۇرۇشىدا يارىدار بولغان
20 دەك پارتىزاننى ماشىنا بىلەن غۇل-
جىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ
ئىچىدىكى تۆت نەپەر پارتىزاننىڭ يارىسى
بەكمۇ ئېغىركەن. لېيەنىمىزنىڭ سېستىرا-
لىرى يارىسىنى قايتا تېڭىپ قويىدى.
جەڭچىلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا جەڭ
ئىنتايىن قاتتىق بولۇۋېتىپتۇ. بىز يەنە
قاچانغىچە بۇ قۇرۇق چۆلنىڭ ئېدىرنى ساق-
لاپ ياتىمىز. ئىچىم تىت - تىت بولۇپ
كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن.
مەن بۇلارنىڭ ئازراق بولسىمۇ ھېسسى-
ياتىنى بېسىش ئۈچۈن:

— ئاغىنىلەر! مەن سىلەرنىڭ قەلبىڭ-
لارنى چۈشىنىمەن. گەرچە ھەربىي تەييار-
لىقىمىز پۈتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بۇيرۇقنى
كۈتۈشىمىز كېرەك...

مەن ئۇ چاغدا پەيجاڭ ئىدىم. شۇڭا
قولۇمدىن كېلىشىچە جەڭچىلەرگە چۈشەن-
دۈرۈپ خىزمەت ئىشلىدىم. غۇلغۇلا ئەمدىلا
بېسىلىپ جەڭچىلەر ئۇخلاشقا تەرەددۇت

قىلىۋاتقاندا، خۇددى جەڭچىلەرنىڭ ئىرا-
دىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەندەك لېيەننىڭ
يۈرۈش قىلىش سىگنالى چېلىندى.

بۇ — 1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6-
كۈنى كەچ سائەت 10 دىن ئاشقان ۋا-
قىت ئىدى. پۈتۈن لېيەن بەش مىنۇتتا
جەڭگىۋار ھالەتتە مەيداندا سەپكە تىزى-
لىپ بولدى. لېيەنجاڭ راشىدىن، مۇئاۋىن
لېيەنجاڭ ئارتىقوپ (ئۆزبېك) لار جەڭچى-
لەرنىڭ جەڭگىۋار ھالىتىنى بىر - بىرلەپ
تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈردى. مۇئاۋىن
لېيەنجاڭ ئارتىقوپ سەپتە تۇرغان جەڭچى
توختىنىڭ ھالىتىنى كۆرۈپ ناھايىتى مەم-
نۇن بولغان ھالدا «ياراپسەن» دەپ
مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

جەڭچى توختى ئىنقىلابنىڭ دەسلى-
پىدىلا پىدائىي بولۇپ سۈيدۈڭ، كۈرەنى
ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئۇ
19 ياشتا بولۇپ، بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا
بوي، كەڭ غوللۇق، تۇرقىدىن كۈچ - قۇۋ-
ۋەت يېغىپ تۇراتتى، قوشۇما قاش، كۆز-
لىرى بۈركۈتنىڭ كۆزلىرىدەك ئۆتكۈر ئىدى.
تېتىك، ھەر ئىشقا چېچەن، زېرەك بولۇپ
ھەربىي مەشقلەردە ھەر ۋاقىت ئالدىدا
تۇراتتى. بولۇپمۇ گىرانات ئېتىشتا ئۇ
لېيەن بويىچە ئەڭ ئالدىدا بولۇپ، بىر
نەچچە قېتىم تەقدىرلەش، مۇكاپاتلاشلارغا
ئېرىشكەنىدى. توختىنىڭ شۇ تاپتا «گېرمانكا»
ماركىلىق بەشئاتار مىلتىقنى، ئىككى دانە
گىرانات، ئوقدانلىرىنى ئېسىش تەرتىپى،
سۇدان، تاماق قاچىسى ۋە كىچىك ھەر-
بىي گۈرجەكلەرنى ئېسىش تەرتىپى قائى-
دىگە مۇۋاپىق، رەتلىك، باشقىلاردىن ئۆز-
گىچە بولغانلىقى ئارتىقوپنى ئۆزىگە جەلپ
قىلىۋالغانىدى. لېيەنجاڭ راشىدىن بارلىق

جەڭچىلەر - ئوفىتسېرلارنىڭ ئۇرۇش تەي-
يارلىق ۋە يول يۈرۈش تەييار-
لىق ئەھۋالىغا قانائەت قىلغاندىن
كېيىن مىللىي ئارمىيە باش شتابى ۋە
پولك قوماندانلىقىنىڭ ئۇرۇش فرونتىغا
يۈرۈش قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇقىنى
ئوقۇپ بەردى...

بۇيرۇق ئوقۇلۇپ بولدى. پۈتۈن
جەڭچى - ئوفىتسېرلار ھۇررا! دەپ ئۈچ
قېتىم توۋلىۋەتتى. ھاياجان، شادلىق بىلەن
ياڭرىغان بۇ سادا چۆلئېدىرنىڭ كېچە-
لىك جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ساي - جىرا-
لاردا شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن جاندارلارنى
ئويغىتىۋەتتى. بۇ ھۇررا بىزگە قەدىناس
بولۇپ قالغان چۆلئېدىر بىلەن ئاخىرقى
خوشلىشىش ساداسى ئىدى.

لېيەنجاڭ راشىدىن كۆتۈرەڭگۈ روھ
بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— كېچىدە يۈرۈش قىلىشىمىزنىڭ سەۋە-
بى دۈشمەننىڭ رازۋېت ۋە بومباردىمانچى
ئايروپىلانلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر،
دۈشمەن ئىستىھكاملىرىغا يېقىنلاشقانسېرى
قارشىلىقىقا ئۇچرايمىز! شۇڭا كوماندىرنىڭ
رۇخسىتىسىز ھەرىكەت قىلماسلىق، ھوش-
يارلىقنى ساقلاپ، توسالغۇسىز ئالغا ئىل-
گىرىلەپ ھۇجۇم نىشانىمىزغا ۋاقتىدا يېتى-
شىمىز كېرەك. ۋەزىپىمىز ئېغىر ھەم
جاپالىق ۋە لېكىن شەرەپلىك. بۇ تارىخىي
ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەزىپىنى شىنىجاڭ خەلقى ۋە
قوماندانلىق بىزگە تاپشۇرۇۋاتىدۇ. بۇ قېتىمقى
ئۇرۇش شىنجاڭنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلى-
دىغان، گومىنداڭنى گۆرگە تىقىدىغان
ئۇرۇش، — لېيەنجاڭ راشىدىن ئېغىر - بې-
سىق ۋە لېكىن جىددىيلىك بىلەن سۆز-
لەيتتى، — ئۆتۈكۈڭلارنىڭ پېتەكلىرىنى

يۇمشاقراق سېلىپ، پايتىماڭلارنى ئوبدان-
راق ئورىغانسىزلەر! يول يىراق...—
مۇشۇنداق يۈرۈش قىلىش ۋە ئۇرۇش
تەجرىبىسى بېشىدىن كۆپ ئۆتكەن يېشى
50 تىن ئاشقان كۆڭلى يۇمشاق لېيەنجاڭ
بۇ سۆزلەرنى بۇيرۇق ئاساسىدا ئەمەس،
ئاتىلارچە مېھرى بىلەن تەۋسىيە تەلەپپۇ-
زىدا سۆزلەيتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى
تاقەتسىزلىك بىلەن بىز كۈتكەن كۈنلەر
يېتىپ كەلدى. ... «ئالغا مارش!» دېگەن
بۇيرۇق بىلەن پۈتۈن لىيەن شەرققە
قاراپ يول ئالدى.

2

... 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 -
كۈنى يەنى شىخوغا ھۇجۇم قىلغانىنىڭ 4-
كۈنى سەھەردە قوماندانلىقنىڭ بۇيرۇقى
بويىچە بىزنىڭ 1 - لىيەن سازلىقتىن ئۆ-
تۈپ، شىخونىڭ غەربىي - شىمالىغا 100
مېتر كېلىدىغان پوتەينى ناھايىتى زور
كۈچ بىلەن ۋە نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىش
بەدىلىگە ئىشغال قىلدۇق. پوتەي ئىككى
قەۋەت، يەنە كېلىپ دۆڭ ئۈستىگە قۇرۇل-
غانلىقى، گومىنداڭچىلارنىڭ ئوت مەركىزى
بولغان چوڭ بۇتخانا بىلەن تۇتىشىدىغان
ئاكوپى بولغانلىقى، ئالدى تەرەپ تۈز-
لەڭ سازلىق بولغانلىقتىن بۇ ئوكۇشىمىز-
لىقلار قىسمىنى زور چىقىمغا ئۇچراتتى.
بىزنىڭ لىيەندە 60 — 70 چە ئادەملا
قالغانىدى.

پوتەينى ئىشغال قىلغاندىن كېيىنمۇ
دۈشمەننىڭ ھۇجۇمى زادىلا توختىمىدى.
ئەمدى بىر قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۇ-
رۇپ ئۇھ دەپ تۇرساق، ئىككىنچىسى،

ئۈچىنچى قېتىمقىسى باشلىنىۋاتتى. ئوق -
دورىلار ئازلاپ تۈگەي دېدى. ئوق تېخى
يېتىپ كەلمىگەنىدى. مەن جىددىيلىك،
تاقەتسىزلىكتىن ئۆزۈمنى قويغۇدەك يەر
تاپالماي كەتتىم. تۆتىنچى قېتىملىق ھۇ-
جۇمنىمۇ جەڭچى - ئوفىتسېرلارنىڭ پىدا-
كارلىق روھى بىلەن چېكىندۈردۇق.
دۈشمەننىڭ نۇرغۇن ئۆلۈكى يەر چىشلەپ
تۈزلەڭدە سايىنىڭ تېشىدەك ياتاتتى. جەڭ-
چى - ئوفىتسېرلار ئۆزىنىڭ غەلىبىسىدىن
خۇشال بولسا، توپا - چاڭ، لاي بىلەن
تونۇغۇسىز ھالەتكە كەلگەن تۇرقلىرىغا
قاراپ كۈلۈشەتتى.

ئارقا سەپكە ئوق ئەكەلگىلى كەتكەن
ئوراز ئىسىملىك جەڭچى يەلكىسىدىكى
ئوق قاچىلانغان يەشىكنى يەرگە قويدى-
دە، كىيىمىنى ئالدىراش تۈزەپ:

— مۆھتەرەم كوماندىر! بۇيرۇقىڭىز
بويىچە پىلىموت، مىلتىق ئوقىدىن بىر
يەشىك ئېلىپ كەلدىم، — دەپ دوكلات
قىلدى. ئورازنىڭ پۈتۈن كىيىمى لاي بو-
لۇپ، خۇددى لاي كۆلچىكىدىن سۈزۈپ
ئالغاندەك ئىدى. ئورازنىڭ جەسۇرلۇق
روھى ئۇرغۇپ تۇرغان كۈچلۈك قامىتىگە
قاراپ ئىچىمدە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. ئەمەل-
يەتتىمۇ دۈشمەننىڭ ئوق مەركىزى بولغان
تۆپىتۈز ۋە كەڭ سازلىقتىن ئۆتۈپ، 200
مېتىر يىراقلىقتىكى ئارقا سەپتىن 40 كى-
لوگرام ئېغىرلىقتىكى بىر يەشىك ئوقنى
ئېلىپ كېلىشنى پەقەت مۇشۇنداق باتۇر-
لارلا قىلالايتتى. لېكىن ھەربىي ئىنتىزام
بويىچە ئۇنىڭ كېچىكىش سەۋەبىنى
سورۇشتۇردۇم.

— مۆھتەرەم كوماندىر! كېتىپ
بېرىشىمدا ئارقا سەپتىكى بىر ئوفىتسېر

«سەن قاچقۇن» دەپ ماڭغىلى قويمىدى، —
دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.

— ئۇ كىمكەن، — دېدىم ئاچچىقىم
بىلەن.

— مەن ئۇ ئوفىتسېرنى تونۇمايدىكەنمەن، ئۇنىۋانى كاپىتان ئىكەن. مەن
ئۇنىڭغا كوماندىر تۇردىيۇپنىڭ بۇيرۇقى
بويىچە ئوق ئەكەلگىلى كېتىپ بارىمەن
دەپ ئېيتسام، ئۇ يالغان ئېيتىسەن، سى-
لەرنىڭ كوماندىرىڭلارنىڭ ئىسمى راشىدىن
بىلەن ئارتىقوپ دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. مەن
ئۇنىڭغا، دېگىنىڭىز توغرا، راشىدىن بىلەن
ئارتىقوپ يارىدار بولغاچقا ھازىر لىيەنگە
تۇردىيوپ قوماندانلىق قىلىۋاتىدۇ، دېسەممۇ
ئۇنىمايدۇ. دەل شۇ چاغدا 3 - لىيەنىڭ
كوماندىرى ئەيسايوپ كېلىپ قېلىپ ئۇ-
نىڭغا چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئاران
قويۇپ بەردى...

دۈشمەننىڭ بەشىنچى قېتىملىق
ھۇجۇمى باشلاندى. بۇ قېتىمقى ھۇجۇم
ئالدىنقى قېتىمقىلارغا ئوخشىمايتتى. ئادەم
سانىمۇ كۆپ، ھۇجۇم قىلىشى تەرتىپلىك،
بىر قىسمى ئالغا ئىلگىرىلەپ مۇداپىئەدە
تۇرۇپ ئوت ئاچقاندىن كېيىن، كېيىنكى-
لىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ مۇداپىئەگە ئۆ-
تەتتى. شۇ تەرىقىدە قەدەممۇ قەدەم ئىل-
گىرىلەپ كېلىۋاتاتتى. بىزنىڭ كۆڭلىمىز
توق، غەلىبىدىن ئىشەنچىمىز زور. چۈنكى
ئوق - دورىلار تولۇق ئىدى. شۇڭا ئوت
كۈچىنى ئۆلغايتتۇق. لېكىن «گېرمانكا»
ماركىلىق بەشئاتار مىلتىق 10—15 پاي
ئاتقاندىن كېيىن قىزىپ كېتىپ زاتۋور
قايرىلماي قويدى. بۇنىڭغا جەڭچىلەر ئامال
قىلالماي زاتۋورنى ئۆزلىرىنىڭ سۈيدۈكى
بىلەن ھۆللىدى، بۇنىڭ بىلەنمۇ ئىش ھەل

بولمىدى. دۈشمەن غالجىرلارچە ئەسەبىي-
لىك بىلەن ئاغىل-تاغىل ۋارقىرىشىپ
يېقىنلاپ كەلدى.

بىزنىڭ ئىگىلەپ تۇرغان ئورنىمىز ھالقىلىق ستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ، ناۋادا بۇنى دۈشمەن ئىگىلەپ ئالسا پۈتۈن فرونتقا تەسىر يېتەتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە شىخوغا غەربىي-شىمالدىن ھۇجۇم قىلغان قىسىملار زور قۇربانلارنى بېرەتتى. دۈشمەن يېقىن باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. مەن ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ:

— نەيزىنى مىلتىق ئۇچىغا بېكىتىڭلار، قۇچاقلاشما جەڭگە تەييارلىنىڭلار! — دەپ لىيەنگە بۇيرۇق بەردىم. بۇنىڭدىن باشقا چارىمىز يوق ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا جەڭچى توختى ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى-دە، ھەربىيچە ھۆرمەتتە تۇرۇپ:

— مۇھتەرەم كوماندىر! ماڭا تۆت دانە گىرانات بەرسىڭىز، دۈشمەننىڭ ئەدىپىنى بەرسەم، رۇخسەت قىلىڭ! — دېدى.

توختىنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى خۇددى رەقىبىگە ئېتىلىشقا تەييارلانغان يولۋاستەك ئىدى. جەڭچى توختىنىڭ چېۋ-پەيزە ئۇرۇشى ۋە شىخوغا قىلىنغان دەسلەپكى ھۇجۇملاردا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ئاز ئەمەس ئىدى. ئەمما بۇ قېتىمقىسى ئىنتايىن خەتەرلىك، بىراق قۇچاقلاشما جەڭگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرى دۈشمەن سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئەلۋەتتە بىزگە پايدىلىق ئىدى. مەن دەقىقە ئويلىنىپ قالدىم.

— كوماندىر، مۇشۇ پوتەينى ئېلىشقا ئورازنى ئېلىپ ئۆزىڭىز باردىڭىز! ئەمدى نۆۋەت مېنىڭكى! مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ! بۇيرۇق بېرىڭ!

شۇ ئارىلىقتا بەنجاڭ ھەۋسەيىن، جەڭچى ئوسمان قاتارلىقلار ئارقا-ئارقىدىن ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. مەن يەنىلا توختىنى تاللىۋالدىم.

— قايسىڭلاردا گىرانات قالدى؟ — دېدىم، ئەتراپتىكى سەپداشلىرىمغا قاراپ. مەلۇم بولدىكى، لىيەن بويىچە پەقەت 4 لا گىرانات قاپتۇ. توختى تېزدىن 4 دانە گىراناتنى گىرانات خالتىسىغا سالدى-دە، «مەن تەييار كوماندىر» دەپ قولىنى چېكىسىگە ئالدى. توختى خۇددى ياخشى كۆرگەن قىزى بىلەن ئۇچرىشىدىغاندەك خۇش خۇي ئىدى. توختىنىڭ بۇ نۇرلۇق چىرايىدىن غەلىبىنىڭ مۇقەددىمىسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. نېمە ئۈچۈندۇر تېنىم شۈركىنىپ توختىدىن كۆزۈمنى ئالالماي قالدىم.

ئوراز پىلىموتنى سايرىتىپ دۈشمەن ئوت كۈچىنى توستى. توختى بەئەينى يىلپىزدەك بىر دەمدىلا يەر بېغىرلاپ 20 — 30 مېتىر ئىلگىرىلىدى-دە، بىر گىراناتنى دۈشمەن ئۈستىگە ئاتتى. گىرانات دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سېپىدە ۋاڭ قىلىپ يېرىلىپ، بىر نەچچە دۈشمەننى يۇقىرىغا ئىرغىتىپ تاشلاپ قاپقارا تۈتەككە ئايلاندۇردى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن جەڭچىلەر «ھۇررا! ياشا توختى!» دەپ تەۋۋۇلىشىپ كەتتى. ئىس-تۈتەكتىن پايدىلانغان توختى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئالغا قاراپ يۈگۈردى. ئۇ كېتىۋېتىپ يەنە بىر گىراناتنى تاشلىدى. دۈشمەننىڭ سېپى بۇزۇلدى. دۈشمەن 50 مېتىردەك چېكىندى. توختى ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ 3-گىراناتنى تاشلىدى. توختىنىڭ ئاتقان گىراناتى بۈركۈتتەك شۇڭغۇپ دەل يېرىگە چۈشۈپ سەپنى

تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. شۇ پەيتتە 3 - لىيەندىن ئاتقان بىر پاي مىنامىيوت ئوقى ھاۋانى يېرىپ ئۆتۈپ دۈشمەننىڭ توپلاشقان يېرىگە چۈشۈپ ئۇن نەچچە چېرىكنى ھاۋادا لەيلەتتى. ئارقا - ئارقىدىن يەنە ئىككى پاي دەل چۈشتى - دە، دۈشمەن پاتىپاراقلاشتى. مەن «ئاتاكا!» غا ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردىم. مېنىڭ كۆزۈم دۈشمەننىڭ ئالدىنقى سېپىدە يۈرگەن توختىدا ئىدى. ئۇ قولىغا ئاخىرقى بىر دانە گراناتنى ئېلىپ قولنى كۆتۈرۈشكە گرانات تۇتقان قولىغا ئوق تېگىپ، گرانات يەرگە چۈشتى. ئۇ سول قولى بىلەن گراناتنى ئالدى - دە، ئالغا يۈگۈردى، لېكىن ئۇ ئۇن قەدەم ماڭماي دۈملاپ چۈشتى، «ھەي ئېسىت» دېدىم مەن ئىچىمدە. ئۇنىڭغا ئوق تەگكەنلىكىگە ئىشەندىم، شۇ ئارىدا ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ جان - جەھلى بىلەن «ھۇررا!» دېگىنىچە دۈشمەن سېپىگە بېسىپ كىردى. دۈشمەن چېرىكلىرى نېمە قىلارىنى بىلمەي قالايمىقان ۋارقىرىشىپ كەتتى. توختى گراناتنىڭ يېپىنى چىشى بىلەن ئۈزۈۋاتاتتى. دەھشەتلىك پارتلاش بىلەن ئىس - تۈتەك يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ بوشلۇققا سىڭىپ كەتتى...

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

مەمتىلى ھېلىم

# سۇ كۆتكە چۆمگەن دالا

(ھېكايە)

1

يېزىنىڭ شور تۇپىلىق يوللىرى كۈچلۈك كۈن نۇرلىرىدىن قاغجىراپ قىزىرىپ كەتكەن. دەل - دەرەخلەر ئەسىرگە چۈشكەن ئەسكەرلەردەك سالپىيىپ قالغانىدى. ئىسسىقتىن ئادەمنىڭ دېمى بوغۇلۇپ، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلاشقانىدى.

ئاسىپجان ھارۋىسىنى ھەيدەپ مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۆزىمۇ ئېشىكىگە ئوخشاشلا سالپىيىپ قالغانىدى.

— ھەي، ئاسىپجان بۇ ياققا كەلگىنە...

ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىۋىدى، ئېرىق بويىدىكى دەرەخ سايىسىدا ئولتۇرغان قوشنىسى توختاخۇننى كۆردى. ئۇ مېنى يېنىغا چاقىرىپ نېمە قىلىدىكىنە، ئىسسىقتا ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ... ئۇ غۇدۇراپ قويۇپ ھارۋىدىن چۈشتى - دە، ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

— ھە، جاپاكەش بۇرادەر نېمە دەيسەن؟

— قانداق ئەھۋالىڭ؟

— ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ، سوقا سەندىلىدەك ياخشى تۇرۇۋاتىمەن. سەن نېمانداق سۇ تەگمىگەن پېلەكتەك سولىشىپ قالدىڭ؟ — دېدى ئاسىپجان ئۆزىنى روھلۇق تۇتۇشقا تىرىشىپ.

— ئىشلەپ ئاداش، قانداق قىلىمىز ئەمدى. يەر دېھقاننىڭ جېنى دەپتىكەن،

ساڭا ئوخشاش سېتىۋېتىشكە كۆڭۈل ئۇنىمايدىكەن.

— ھەي بۇرادەر، نىمانچىۋالا جاپا چېكىدىغانسەن يەر تېرىيمەن دەپ. ماڭا ئوخشاش ئوقەت قىلمامسەن؟

— ئاسىپجان سەن يەرنى سېتىۋېتىپ يامان قىلدىڭ. ئىشلىگەنىڭ راھىتىنى كۆزدە كۆرەتتىڭ. بىر مو يەر ئاز دېگەندە 400 يۈەندىن ئايلىناتتى.

— مىڭ يۈەندىن ئايلانسىمۇ خۇدا ساقلىسۇن، دېھقانچىلىق قىلىشتىن... خەير، مەن كەتتىم. ھارۋىدىكى تېرىلەر پۇراپ قالمىسۇن، بېرىپ تۇزلۇۋېتەي.

ئاسىپجان ھارۋىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى. ئۇ چارۋىچىلىق رايونلىرىنى ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر ئايلىنىپ، تېرە يىغىپ كېلەتتى. ئۇ ھويلىسىغا كىرىپ، ئىشىكىنى ھارۋىدىن چىقىراي دەپ تۇرۇشىغا ھويلىغا بىر نەچچەيلەن كىرىپ كېلىشتى.

— ھەي ئاسىپجان، تىنچ ئامان كەلدىڭمۇ؟ بۇ قېتىم خېلى كۆپ مال ئەكەلگەنسەن؟ — دېدى ئۇلاردىن چېقىر كۆز، ئۆزۈنتۇرا بىرى.

— ھەر ھالدا قۇرۇق قول قايتىمدىم، — ئاسىپجان پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان تەرلەرنى يېڭى بىلەن سۈرتتى.

— قېنى ئەكەلگەن تېرىلىرىڭگە بىر نەرسە دېمەمسەن؟ — دېدى ھېلىقى كىشى تېرىلەرنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقىپ.

— مەن بۇ تېرىلەرنىڭ ھەر بىرىنى 25 يۈەندىن ئالدىم. ئەمدى ئۆزۈڭلار بىر نەرسە دەڭلار، — ئاسىپجان تېرىلەرنى قانچىدىن ئالغان بولسا شۇ باھانى ئالغۇچىلارغا ئوچۇقلا دەۋېتەتتى.

ھېلىقى كىشى ھارۋىدىكى تېرىلەرنى چۇشۇرۇۋېتىپ، ھەر بىر تېرىدىن ئېيۇەن ئىزدەيتتى:

— قارا، بۇ تېرىگە پىچاقنىڭ ئۇچى تېگىپتۇ... بۇ قوزىنىڭ تېرىسى ئىكەن... بۇنىڭغا كۆيە چۈشتىمۇ نىمە؟

— بولدى، بولدى، خۇدانىڭ ھەققىدە يوقلىلاڭ يەردىن قۇسۇر تاپمىسىنا. ئوشۇق گەپ ئىشەككە يۈك. ئۇنى-بۇنى دېگۈچە نەق گېپىڭنى دېمەمسەن؟

— بوپتۇ مەن بىر نىمە دەپ باقاي، 17 يۈەندىن بولسۇن قانداق. ئىسسىقتا جاپا تارتىپ ئەكەلگەنسەن تايىنلىق...

— باھا مۇۋاپىق بولدى. ياخشى باھا قويدى، — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ. مال ئۆزۈمدە قالسۇن... — ئاسىپجان پەش قاقىقىنچە قوتان تەرەپكە ماڭدى.

— ھوي توختا دەيمەن. بۇ دېگەن سودا. نىمىگە تېرىكىسەن. بۇ ياققا كەل، كېلىشىپ قالىمىز.

— ئۇنداق تۆۋەن باھا قويساڭلار سىلەر بىلەن قانداقمۇ كېلىشكىلى بولسۇن؟

— بوپتۇ، ھەر بىرىگە 18 يۈەندىن بېرەي قانداق؟ زىيان تارتسام مەن تارتىمەن.

— ھەي مۇسۇلمانلار، مەنمۇ سىلەرنى كۆن كۆرسۇن دەۋاتىمەن. بازارغا ئەكىرسەم گەپ-سۆز يوق 30 يۈەندىن ساتىمەن. ئېلىش نىيىتىڭلار بولسا تۈزۈكرەك بىر نىمە دېمەمسىلەر.

— ئەكەلگىنە قولۇڭنى، 19 دىن بەردىڭمۇ؟

تېرە سالا-سۇلە بىلەن 20 يۈەنگە توختىدى، ئاسىپجان دېھقانلارنىڭ ھال-كۈنىنى

دان بىلەتتى. ئۇ، ئۇلارنىڭمۇ باللىرى كۆپ، ئۇلارمۇ نەپ ئالسۇن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ:

— بوپتۇلا، مەن دۇنياغا پايدا دەپلا تۆرەلمىگەن، — دېدى.

ئۇلار خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار كۆڭلىدە ئاسىپجاننى ئەخمەق ھېسابلايتتى. لېكىن ئاسىپجاننىڭ كۆڭلىدە بولسا غېرىبانە كەپىلەردە ياشاۋاتقان ئاشۇ نامرات دېھقانلار بار ئىدى. ئۇلارغا يالغان ئېيتىپ كۆپ پايدا ئۇندۇرۇۋېلىشقا ئۇنىڭ كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ئادەم بۇ دۇنياغا پۇل ئۈچۈنلا تۇغۇلمىغان - دە. بۇ دۇنيادا ئادەمنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمەيدۇ دەيسىز. ئىنسانچىلىقتا بىر - بىرىنى ئالداش نومۇس. ئاسىپجان ھاياتقا شۇنداق قارايتتى. ئاشۇ قاغجىرىغان ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان، كېۋەزگە توپا يۆلەۋاتقان دېھقانلارنى كۆرگىنىدە ئېغىر ئۇھ تارتىپ قوياتتى. ئۆزىمۇ يەرلەرنى كۆتۈرە بەرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئاشۇ ئېتىزلىقتا ئىشلىدى. كېيىن كېۋەز تېرىش باشلانغاندىلا تېرىلغۇ يېرىنىڭ موسىنى يۈز يۈەندىن باشقىلارغا ئىجارىگە بېرىۋەتتى. ئۇ ئارتۇقچە جاپا چېكىپ يۈرۈشنى خالىمىدى.

2

كۈز كۈنلىرى. سارغايغان ياپراقلار يوللاردا شىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئىزغىرىن شامالدا دەرەخ شاخلىرىدىن سولغان ياپراقلار تىنىمسىز تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. زېمىن مۇڭلۇق سۈكۈتكە چۆمگەن.

ئاسىپجان يېزا يولىدا ھارۋىسىنى ھەيدەپ كەلمەكتە. ئۇ تاشلىرى سۆكۈلۈپ كەتكەن جۇۋا، توكلىرى قىرچىلىپ كەتكەن قۇلاقچا، تۇمشۇقى پاقىنىڭ ئاغزىدەك ئېچىلىپ قالغان ئاياغ كىيىۋالغانىدى. ئۇ بۇلارنى ھەر يىلى كەچ كۈزدىن باش ئەتىيازغىچە كىيەتتى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ: ھەي، بۇنداق ئەسكى كىيىملەرنى كىيگۈچە قولۇڭدا پۇل بولغاندىكىن تۈزۈكرەك بىر نېمە كىيسەڭ بولمامدۇ، دېگەن سۆزلىرىگە كۈلۈپلا قوياتتى.

بىر كۈنى ئاسىپجاننىڭ ئىنىسى ئۇنىڭغا:

— ھەي، ئاكا ئەكەلگەن تېرىلىرىڭنى ئەرزانلا بېرىۋەتمەي، بازارغا ئاپىرىپ سات. خەقلەر سېنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ. تىجارەتنى قاملاشتۇرالمىساڭ يېرىڭنى تېرىغىن. يەردىن ئايرىلىپ قالما. ھازىر دېھقانلار كېۋەز تېرىپ بېيىۋاتىدۇ. سەن يەنە شۇنداق يۈرۈسەن. بۇنداق كىيىنىپ يۈرسەڭ خەقنىڭ ئالدىدا بىزگىمۇ سەت ئەمەسمۇ؟ — دېۋىدى.

— نېمە دەيدىغانسەن ئىنىم. ئۆزۈمنى ياساپ ئەرشتىكى پەرىنىڭ يېنىغا بارامدىم، خەق نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ؟ ئۇلار ماڭا ئۆتكۈزۈپ قويۇپتىكەنمۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى ئاسىپجان كۈلۈپ.

بۈگۈن تەبىئەتنىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىشى ئاسىپجانغا تەسىر قىلدىمۇ قانداق، ئۇنىڭ چىرايى چۈشكۈن كۆرۈنەتتى. ئۇ بالا - چاقىلىرىنى بەكلا سېغىنىدى. شۇڭىمۇ يولدا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ئاسىپجان ھارۋاڭنى توختاتماسەن، تېرەڭنى مۇشۇ يەردىلا ئالىلى، دېگەن سۆزلىرىگە قۇلاقمۇ سالماي ئېشىكىنى ھەيدەپ كېتىۋەردى.

ئۇ ئۆيىگە كېلىپ ئېشىكىنى ھارۋى-

دىن چىقىرىپ تۇرۇشىغا:

— ھەي، ئاسىپجان قانداق ئەھۋاللىق؟...— دېگىنىچە ھېلىقى ئۇزۇنتۇرا ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىدىن يەنە بىرنەچچەيلەن كىرىپ كېلىشتى.

— تېرەكنى كۆرەيلى دېگەن ئىدۇق،— دېدى ھېلىقى دەسلەپتە كىرگەن ئېگىز بويلۇق كىشى كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاسىپجان ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ تۇرۇپ قالدى، بىرنەچچە ئاي ئىلگىرى ئاسىپجان ئۇنىڭ ئېتىزىدىن ئوت ئېلىۋاتسا ئۇ: ئاسىپجان ئۆزۈڭنىڭ يېرىنى سېتىۋېتىپ ئەمدى بىزنىڭ يەرگە كەلدىڭمۇ؟ بىزنىڭمۇ قوي-كالىلىرىمىز بار ئەمەسمۇ، دېگەنىدى. ئاسىپجان بۇنى باشتا چاقچاق دەپ چۈشەندى. ئۇ خۇدانىڭ زېمىنىدىكى ئوتنىمۇ قىزغىنامسەن، بۈگۈنى ئۇنى ئالسام ئەتىسى يەنە ئۆسۈپ چىقىدىغۇ؟ قورساقنى كەڭ تۇتۇڭلار ئاداش، دەپ كۈلدى. لېكىن ئاسىپجان ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ ئاستا كېتىپ قالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ باشقا تەرەپلەرگە بېرىپ ئوت ئەكەلسە ئەكەلدىكى، ھەرگىز ئۇنىڭ ئېتىزىغا ئاياغ باسمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۇنىڭ ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپتۇ.

ئاسىپجان ئۆزىگە كەلدى-دە، ھېچ ئىش بولمىغاندەك:

— قېنى كۆرۈپ بېقىڭلار...— دېدى. ئاگىنچە باللىرى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭغا ئېسىلدى.

— دادا، دادا، ئاپام ئاغرىپ قالدى...— دېدى كىچىك ئوغلى.

ئاسىپجاننىڭ يۈرىكى جىغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى، ئايالى يوتقانغا چىڭ ئورۇنۇپ، ئىڭراپ ياتاتتى.

— خوتۇن، نېمە بولدۇڭ، بىر يەرلىرىڭلار ئاغرىۋاتامدۇ؟

ئايالى ئاچچىق ئىڭرىدى.

— ئىچىم كۆيۈشۈپ ئاغرىۋاتىدۇ؟

— بىر نەرسە يېدىڭمۇ؟

— ئۆملەپ دېگۈدەك قوپۇپ باللارغا تاماق قىلىپ بەردىم. لېكىن كېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. پەقەتلا ھالىم يوق.

ئاسىپجان ئېغىر بىر تىنىدى. ئۇنىڭ باشلىرى قايىغاندەك بولۇپ كۆزلىرى تورلاشتى.

— ئالدى بىلەن ساڭا ئازراق شوۋىگۈرۈچ قايىنىتىپ بېرەي، ئاندىن دوختۇرغا ئاپىراي. ئۇ تاماققا تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— ئاسىپجان...— ئايالى ناھايىتى بوش ئاۋازدا ئۇنى توۋلىدى.

— ھە، مانا مەن...— ئاسىپجان ئايالىنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

— مەن سىلىگە كىيىم ئالاي دەپ 400 يۈەن پۇل يىغقانىدىم. ئۇنى قازناقتىكى كېپەكنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويدۇم. مەن سىلىنى تازا بىر ياساپ قوياي دېگەنىدىم. لېكىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم.

— خوتۇن ھېچقىسى يوق. ئەسلىدە ئۆزۈممۇ سەن ساقايغاندا بىللە بازارغا چىقىپ ساڭا، ئۆزۈمگە ۋە باللارغا كىيىم-كېچەك ئالارمىز دەپ ئويلىغانىدىم،— دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى.

ئايالىنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى بەكلا يېرىم بولدى.

3

كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شامىلى يەرزېمىننى توڭلىتىشقا باشلىدى.

ئېتىزلار چۆلدەرەپ ياتاتتى. دەرەخلەرمۇ
ئاللىقاچان يالىڭاچلىنىپ قالغانىدى. يېزا
كوچىسىدا قانداقتۇر قىزىق پاراڭلارنى
سېلىپ تۇرغان كىشىلەر هاروا هەيدەپ
كېلىۋاتقان ئاسىپجاننى يىراقتىنلا كۆردى.
— بۇ ئەخمەق نەگە بېرىپ كەلگەندۇ؟
تېرىسىنى يەنە كومىدا ئېلىۋالساق بولات-
تى، — دېدى توپ ئىچىدىن بىرى.
— ئۇنداق گەپنى قوي. ئايالى ئاغ-
رىپ قېلىپ بالنىستا يېتىپ قاپتىكەن
ئۆيىگە ياندۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتسا
كېرەك.
— بۇ ئەخمەق نەدىكى بىر كېسەل
كۆرپىسىنى ئېلىۋالغاندىكىن تويسۇن.
— قويساڭلارچۇ ئۇنداق يوقىلاڭ گەپ-
لەرنى، نېمە قىلسا ئۆزىنىڭ ئىشى.
شۇ تاپتا ئاسىپجان ئېغىر مۇڭغا
پاتقانىدى، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكە-
نىدى. ئۇ يولدا تۇرغانلار بىلەن سۇسقى-
نا سالاملىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. غەمسىز،
خاتىرجەم تۇرغان كىشىلەرگە قاراپ ئۇنىڭ
كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۆزىنىڭمۇ بىر چاغلاردا
غەم - قايغۇسىز ئۆتكەنلىكىنى ئەسلىيەلمە-
دى. هايات ئەمدى ئۇنىڭغا تولىمۇ شەپ-
قەتسىز تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ئايالىنى يېزا
دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. ئۇ يەردىن شە-
هەرگە يۆتكىدى، شەهەردىمۇ داۋالاش ئۈنۈم
بەرمىدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئاز پۇل خەج-
لىمىدى. دوختۇرخانىنىڭ ئىشىكىگە بېرىپلا
قالغاندىكىن پۇل دېگەن سۇدەك كېتىدىغان
گەپتە. ئۇ كۆز نۇرى خىرەلەشكەن، يا-
ڭاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىقىپ، بىر تې-
رە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئايالىغا
هەر قېتىم قارىغىنىدا، يۈرىكى ئەلەمدىن
پىرىلغۇدەك بولۇپ كېتەتتى. ئايالى تۆت

ئايدىن ئۇشۇق بالنىستا ياتتى. ئاخىرى
ئۇنىڭ ساقىيىشىغا كۆزى يەتمىگەن دوختۇر
ئۇنى بالنىستىن ياندۇرۇپ چىقىپ ئۆيدە
ئارام ئالدۇرغىن دەپ ئۇنىڭغا مەسلىهەت
بەردى، ئۇ شۇنداق قىلىپ دوختۇرنىڭ
دېگىنى بويىچە، ئايالىنى ئۆيگە ياندۇرۇپ
چىقتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرىمىدى.
ئۇ بالىلىرىنىڭ دادا، ئاپام قاچان ساقىيىدۇ،
دەپ سورىغان سوئاللىرىغا دۇدۇقلاپ تۇ-
رۇپ: ئاز قالدى، ئاز كۈندىن كېيىن...
ساقىيىپ سىلەرگە تاماق ئېتىپ بېرىدۇ،
دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئاسىپجان ئايالىنى
بىر مەزگىل ئۆيدە كۈتتى. لېكىن ئايالى
ياخشى بولالماي بۇ ۋاپاسىز دۇنيا بىلەن
خوشلاشتى. ئايالىنىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا بەك-
مۇ ئېغىر كەلدى. نەچچە كۈنگىچە ئۇ
ئېلىشىپ قالغاندەكلا يۈردى، ئۇ قولىدىكى
پۇللىرىغا ئايالىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى
ئورۇنلاشتۇردى. ئۈچ نەزىرى ۋە يەتتە
نەزىرلىرىنى ئۆتكۈزدى. 40 نەزىرىگە كەل-
گەندە قولىدىكى پۇل پاك - پاكىز تۈگەپ
ئېشەك هارۋىسىنى ساتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ
40 نەزىرىنى كەڭ كۆشادە ئۆتكۈزدى.

4

قەھرىتان قىشنىڭ سوغۇقى ئادەمنىڭ
تېنىگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. سوغۇق
شامال ئاچ بۆرىلەردەك هۇۋلايتتى. قارلار-
نى هەر تەرەپكە ئۇچۇراتتى. سوغۇق-
تىن بولسا كېرەك، يېزا سۈكۈتكە
چۆمگەن، كوچا ئادەمسىز هۇۋۇللاپ قالغانى-
دى. ئېرىقلاردىكى مۇزدا نۇر ئويناپدىغان،
دالىدا قار بوۋاي ياسايدىغان بالىلارمۇ
كۆرۈنمەيتتى.

ئاسپچان ئىككى بالىسىنى ئەگەشـ
تۈرگىنىچە يېزا يولىدا پەيدا بولدى. ئۇ
ئۆيمۇ - ئۆي قاتراپ يۈرۈپ، ئازراق پۇلـ
نىڭمۇ ئېپىنى قىلالمىدى. يوقسۇزلۇقنىڭ
تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەنلىكىنى ئۇ ئەمدىلا
بىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا دۇنيا شەپقەتسىز،
ئادەملەر بەكمۇ باغرى قاتتىق بولۇپ كەتـ
كەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ئىنسانچىلىقتىلا
بىرىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە باشقىلىرى
ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇشى كېرەككىۇ،
ئادەملەر نېمە بولۇپ كەتتى. خەقلەر قو-
لى قىسقىراپ قالغان ئاسپچاننىڭ قەرزىنى
قايتۇرالىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا قەرز
بېرىپ تۇرمىغانىدى.

ئاسپچان بوران ئۇچۇپ تۇرغان
ئۆيىگە كېلىپ، ئەلەمدىن يىغلاپ كەتتى.
ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئۆسۈپ كەتكەن سا-
قاللىرىنى بويلاپ ئاقتى.

— دادا، دادا، نېمە بولدۇڭ؟ نېـ
مىگە يىغلايسەن؟ — بالىلىرى تەڭلا ئۇنىڭغا
ئېسىلدى.

— بالىلىرىم، — دېدى ئۇ خىرقىراق
ئاۋازدا، — ھېچنىمە بولمىدىم، ئاپاڭلارنى
كۆرگۈم كەلدى، — دېدى - دە، بالىلىرىنى
باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى.

— دادا، بىزنىڭمۇ ئاپىمىزنى كۆر-
گۈمىز كەلدى، — دېيىشتى بالىلار يىغا - زارە
قىلىشىپ.

ئاسپچاننىڭ ئىچىنى ئۆرتەۋاتقان
قايغۇ - ئەلەم ئۇنىڭ يىغىسىنى ئەۋجىگە
كۆتۈردى.

ئاسپچان ئۆزىنى تولىمۇ يېگانە ھېس
قىلدى. بۇ يېگانىلىك ئۇنىڭ يۈرىكىگە
خەنجەردەك قادالدى. بالىلىرىنىڭ سولغۇن
چىرايى ۋە ئۇلارنىڭ ئاپام قېنى، ئاپامنى
تېپىپ بەر، دەپ - جېدەل قىلىشلىرى
ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇغاندەك بولاتتى.

شۇ ئەسنادا ئىشىك ئېچىلىپ قوشـ
نىسى ھەجەرخان موماي كىرىپ كەلدى.
ئاسپچان كۆزلىرىدىكى ياشنى ئىتتىكلا
ئېرتتى.

— ئوغلۇم، — دېدى ھەجەرخان مو-
ماي، — سېنىڭ قەرز سوراپ يۈرگىنىڭنى
ئاڭلىدىم. مانا بۇ مېنىڭ يىغقان مىڭ
يۈەن پۇلۇم، سەن بۇنى ئىشلىتىپ تۇر-
غىن. قولۇڭغا پۇل كىرسە بېرەرسەن،
ئادەمنىڭ بېشىغا ھەر كۈن كېلىدۇ، سەن
ئوغۇل بالا بولغاندىكىن كۆزۈڭنىڭ يېشى-
نى ئېقىتما. سەن يېرىڭنى تېرىماي يامان
قىلدىڭ. ھازىر خەقلەر كېۋەز تېرىپ بې-
يىپ كەتتى. مۇشۇنداق ئىش ئارا بولغاندا
ئانچە - مۇنچە ئوقەت قىل. ئەتىيازدىن
باشلاپ يەرلىرىڭنى تېرىغىن. بۇ پۇل يەتـ
مىسە يەنە بېرىمەن.

ئاسپچان ئۆزىنى ھەجەرخان مو-
ماينىڭ باغرىغا تاشلىدى - دە، ئۇنىڭ قۇ-
چاقلاپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلىدى. ھەجەر-
خان موماي تۇل خوتۇن بولۇپ ئۆز
ۋاقتىدا ئاسپچاننىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن
ياخشى ئۆتكەنىدى.

— بولدى بالام يىغلىما، ئوقەت قىـ
لىمەن دېسەڭ بالىلىرىڭغا مەن قاراپ
تۇراي.

5

سۈتتەك ئايدىڭ كېچە. باش ئەتىـ
يازنىڭ شاماللىرى قىشتىن بېرى يىغىلىپ
قالغان قار - مۇزلارنى ئېرىتىپ، يوللار پاتـ
قاق بولۇپ كەتكەنىدى. يېزا يولىدا ئۇياقـ
تىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر

كۆپ ئىدى. ئۇلار سوزۇپ-سوزۇپ قاۋ-
شاتتى. يولدا ئاسپجان پەيدا بولدى. ئۇ
يېرىنى سېتىپ بېرىشنى ئۆلتىماس قىلىپ
كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىگە رەددىيە بېرىپ،
ئەتىگەندە شەھەرگە خىمىيە ئوغۇتى بىلەن
سۇلياۋ يوپۇق ئېلىش ئۈچۈن كىرىپ
كەچ قالغانىدى. ئۇ ھەجەرخان مومايىنىڭ
ئۆيىدىن باللىرىنى ئاچىقىشتىن ئاۋۋال ئۆز
ئېتىزلىقىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولۇپ، قە-
دىمىنى ئېتىزلىق تەرەپكە بۇرىدى، ئۇ
ئېتىز بېشىغا كېلىپ، چەكسىز كەتكەن
ئېتىزلارغا قارىغىنىچە خىيالغا پاتتى، بىر
پەستىن كېيىن ئۇ كۆككە قارىۋىدى، كۆك-
تە سانسىزلىغان يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا قاراپ
كۆزلىرىنى قىسىپ جىمىرلىشىۋاتقاندەك، كۆك-
تىكى تولۇن ئايمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن
ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ باقاندەك بولدى.

موسا ئەھەد

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

# ئادەملىكىم سوئال ئۆزۈمگە

## ئۆلمەس ئەرۋاھ

گاھ تۇماندەك كۆرۈنۈپ، گاھ سايىدەك يوقالغان،
دەشتلەردە قەدىرسىز قالغان ئاپپاق سۆڭەكلەر.
سەن جەڭگاھنى تۇغقانمۇ، تۇغقان سېنى يا جەڭگاھ؟
گەر شېھىتلىك تاجىغا بولسا روھىڭ مۇشەررەپ،
كۆرۈنسەن نە ئۈچۈن كۆزلىرىمگە بوپ سەرەپ.
چاقنار نېچۈن چېھرىڭدىن ئاياز كەبى سوغۇق نۇر
ھانانلاشقان دۇنيانىڭ ئوردىسىدا بولۇپ ماھ.
كۆردۈڭ ئەۋزەل نە ئۈچۈن يەر ئاستىدىن ئۈستىنى،
يا ئۈستىدە بارمۇ سەن كۈتكەن ئارمان يانغىنى.
ئۇنتۇلغان كۆپ ئىزلارغا بولامسەن يا بىر گۇۋاھ؟
ياتتىڭ قايسى ئەسىرنىڭ توزانىغا چۆمكىلىپ،
مەھكۇم ئەتتى قايناق دەشت ۋەيلۇنىغا قايسى شاھ؟
ئاچچىق كىشنەپ تۇلپارىڭ توختاپ قالغان شۇ مەھەل،
بارخانلارغا سىڭدىمۇ سەن زارىققان ئارمان-ئاھ...
ياتتىڭ نېچۈن ئەسىرلەپ ئانا يەرنى باغاشلاپ،
ئۆلمەس روھىڭ يۇلغۇنلار يىلتىزىنى قىپ دەرگاھ
بولۇپ زاھىر چۈشلەردە، قالساق لەيلەپ ماچىتسىز،
بىزنى قارا قىسمەتلەر چاڭگىلىدىن قىپ ئاگاھ.
ئىگەر بىلەن شەمشىرىڭ ياتار، باقسام، قېشىڭدا،
ئوغۇزمۇسەن، ئەرتۇڭا، يا سادىرمۇ ئەي ئەرۋاھ؟!

## باغرىم ئاتىجان

1

ئۆزۈڭ كەبى ساددا، سەممىي
پەردىزى يوق سۆزلىرىم بىلەن
تېخى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان،
ئۇزۇن يىللار
يۈرىكىمدە ساقلانغان
مىسرالىرىمنى
ئەۋەتسەم
قىلىپ سايىۋەن خۇمدانسىمان
تۇمۇزلىرىڭغا،
بەرسە ھۇزۇر
قانداق راھەت ئىدى ئاتىجان!

2

بەدىلىگە سانسىز ئەجرىڭنىڭ
ئېتىقاد ۋە تىلەكلىرىڭنىڭ.
جايىنامازدا
تىترەپ ئېيتقان دۇئالىرىڭنىڭ،
ئۆمۈر بويى يىغقان مۈلكىڭنىڭ
بەركىتىدە بولدۇم مەن قىران.
بىراق تا ھازىرغىچە،
بىرەلىدىم زادى نېمىنى؟
ۋاراقلىسام تېخى بىر تال خەت
يېزىلماپتۇ
قامۇسىغا
ئۆمرۈڭ بېتىنىڭ
تېغىم ئاتىجان!

3

تەنھا سەن،
تەنھا قالغان غېرىب سىپدىدەك
باھار كەزگەن مۇڭلۇق كۆلبىدە.
يوق گۈلۈڭ،
جەننەت پەرىشتىسى ئېپكەتكەن ئۇنى.
يوق دادا
ئوتتۇز يىل
ئاسمىنىڭغا نۇر بەرگەن ھىلال
شۇندىن بېرى يۈرىكىڭ
سېنىڭ ئەمەس،
ھەسرەتلەردە لەيلەپ قالغان سال.
ئەزىز ئاتىجان!

4

تەنھا سەن
شاخلىرىڭنى توزانلار باسقان،
جىسمىڭ ئەمەس قەلبىڭمۇ
تۇمانلاشقان،
ئۆتسەڭ ھەر قېتىم
چوڭ يولغا ياندىش توپراق بېشىدىن،
كۆزلىرىڭ
قەبرە تامان قارىيالماس،
دۇئالىرىڭ
بىر-بىرىگە قولاشماس،
زىمىستاندا تىترىگەن قولدەك...
نېمىندۇر شىۋىرلايسەن،
ئۇنۇڭ چىقماس!
ئۈنىڭ چىقماس!
سەكراتتىكى بىماردەك.
ئاق دىل ئاتىجان!

5

كۆرسەڭ، باھارنى، يازنى،
بىللە كۆرگەن
كەچكۈزدىمۇ گۈللىرى بىلەن
بىللە يۈرگەن
بوۋاي-مومايىنىڭ

جامالىغا كۆچكەن قۇياشنى.
سېنىڭمۇ شۇلاردەك ماڭغۇڭ كېلىدۇ،
كۈلگۈڭ كېلىدۇ.
قىزنىڭ ياكى ئوغلۇڭنىڭ
ئۆيلىرىگە بارغۇڭ كېلىدۇ.
ئەركىلىتىپ نەۋرىلىرىڭنى،
تاتلىق - تۇرۇم بەرگۈڭ كېلىدۇ.
خاپا قىلىپ قويسا باللار
قىزىق - قىزىق چۆچەكىڭ بىلەن
كۆڭلىنى شۇندا ئالغۇڭ كېلىدۇ.
بىراق ماڭالمايسەن،
چۆچەكلەرنى سۆزلىيەلمەيسەن ھەم.
قېنى،
قېنى،
ئاشۇ كۈلكىلەر؟
ئاشۇ چۆچەكلەر؟
ئىزلىرىڭ
مانا بۈگۈن
كۈلكە بولۇپ،
چۆچەك بولۇپ
سېنى ھامان ئىزدەپ يۈرىدۇ،
باغرىم ئانىجان!
باغرىم ئانىجان!

## دۇنيا

بىر قارىسام
نەۋائى ھەم شىرازىنىڭ
قەلىمىدە تاماملانغان شېئىرسەن.
بىر قارىسام
تېخى قىزلار گۈل چەكمىگەن،
نەزەرلەردىن يىراق قالغان بوز يەرسەن.
بىر قارىسام
ئەسىرلەرنىڭ توزانىغا كۆمۈلگەن،
ئۆتكەن تارىخ، دەۋرلەردىن ھېكايەت،
بارخانلارنىڭ تەكتىدىكى ھېجىرسەن،
بىر قارىسام
ئەلمىساقتىن تا ئىنسان،
سېنى ئىزدەپ يۈرگەن ھامان سەپەردە،
ئەقىل يەتمەس پىنھاندىكى گۆھەر سەن.
بىر قارىسام
ئاماننىسا ساتاردىن —
كۆي ئەۋجىدە ئۈزۈلگەن بىر زىلتارسەن،
بىر قارىسام...
ھەي دۇنيا!

## ئادەملىكىم سوئال ئۆزۈمگە...

ئاھ مەن كىم ئىدىم
مەن بولدۇم قاچان
قارىسام گاھىدا ئوخشاپ ئۆزۈمگە،
گاھىدا ئوخشاپ بىرىگە
گاھىدا ئاللىكىملەركۆلەڭگىسىگە...
ئاھ مەن كىم ئىدىم
مەن بولدۇم قاچان؟
مەنلىكىمنى تارتىپ ئالدى كىم؟
مەنلىكىمنى يوقاتتى كىملەر؟
ئاھ مەن كىم ئىدىم،
مەن بولدۇم قاچان؟
ئويلىسام
مەنلىكىم بوپتۇ تېپىشماق،
ئادەملىكىم سوئال ئۆزۈمگە...

خۇدابەردى روزى

## ئىككى غەزەل

1

قىلىپ ئۇستاز پىداكارنى سەپەرلەر باشلىسام دەيمەن،
ئورۇنسىز خام ـ خىيال ئىچرە بىكار يەپ ياتمىسام دەيمەن.
ئۆتۈپتۇ نەچچە ئون يىللار يوگەنسىز ئەركە تايچاقتەك،
بوگۈن تولپارغا مىنگەندە ئىگىز ـ پەس چاپمىسام دەيمەن.
بالام بولغىن يارامىلىق دەپ ئانام سايرايتتى بولبولدەك،
ئاشۇ غەمخان قەدىردانىنىڭ سۆزىنى ئاقلىسام دەيمەن.
سايالىق دەردىنى تارتتىم ھاياتتا يەتكىچە ئەمدى،
تىپىپ ئەقلىم تۈپۈق يولغا قەدەملەر باسمىسام دەيمەن.
تۇتۇپ ئۆتتۇم تالاي دوستنى، شاپائەت كۆرمىدىم زىنھار،
ئاشۇ ئارسىز ۋاپاسىزغا ئىشىكلەر ئاچمىسام دەيمەن.
ھالال ئەمگەك ھاياتىمدۇر ھامان جانىمغا جان قوشتى،
بېرىپ راھەتنى خەلقىمگە جاپادىن قاچمىسام دەيمەن...

2

دەۋر، تېزرەك ماڭاي مەنمۇ سېنىڭ كەينىڭدە قالغۇم يوق،
ھاياتىم مەنىلىك ئۆتسۇن بولەك ئوتلاردا يانغۇم يوق.
ھالال ئەمگەكنى يار ئەتتىم يېمەسمەن ھېچ ھارام لوقما،
غادايتىپ ئەلگە بوينۇمنى، قۇرۇق دۇمباقنى چالغۇم يوق.
ئارام تاپمايدۇ بۇ كۆڭلۈم كويۇمنى سۆيمىسە ئەل ـ يۇرت،
شۇڭا ئارتۇقچە كوز ـ كوز قىپ چۇۋۇق يايمانى يايغۇم يوق.
ئۆزۈڭ چىللاپ جىمى ئەلنى سەپەرگە سەن قاتار قىلدىڭ،
سېنىڭسىز تەمتىرەش بەرھەق، قاراپ ھاڭلارغا ماڭغۇم يوق.
يېتەر بەڭباشلىقىم ئەمدى، بىھۇدە ئۆتتى كوپ ۋاقتىم،
ئەقىل تاپتىمكى، ھارۋامنى قارا پاتقاققا سالغۇم يوق.
يورەكتە ئوت، كۆزۈم روشەن، بوگۈن دوستۇم ئىجاد، دەۋرى،
تەۋەككۇل دەشتىدە قاڭقىپ، بىكارچى نامنى ئالغۇم يوق...

نۇردۇن ئىبراھىم

## پارچىلار

ئاھ كۆزلەر ئەسلىمنى كۆردۈم سېنىڭدە،
چۆلنىمۇ باغ دېدىم، سۆيدۈم سېنىڭدە.
ھېكمەتتە ئۇتتىمۇ ئۆرتەر ئىدىم مەن،
تەپتىڭدە ئۆرتەندىم، كۆيدۈم سېنىڭدە.

* *

يوقلۇقتىن بار قىلدى سېنىڭ كۆزلىرىڭ،
يۈرەكنى نار قىلدى سېنىڭ كۆزلىرىڭ.
كۆزنى دەپ كۆز ئاچقان ئىدىم دۇنياغا،
كۆزلەرگە زار قىلدى سېنىڭ كۆزلىرىڭ.

* *

داغگالىغا ئوخشايدۇ كۆزى يوق دۇنيا،
كۆزنى ئاچالماس ئۆزى يوق دۇنيا.
بارلىققا يېقىن تۇر، يوقلۇقتىن نېرى،
جىلۋەڭدىن ئايرىيدۇ سۆزى يوق دۇنيا.

* *

ئەمالىق جانغا زىق، روھلارغا جەبرى،
روھ بىلەن سىغىشماس ئەمالىق دەردى.
زەررە نۇر بولغىنىم ئەۋزەلدۇر كۆزگە،
ئالچىغان ھېسلارغا بولغىچە تەگرى.

* *

بىلمىگەن ھېكمەتنى بىلدۈرگەن ئۆزۈڭ،
كۈلمىگەن ئىدىم مەن كۈلدۈرگەن ئۆزۈڭ.
كايىما رەنجىسەم كۈلكىلىرىڭدىن،
دەل ئاشۇ كۈلكىدە ئۆلتۈرگەن ئۆزۈڭ.

* *

ئېيە پەلەك كۆزۈمدە دۇنيا ياراتتىڭ،
دۇنياغا خاس گۈزەل بەرنا ياراتتىڭ.
رەنجىمە، مەستلىكتە يۇلسام تىككەننى،
مېنى مەست، كۆزۈمنى رەنا ياراتتىڭ.

* *

ئاھ كۆزلەر مۇگلانما ئامەت سېنىڭدە،
جانغا تىنغ بولساڭمۇ راھەت سېنىڭدە.
ھايات بىر جىلۋىدۇر، سەن ئاڭا ئەينەك،
جىلۋىلەر ئاپقۇسى قامەت سېنىڭدە.

نۇرمەھەممەت سايىم

## ئۈچ شېئىر

### ۋىسالسىز سۆيگۈ

بولۇپ باھاردىكى بۇلبۇلدەك مەستخۇش،
ئالۋۇننى بېغىم دەپ كىرگۈم كېلىدۇ.
يېقىلسام دەشتىكە ماجالسىز ـ بىھوش،
روھىمنى خىيالىم ھەمراھ قىلىدۇ.

ھۆسنىڭ ئاي، جىسمىڭ بىر خرۇستال ئەينەك،
چوشۇمدە، ئوگۇمدا نۇرلار چاقنىتار.
تومۇزدا كۆيمىگەن بەرداشلىق يۈرەك،
تەپتىڭدىن قىشتىمۇ يالقۇن تارقىتار.

نېچۇنكى، يارقىن سىن، پەرى سىيمادا
ئەڭ ئاۋۋال ئورنىدىڭ كىرىپ يۈرەككە.
گۇۋاھتۇر قۇياش ۋە تەگرى، دۇنيادا،
رايىم يوق، مەيلىم يوق سەندىن بۆلەككە.

ئۈمىدتە، ئازابتا تۇمانلىق كەچكۈلۈم،
ئاز ئەمەس ھىجرىڭدىن مەن تارتقان جاپا.
بىلمىدىم شۇنداقلا ئۆتەرمۇ ئۆمرۈم،
ياق دېمەي ياكى سەن كۆرسەتمەي ۋاپا؟

## گۈزەللىك شاھىسەن، جىلۋەڭ نۇرانە

باھاردىن گۈزەللىك تالىشىپ جانان،
مەجنۇنتال سېكىلەك سالدىڭ چېچىڭغا.
ئاي خىجىل بولغۇدەك رۇخسارىڭ تۇرۇپ،
نە ھاجەت كۆك ئۇسما قەلەم قېشىڭغا؟

چىرايلىق مەن ئۈچۈن ئالەمدە سەنلا،
مەجنۇندەك دەشتلەردە قىلما سەرسانە،
بولدى بەس، ئارتۇقچە بېرىلمە رەڭگە،
گۈزەللىك شاھىسەن،
جىلۋەڭ نۇرانە...

ياسىنجان ئىبراھىم

## مۇھەببەت — چوققا

مۇھەببەت بۇ سۆزدۇر بىر نەچچە بوغۇم،
ھەر بوغۇم ۋەزنىدە باردۇر مىڭ ئۇقۇم.
ھەر ئۇقۇم ۋەزنىدە كائىنات — دۇنيا،
چايقىلار ھۆسنىدە خۇشلۇقۇم، زوقۇم.

* *

مۇھەببەت قالمىسۇن ھىجران دېغىدا،
قۇچاقلا، سۆي ئۇنى ۋاپا بېغىدا.
چىن سۆيگۈ تاللايدۇ مەردنى — نامەردنى،
بىر يۈكسەك چوققا ئۇ ئۆمۈر تېغىدا...

## غەزەللەر

1

چۈشۈمگە ھەر كېچە كىردىڭ نىگار، قەدرىڭ ئۆتۈلگەندە،
نېمە دەي ئازدۇرۇپ تەقدىر ئېغىر قىسمەت پۈتۈلگەندە.
كۆزۈمنى ھەر قېتىم ئاچسام چۈشۈمدىن قايغۇنى يۈكلەپ،
پىغانىمنى تۆكەر بۇلبۇل بېغىمدا تاڭ سۈزۈلگەندە.
تىقىپ ئۆتكەندە نەشتەرنى شۈۋىرغان ھۇشقىتىپ ياندىن،
باھارنىڭ قەدرىنى بىلدىم چېچەك، ياپراق تۆكۈلگەندە.
ئۆكۈنگەنتىڭ سۇنۇپ قەلبىڭدىكى چىن سۆيگۈدىن بىر ساز،
قوپال بارماقلىرىمدا تارلىرى بىر - بىر ئۈزۈلگەندە.
تۇغۇلسام قايتىلاپ دەيمەن ئۆمۈرلۈك دەرد - پۇشايماندىن،
بەختنى ئاختۇرۇپ شېرىن خىياللارغا سۆيۈلگەندە.
نېتەي، يانمايدۇ ئاتقان ئوق، ئۆكۈنمەك ئاڭا ئارتۇق يوق،
كېلەرمۇ قايتىلاپ كەتكەن ۋىسال، قەددىم پۈكۈلگەندە.
ماقال بار: «نائۈمىد - شەيتان»، بۇ ھېكمەتنى چۈشەن ياسىن،
تاپارسەن توغرا يول — ئىقبال، خاتالارغا ئۆكۈنگەندە...

2

ئەگەم رىسقىنى كەم قىلسا ئېشىمدىن ئىزدىگەنلەر كۆپ،
ئۆچۈپ كەتكەن ھۇماسىنى بېشىمدىن ئىزدىگەنلەر كۆپ.
قۇرتلۇق روھ كۆلى ئىچرە ھەسەت ئۈزسە، گۇمان ئۈزسە،
يوقاتقان كۆلكىسىنى كۆز يېشىمدىن ئىزدىگەنلەر كۆپ.
يېرىلسا گەر بېشى كالتەك بىلەن، يۈتكەن قىساسىنى،
مېنىڭ شەيتانغا ئاتقان بىر تېشىمدىن ئىزدىگەنلەر كۆپ.
پىلىك تاشلاپ زىمىستانغا جۇۋىدا ئۈزلىرى تەرلەپ، —
كېزى كەلسە ھارارەتنى بېشىمدىن ئىزدىگەنلەر كۆپ.
ئۆلەي مەن دەرد چېكىپ مەيلى ھامان ئادەمچە خىسلەتتە،
ساۋابلىق بولسىلا قەبرە تېشىمدىن ئىزدىگەنلەر كۆپ...

3

كۆزۈك ئالدانسا ئالۋۇنغا چىغىر يول چۆلگە تاشلاتقاي،
بېغىڭنى ئىزدىتىپ قاەقاقسىمان ھەر يان شاپاشلاتقاي.
بوران قۇم - كەلكۈنى سەن ئىزدىگەن يوللارنى يەم قىلسا،
ساڭا بەزەنلەر بارخاننى قىلىپ مەبۇت باغاشلاتقاي.
قېنىڭ رەڭگىدە يۇلغۇندىن تېپىپ بىر تال چېچەك قىسساڭ،
زارىققان ئارمىنىڭ شاخلايدىغان باغلارغا باشلاتقاي.
تىگەك كولدۇرمىسىغا گەر يەنە خورەكنى جور قىلساڭ،
ئىزىڭدىن ئەگىشىپ سايە ئۈزىنى گاھ ھاپاشلاتقاي.
ئۆزۈڭنى ئىزدىگىن كۆكتىن چاراقلاپ يانسا يۇلتۇزلار،
راسا نۇرلانسا چولپانىمۇ كۆرۈپ بۇ ھالنى تاڭ ئاتقاي...

4

يۇلتۇزۇمنى ئىزدىسەم كۆرمەي يىراقتا، دەيدۇ كىم،
گۈل ھىدىمنى قىردىكى ئەمەن - قىياقتا، دەيدۇ كىم.
قايدا گۈلخان، قايدا مەشئەل ئىزدىدىم تۈندە ھامان،
بەختىنى پەرۋانىنىڭ ئۆچكەن چىراغدا دەيدۇ كىم.
دولقۇنىم ساھىلغا گاھى چاچرىتار ئاچچىق شىبنەم،
قاپتۇ ئىگراپ، زارلىنىپ دەردۇ پىراقتا دەيدۇ كىم.

نېمە بار ھەسرەت - پىغاندا بەلكى كۆز ياشتىن بۆلەك،
ئۆزسە ياشتا قولۇقىم ئۆتقاي سىناقتا دەيدۇ كىم.
ھىدلىماي روھىمنى باغدا ياشنىغان گۈل - غۇنچىدىن
ئارمىنىمنى چۆلدىكى بەدبۇي شىۋاقتا دەيدۇ كىم.

ئابدۇكېرىم ئەھەت

# ئۈچ شېئىر

## ئېرىشكەي زور شەرەپ - شانغا

بەخت ھەر جايدا يار بولغاي بىلىم يولدا ماڭغانغا،
ئىلىم - ئىرپانغا پەرۋانە بولۇپ، ئىشقىدا يانغانغا.
بىلىم مەنبەسىنى گويا گۆھەر كانىغا ئوخشاتساق،
ئۇنىڭكى بايلىقى پۈتمەس جاھاننىڭ خەلقى قازغانغا.
بىلىمدىن دىلنى يورۇتقان نىشاندىن ئازمىغاي ئەسلا،
بىلىمسىز كۆرسىتەلمەس يول سەپەردە يولدىن ئازغانغا.
دېگەن بىر مويسىپىت دانىش: بىلىمسىزدىن تۇمەنمىڭنى
قىلىشقا بولمىغاي نىسبەت بىلىملىك بىرلا ئىنسانغا.
ئەسىرلەردىن بۇيان مەردلەر نادانلىق دەردىنى تارتتى،
ئېگىلدى بەزىلەر ھەتتا ئۆلۈم ھۆكمىنى يازغانغا.
ئۆزۈك بىلمەي بىلىمداردىن شىكايەت ئەيلىسەڭ دادلاپ،
كۆرۈپ ئەرزىڭنى قوشناڭمۇ سانار بارىنى يالغانغا.
ئىلىم — پەندە قورالانغان كىشى ھەر جايدا غالىبتۇر،
ئېرىشكەي تۆھپىدە مەھەۇد، يۈسۈپتەك زور شەرەپ-شانغا.

## دوستلۇق

بىخەتەر بولماس سەپەر بۇ يولدا يولداش بولمىسا،
بولسىمۇ يولداش ۋە لېكىن ساڭا سىرداش بولمىسا.
چۆل - جەزىرە، تاغ - داۋانلار ئاشمىقىڭ ئەسلا قىيىن،
مۈشكۈلاتلار ئالدىدا ھەمدەم يۆلەكداش بولمىسا،
دوست - ئىناقلىق گۈلشىنىدە بەرق ئۇرۇپ گۈللەر ھامان،
ئۇۋەن ئېزدەپ بىر - بىرىدىن مەخپىي باپلاش بولمىسا.
مەن ساڭا بەردىم مېھىر دەپ سول قولدا باش سىيلاپ،
تۆرگە چىقسا دوستلىرى پەگاغا تاشلاش بولمىسا...

## تەكەببۇرغا

ئەجەپ مېنى سەنىلدىڭ،
تېرىكتىڭغۇ سەن دېسەم.
نىچۈن مەندىن رەنجىيسەن،
سەن دېگەننى مەن دېسەم.

ئويلىدىڭمۇ بۇرادەر:
مەن ئېگىزدە، سەن پەستە.
تۈزىتىۋال ئۆزۈڭنى،
سەن قانچىلىك دېمەستە...

دىلشات ئابلىز

# شېئىرلار

## ھايات

كەڭلىكتە ئەگىپ يۈرەر دەرد - بالا،
كۆزى يوقۇ، ئادەملەرنى تونۇيدۇ.
قاتلاپ قويۇپ ئەسىرلەرنى نەچچە تەڭ،
بەندىلەرنىڭ جانلىرىنى يونۇيدۇ.

ھەر بەندىنىڭ جانلىرىنى يونسا،
ياپراقلىرى قالار مۇڭلۇق شۇۋىرلاپ.
قىسمەتلەرنىڭ قىستاڭىدا ھاياتنىڭ،
بارماقتىدۇر ۋەزنى تاغدەك ئېغىرلاپ...

## بەدەل

خىياللار چوڭقۇرلۇقىدا تىرىك ئىدىم مەن،
ۋە لېكىن دوقاللار باراتتى تاسقاپ.
ياشايتتىم ياشاشنىڭ شېرىنلىكىدىن،
ۋە بەزەن قالاتتىم يوللاردا ئاقساپ.

ۋە بەزەن قالاتتىم يوللاردا ئاقساپ،
ئۆزۈمچە مۇڭلىنىپ قاقشىغاندا جان.
ئەپسانە توقۇيتتىم ئۆزۈمگە ئۆزۈم،
ۋە تىنىماي پىچىرلاپ قىلاتتىم بايان.

ئۇچاتتى كەڭلىككە شوق تىنىقلىرىم،
كەتكەندەك قىدىرىپ ئۆزىگە دەرمان.
تەۋەككۇل ئەيلىسەم، شۇ تەۋەككۇلۇم،
قىلدىغۇ دۇنيانى ئىلكىمدە ئايان!

## قىسمەت ئالدىدا

غەملەر سىقىپ كۆرەركەن سېنى،
دەۋرەپ تۇرغان دەمدە بۇ ھايات.
قىسمەت چېكىپ بىلەركەن شۇنى،
تىرىكمۇ سەن يا ئۆلۈك، ھەيھات!

غەم ئىلكىدە ئۆلدۈم نەچچە رەت،
ئاجىزلىقتىن بېسىپ دەھشەت سۇر.
تىرىكلىكتىن ئاچتىم يېڭى بەت،
مېھىر يۇدۇپ چاپچىسام مەغرۇر.

تۆلەندى ئەزىم

# ئىككى شېئىر

## تاڭ نۇرى رەڭ بەرسە قەلبىڭگە

كۆرۈمەن ھەر ئاخشام خانەڭدە تەنھا،
جىلۋىسى كۆزنەكتە قاتقان چېھرىڭنىڭ.
قەلبىڭدە جۇدۇنلار تۇرسىمۇ ھۇۋلاپ،
ئۆچمىگەن تەپتى ھېچ ئىللىق مېھرىڭنىڭ.

تۇرسەن سېھىرلەپ قويغاندەك تىمتاس،
قادىلىپ كۆزلىرىڭ بىرلا نۇقتىغا.
قەلبىڭدە غەزەپ بار ياكى سېغىنىش،
كىم سېنى كۆيدۈرگەن مۇنچە ئوتىدا؟

بەزىدە كۆزنەكتىن بېقىپ ساماغا
قارايسەن شۇ يىراق يۇلتۇزلار تامان.
بەختىڭنىڭ يۇلتۇزى زۆھرەمۇ، ئۈكەر،
يا نۇرلۇق تاڭلارنىڭ ئەلچىسى چولپان؟

تاڭمىدى كۈتكىنىڭ، ئۆتتى تالاي دەم،
تاقىتىم تاق بولۇپ سېنى ساقلايمەن.
تاڭ نۇرى بەرسە رەڭ جىمىڭغا پۈتۈن،
قەلبىڭگە مەنمۇ ھەم تاڭ بوپ تارايمەن.

## ھايات

چېقىپ تۇخۇم، بولدى ئۈچۈم،
قىلدى پەرۋاز جىمى قۇشلار،
ئۈرۈپ يۈزنى، سۈردى بىرنى،
شوڭغۇپ كېلىپ باتۇر شۇڭقار.

بۆدىنىگە ماكان چاتقال،
ئەگىدى سار چوجىلىرىنى.
بۈركۈت قوندى تاغ ئۈستىگە
قاماللاشقا تۈلكىلىرىنى.

كۆككە ئۆرلەپ كۆردى لاچىن،
قالدى ئارمان چەككە يەتمەي.
سازغا مۇشتاق بولدى ئۆردەك،
كۆلدىن زىنھار مېھىر ئۈزمەي.

ئىككى قانات بىرلا چاڭگا،
ھەممىسىگە ئوخشاش ئۈدۈم.
قالدى پەيلەر ئۇۋىلاردا،
...ھايات دېگەن شۇنداق ئۇقۇم.

ئۆمەر مۇھەممەت

## ئارال

چۈشلىرىمگە سەھەرنى چىللاپ،
سىزىپ چىقماق بولغانتىم سېنى.
سىزىپ قويدۇڭ ئوماق جان قىلىپ
چۈشلىرىمنىڭ قېتىدا مېنى.

خىيالىمدا سەن بار، باھار بار،
ئوخشاپ قالدىم، قارايمەن ئۇزاق.
سۆيۈملۈكسەن — ئوماق قۇلۇلە،
چۈشلەر ماڭا ئاچقاندا قۇچاق.

زەڭگەر چۈشۈم، ئورمان، كەڭ ساما
ئارىسىدا كۈيلەيمەن سېنى.
چۈشلىرىمدە ئېپار ھىد سابا،
ئانا بولۇپ ئەللەيلەر بىزنى...

كۆزلىرىمدە شۇئىرلايدۇ تالڭ، يۈرىكىمدەك چىرايلىق شەپەق
ئاسمان بىلەن زېمىن كۆكسىدىن. يوللىرىمغا تاشلار يوپۇقنى.
چۇشلىرىمدە چېقىلغان سۇكۇت، تۇنەپ قالار سۆيۈملۈك يۈرەك،
ئىزدەر مېنى قەلبىم قەسرىدىن. كۆمۈپ قويۇپ ساڭا ئۇپۇقنى

ئەمەتجان مەخسۇم.

# شېئىرلار

## سىرلىق مۇئەمما

مەن ئالەمگە باقتىم تەشۇىشسىز،
ئادەملەرگە ھاڭۇبقىپ ئەمما.
يالقۇنجىغان دىلدىكى قوقاس،
بۇ سەن ئۇچۇن سىرلىق مۇئەمما.

## مەن ۋە سەن

مەن ئۆزۈمنى
دېسەم: يۇمران بىخ.
سەن دېدىڭكى:
سەن خەتەرلىك مىخ.

## ياشايمەن ئادەمدەك

مەيلى سەن تاغلارنى ئۆرۈۋەت،
مەيلى مېنى ھاڭغا چۆرۈۋەت.

مەيلى بولۇپ رۇستەم سەن گويا،
مېنى خېمىر قىلىپ چەيلىۋەت.
ئىنسانمەن مەرد، سېخىي ھاتەمدەك،
ياشايمەن ئۆزۈمدەك — ئادەمدەك...

## نېمە سىر بار بىلمىدىم

يەڭچۇكمەكىن يۈرىكىم،
جادۇ كۆزۈڭگە.
رام قىلدىڭغۇ ئەقلىمنى
شېرىن سۆزۈڭگە.

نېمە سىر بار، بىلمىدىم
بىرلا سۆيدۈرۈپ،
بىر ئۆمۈرلۈك مەھلىيا
قىلدىڭ ئۆزۈڭگە.

قاسىم كېرىم.

# شېئىرلار

## ئۆمۈر بايانىم

قۇرۇپ قاقشالغا ئايلانغاچ مېنىڭ بۇ ھالۇ ئەھۋالىم،
زېمىندىن كۆككە ئۆرلەيدۇ تېشىپ پەريادۇ ئەفغانىم.
ھايات غەلىيانى قاغاقتەك مېنى سەرسان قىلىپ ھەر ئان،
ھاقارەتلىك تىنىقلاردىن ئەجەب ياڭرايدۇ دىل - زارىم.

مۇرادىم كۈلمىدى زىنھار تىلەككە ئوت كۆمۈلگەنمۇ،
مۇلاقەتتە شۇڭا كۆپرەك مۇشەققەت ھەمدە دىشۋارىم.
ئۆلۈككە ئوخشىغان روھسەن دىبان ئەيىب ئەتمە ئەي دىلبەر،
ئەگەر دە چىن بايان قىلسام، مۇڭ پۈركەيدۇ دىل تارىم.
ئاشۇ ئەھۋالدىمۇ ئاشنا بولۇپ بۇ سىرلىق ئالەمگە،
شۇ دۇنيا ئىچرە ئەجرىمەدىن كۈلەر سولماس گۈلىستانىم.

## ھەسرەت

(خىزمەت ئۈستىدە ۋاپات بولغان بىر دوستۇمغا)

تىترەتتى يۈرەكنى قـايغۇلۇق خەۋەر،
ماتەملىك يىغىدىن ئاڭلاندى چۇقان.
يىراقتا يول ئالدىڭ دوستۇم بىمەھەل،
ئۆرتەندى ئوت بولۇپ بۇ باغرىم شۇئان.

سۆكۈنات ئىچىدە قالدى يەر - زېمىن،
قايغۇدا ئېگىلدى بۇ مۇڭلۇق بېشىم.
ئاھ، نېتەي دەممۇ - دەم سىقىلار دىمىم،
تۆكۈلەر سەل كەبى دەردلىك كۆز يېشىم.

چېقىپلا ئۆچكەندەك گويا بىر چېقىن،
دۇنيادىن خوشلاشتىڭ قالدۇرۇپ يىراق.
خازاندەك تىترىدى بۇ خازان تېنىم،
قوينىغا ئالغاندا جىسمىڭنى تۇپراق.

پاك دىلىڭ، تاڭ كەبى نۇرانە چېھرىڭ،
قېپقالدى دىللاردا پارلىدى ھەيۋەت.
سەن ماڭغان يوللاردا مۇستەھكەم ئىزلار
يۇلتۇزدەك چـاقنايدۇ ئۆچمەيدۇ ئەبەد.

ئابدۇرېشىت قۇربان

## تىلەك

دۇنيادا قاي ئىنسان ئۆتۈپ تىلەكسىز،
مۇرادىنىڭ كۆكىدە پەرۋاز ئەيلىگەن؟
قاي شائىر چىن تىلەك پۈكمەي قەلبىگە
بولغان شاھ بارچىنىڭ ئىكرام تەختىگە،
كۈيىدىن چاقماقتەك كۆكنى تىترەتكەن؟!

تىلەكتۇر ئىنسانغا گوياكى قانات،
تىلەكتىن تۇغۇلار يېڭى بىر ھايات.
تىلەكتىن تاڭلاردەك كۈلەر ئەتىمىز،
تىلەكلەر ئىلكىدە قۇت ۋە بەختىمىز،
تىلەكتىن ناقاز گۈل زېمىن - كائىنات...

ئابباس ئاۋۇت

# دوكتورنىڭ كەشپىياتى

(ھېكايە)

تېلېفوننىڭ جىرىڭلىشى ئۇنى خىيال دەرياسىدىن سۈزۈپ چىقتى. ئۇ يوغان قورسىقىنى ئالدىدىكى شىرەگە تىرەپ تۇرۇپ تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قولىغا ئالدى. تۇرۇبكىدىن: «سىز ساقچى باشلىقى بولامسىز؟» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

—شۇنداق.

— ئۇنداقتا ياخشى، — دېدى قارشى تەرەپ، — مەن بىر ئىشتا سىز بىلەن ھەمكارلاشماقچى ئىدىم. ئېھتىمال بۇ ھەر ئىككىلىمىز كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ۋاقتىڭىز يەتسە گېن تۈزۈلۈشى تەتقىقات مەركىزىگە كەلسىڭىز، سىزنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە تەتقىقات مەركىزىنىڭ ئېلېكترونلۇق مەشغۇلات بۆلۈمىدە ساقلايمەن. سىز ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇدۇل تېلېفون كۇنۇپكىسىنى بېسىڭ. سىزگە رەھمەت.

تېلېفون ئۈزۈلدى. ساقچى باشلىقى ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن گېن تۈزۈلۈشى تەتقىقات مەركىزىگە چاقىرىلغانلىقىنى بىلەلمىدى. قارشى تەرەپنىڭ نام-شەرىپىنى سوراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ ئەجەبلەنگەندەك كېلەڭسىز مۈرىسىنى قىسىپ قويدى ۋە يۇمشاق كرېسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ، بىر تال تاماكىنى قېلىن لەۋلىرى ئارىسىغا قىستۇردى.

سائەت دەل ئۈچ بولغاندا ساقچى باشلىقى ئېلېكترونلۇق مەشغۇلات بۆلۈمىگە كىردى. ئۇ سۈت رەڭ كۆڭلەك ئۈستىگە قىزغۇچ كاستۇم-شىم كىيگەن، بوينىغا ئاق گالستۇك تاقىغانىدى. بۇ كىيىملەر ئۇنىڭغا ئالاھىدە سۈپەت بېغىشلىغانىدى. ئۇنىڭ سۈرلۈك خىزمەت كىيىمى كىيگەن ۋاقتىدىكى تەكەببۇر، رەھىمسىز تۇرقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. يقۇ سىرىغان قارا كۆزلىرىدىن تېخىچە ئەجەبلىنىش ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە خاس سالماق قىياپەتتە ئاستا قەدەم تاشلاپ تېلېفون يېنىغا كەلدى-دە، كۇنۇپكىنى باستى.

تېلېفون سۈرەت ئېكرانىدا سېمىز، گەۋدىلىك، تاقىرباش بىر كىشى كۆرۈندى. ئۇ ئۈستىگە قارا رەڭلىك كاستۇم-شىم كىيىپ سۇس يېشىل رەڭلىك گالستۇك تاقىغانىدى. ئۇ خېلى تېتىك كۆرۈنەتتى. كۆل رەڭ كۆزلىرىدىن جاسارەت ۋە سەمىمىيلىك، ئەقىل ئۇچقۇنى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ ساقچى باشلىقىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— ياخشىمۇ سىز ساقچى باشلىقى؟ سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە خۇرسەنمەن. مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ.

— رەھمەت، — دېدى ساقچى باشلىقمۇ بىلىنەر-بىلىنمەس تەبەسسۇم قىلىپ، — سالامەتمۇسىز ئەپەندى؟ نام-شەرىپىڭىز نېمىكىن؟ سىزگە قانداق ياردەم بەرسەم بولىدۇ؟ — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ يۇمشاق دىۋانغا چۆكتى.

— ئىسمىم تالىپ. گېن تەتقىقات

دوكتۇرى، — دېدى ئۇ، — سىز جىنايەتچىلەرنىڭ ئازىيىشىنى، مۇھەببەتكە تولغان گۈزەل جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى خالامسىز؟

— ئەلۋەتتە خالايمەن.

— ياخشى. سىز جىنايەتچىلەرنى تۇتۇپ تۇرۇپ جىسمانىيىتىنى ئۆزگەرتىسىز. مەن ئۇلارنىڭ ئورگانىزمىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق روھىيىتىنى ئۆزگەرتىمەن. بۇ جەھەتتە ئىككىمىز ئورتاقلىققا ئىگە. شۇڭا سىزنى، توغرا تاللىدىم دەپ ئويلايمەن. مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئادەملەردىكى گېن تىپلىرىنى تەتقىق قىلىپ كەلدىم. ئەمما تەجرىبىلەر تېخى يېتەرسىز. بەزى جىنايەتچىلەر بىلەن يۈزتۇرانە سۆھبەتلىشىشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. مۇبادا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشسەم جىنايەتنىڭ سادىر بولۇشىنى زور دەرىجىدە كونترول قىلغىلى بولىدۇ. سىزنىڭچە مۇمكىن بولارمۇ؟ ماڭا ياردەم بېرەرسىزمۇ؟ — دوكتۇر تالىپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ساقچى باشلىقىنىڭ جاۋابىنى كۈتتى.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بەك ياخشى بوپتۇ، — ساقچى باشلىقى بىردىنلا ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى، — جىنايەتچىلەر ئازايسا بىزمۇ ئارام تېپىپ قالاتتۇق. بىلەمسىزكىن، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز شۇنداق خەتەرلىك مۇھىتتا، ئالدىراشچىلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدۇ. بىز ساقچىلار جىنايەتچىلەرنىڭ ئازىيىشىنى ھەممىدىن بەك ئارزۇ قىلىمىز. قاراڭ، يېقىندىن بېرى جىنايى ئەنزىلەر كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ جىنايەت سادىر قىلىش ئۇسۇللىرىمۇ شۇنداق كۆپ ھەم مۇرەككەپ. تۈرمىلەر توشۇپ كەتتى. لېكىن جىنايەتچىلەر تۈگىگىنى يوق. ماڭا ياۋۇزلۇق، ۋەھشىيلىك پۈتۈن يەر شارىغا يامراپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. مەنمۇ ئۇزۇندىن بېرى جىنايەتچىلەرنىڭ روھىيىتىدىكى رەھىمسىزلىك ۋە شەخسىيەتچىلىكنى قۇرۇتۇۋەتكىلى بولارمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ يۈرەتتىم.

— بۇ تامامەن مۇمكىن، — دېدى دوكتۇر تالىپ روھلانغان ھالدا، — راست ئېيتىسىز، ئادەملەرنىڭ شەخسىيەتچىلىكى چەكسىز بولىدۇ. مۇشۇ چەكسىزلىك ئۇلارنى جىنايەت ئىچىگە سۆرەپ كىرىدۇ. بۇنىڭغا ئادەم بەدىنىدىكى گېن تىپلىرى سەۋەب بولىدۇ. گېن تىپلىرى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىگە قوماندانلىق قىلىدۇ. بىز بۇنى ئورگانىزمدىكى يوشۇرۇن گېنلارنىڭ ئاشكارىلىنىشىدىن، گېنلارنىڭ ناچار مۇھىتتا بۇزۇلۇشىدىن بولغان دەپ قارايمىز. ئاۋۋال بىز تۈرمىدىكى جىنايەتچىلەرنى تەكشۈرۈپ تەجرىبە قىلىپ باقايلى. ئاندىن بۇزۇلغان گېنلارنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئۆزگەرتىش دورىسىنى سىناق قىلىپ ئىشلىتىپ كۆرەيلى.

شۇ كۈنى تەكشۈرۈش باشلاندى.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئېلېكترونلۇق مېڭە ئارقىلىق بېسىپ چىقىرىلدى.

ساقچى باشلىقى دوكتۇر تالىپ بىللە نەتىجىلەرنى كۆرۈپ چىقتى.

— ھەمكارلاشقىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت، — دېدى دوكتۇر تالىپ سەمىمىيلىك بىلەن، — كۆرۈپ تۇرۇپسىز. ئەمەلىي ئەھۋال خەتەرلىك. ئىنسانلارنى جىنايەت بىلەن توشقان رەزىل دۇنيادىن قۇتقۇزۇپ چىقىش كېرەك. مەن ھازىر گېن تىپلىرىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش ياسىيالايدىغان — بۇزۇق گېنلارنى يوقىتىپ ياخشى گېنلارنى ساقلاپ قالالايدىغان بىر خىل دورىنى ياساۋاتىمەن. ۋەدە بېرىمەنكى، بۇ دورىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. جىنايەتچىلەر قايتا جىنايەت سادىر قىلمايدۇ. پاكلىق، ئاق كۆڭۈللۈك، سەمىمىيلىك، مېھىر - مۇھەب-

بەتكە تولغان بىر گۈزەل جەمئىيەت بەرپا بولىدۇ. دورا سىناقتىن ئۆتكەندە قوللىنىپ باقارمىز.

ساقچى باشلىقى خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي دوكتورنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

— مەن ئىشىنىمەن. سىز چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىز. يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىسىز. دۇنيانىڭ گۈزەل ئىستىقبالىنى تەسەۋۋۇر قىلىش كىشىنى هاياجانغا چۆمدۈرىدۇ، — ساقچى باشلىقىنىڭ بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن مەمنۇنىيەت ئىپادىسى چاقنىدى، — مەن سىزگە ئاخىرىغىچە هەمكارلىشىشنى خالايمەن دوكتۇر ئەپەندى.

ساقچى باشلىقى دوكتۇر بىلەن خوشلىشىپ گېن تەتقىقات مەركىزىدىن ئايرىلدى. ئۇنىڭغا كوچىلار شۇ قەدەر ئاۋاتلاشقاندەك، ئادەملەر شۇ قەدەر سەممىي، ئوماقلىشىپ كەتكەندەك، سالقىن شامال مەززىلىك گۈل هىدلىرىنى تارقىتىپ يۈرگەندەك بىلىندى. ساقچى باشلىقىنىڭ روهى ناهايىتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. شەهەر هېچقاچان ئۇنىڭغا بۈگۈنكىدەك ئىللىقلىق تۇيغۇسىنى بېرەلمىگەنىدى. ئۇ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا ماشىنىدىن چۈشتى. شۇ ئارىدا يەنە بىر كۆلرەڭ ماشىنا ئۇنىڭ يېنىدا توختىدى-دە، ئېگىز، ئورۇق، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئادەم ماشىنىدىن چۈشۈپ ساقچى باشلىقىغا قاراپمۇ قويماي ئۇدۇل خىزمەت بىناسىغا قاراپ كەتتى.

— مۇئاۋىن ساقچى باشلىقى... هۇ... ئۆلگۈر... — ساقچى باشلىقى ئۆزىنى تۇتالماي ئېغىزىنى بۇزدى، — ماڭا قاراپمۇ قويمايسىنا، تۈفي... سېنىڭ هاكاۋۇرلۇقىڭغا...

هېلىقى ئادەمنىڭ قارىسى يوقالغان بولسىمۇ ساقچى باشلىقىنىڭ غەزىپى يەنىلا بېسىلمىدى. مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ كىچىككىنە ئىشلاردىمۇ ئۆزىگە يول قويمايدىغانلىقى، ئۆزى بىلەن زىتلىشىپ يۈرگەنلىكى ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچتى. گەرچە ئۇ مۇئاۋىن ساقچى باشلىقىنىڭ هەر جەهەتتىن ئۆزىدىن كۆپ قابىلىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بىراق بۇنى ئىنكار قىلاتتى. بۇ خىل «جەسۇر»لۇقنى ئۇنىڭدىكى هوقۇق تۇمارىنىڭ چوڭلۇقى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. ئۇ، بۇ رىقابەتچىسىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى غۇۋا هېس قىلدى.

ئۇ قايتىدىن ماشىنىسىغا چىقتى.

ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە نە دەل-دەرەخ، نە گۈل-گىياه، هەتتا شەهەردىكى مىغىلدىشىپ يۈرگەن ئادەملەرمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇ بىئارام بولغانسېرى ئۆزىنى باشقۇرالماي قېلىۋاتاتتى. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن گېن تەتقىقات مەركىزىگە يېتىپ كەلدى.

تېلېفون كۇنۇپكىسى بېسىلىپ سۈرەت ئېكرانىدا دوكتۇر تالىپ پەيدا بولدى.

— هۆرمەتلىك دوكتۇر ئەپەندى. سىزگە دەيدىغان ئەڭ مۇهىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن. ئەپۇ قىلىڭ. سىزنى بىمەزگىل ئىزدەپ كەلدىم، — دېدى ساقچى باشلىقى ئۆزىنىڭ كېلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، — بۇزۇق گېنلارنى يوقىتىپ، ياخشى گېنلارنى ساقلاپ قالالايدىغان دورىنى ياسىغىلى بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئەكسىنى — يەنە بىر خىل دورىنىمۇ ياسىغىلى بولامدۇ؟

— قانداق دورىنى دېمەكچى سىز ساقچى باشلىقى؟

— مەن... مەن دېمەكچىمەنكى، — ساقچى باشلىقى ئالدىرىماي دانىمۇ-دانە قىلىپ سۆزلىدى، — قان تەركىبىدىكى بارلىق ياخشى گېنلارنى بۇزۇپ، ئورگانىزىمنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان دورىنىمۇ ياساشقا بولامدۇ؟

— مۇمكىن، بىراق بۇنىڭ نېمە زۆ-
رۈرىيىتى بار؟ — دوكتۇر گاڭگىرىغان
قىياپەتتە سورىدى.
— شۇنداق بىر پەۋقۇلئاددە جىنا-
يەتچى بار دوكتۇر ئەپەندى. ئۇنى كۆن-
دۈرۈشمۇ، باشقۇرۇشمۇ تەس. ئۇ زادىلا
گەپكە كىرمەيدۇ. ئۇ بەزىبىر ئىشلار ئۈچۈن
يوشۇرۇن تۇسالغۇ ۋە خەۋپ بولۇپ
تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنى شۇ خىل دورا ئارقىلىق
ھالاك قىلىۋېتىش بىردىنبىر ئاقىلانىلىق...
سىز ماڭا ياردەم قىلارسىزمۇ؟
— ئۇ كىم؟
— بۇنى قەتئىي مەخپىي ساقلى-
سىز. ئۇ مۇئاۋىن ساقچى باشلىقى.
دوكتۇر تالىپ ھەممىنى چۈشەندى.
ئۆزى شۇنچە يىل ئىلىپ بارغان تەجرى-
بىسىنىڭ مۇنداق مەغلۇبىيەت بىلەن
ئاخىرلىشىشىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بۇ
زەربە ئۇنى چوڭقۇر سوكۇت قوينىغا
غەرق قىلدى. ئۇ ئىنسانلاردىكى جىنا-
يەتنىڭ مەنبەسى بولغان شەخسىيەتچى-
لىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر
سىڭدۈردى. ئاخىردا مۇنۇ ساقچى باشلى-
قىنى ئۆزى بىلەن ھەمكارلىشالايدىغان يار-
دەمچىسى قىلىپ تاللىۋالدى. بىراق، ئۇنىڭ-
مۇ ياخشى كېيىن تېپىلىرىنىڭ كاردىن چى-
قىپ، قەلبىگە شەخسىيەتچىلىكنىڭ ھۆكۈم-
رانلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كىم بىلسۇن!...
— چوقۇم ياردەم قىلىڭ دوكتۇر.
سىزگە تەييارلاپ قويغان نۇرغۇن سوۋ-
غام بار. سىز چوقۇم رازى بولىسىز.
دوكتۇر ياردەمچى تاللاشتا خاتالاش-
قانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلدى. ئۇ
تېنىگە پۈتۈنلەي شەخسىيەتچىلىك يامراپ
كېتىۋاتقان بۇ ساقچى باشلىقىغا ئېچىنىش،
ئۆكۈنۈش، ئۈمىدسىزلىك ۋە ھېسداشلىق
نەزىرىدە ئاخىرقى قېتىم قاراپ قويدى - دە،
تېلېفون سۈرەت ئېكرانىدىن غايىب بولدى.
ساقچى باشلىقىنىڭ سوئالى جاۋاب-
سىز قالدى. ئۇ تېگىشلىك ھالدا كېيىن تۈزۈ-
لۈشى تەتقىقات مەركىزىدىن قايتىپ چىق-
تى. ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ
ئۆزىچە خورسىنىپ قويدى ۋە «بىچارە
دوكتۇر. ئۇ ساراڭ بولۇپ قاپتۇ...»
دەپ پىچىرلىدى.

نىجات ئارىپ

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

# بىر قېتىملىق چۈش

(ھېكايە)

كېچىدە چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈم-
دە ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىنىڭ
قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان بىر كۈنى كەچ-
تە مەسىلىكتە يول بويىدىكى ئېرىقتا يىقى-
لىپ چۈشۈپ، شۇ ياتقىنىمچە توڭلاپ
ئۆلۈپ قاپتۇمىشمەن. ئەتىسى مېنى
يولدىن ئۆتكەنلەر كۆرۈپ قېلىپ ئۆيگە
خەۋەر قىپتىكەن، ئاكام، ئۇكام ۋە قو-
لۇم - قوشنىلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ تېۋۋا
خۇدايىم، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن،
دېيىشىپ مېنى ئېلىپ كېتىپتۇمىش.
بىزنىڭ ئۆيىمىز تاغنىڭ ئوتتۇرىسى-
دىكى ئاھالىسى ئىككى مىڭغىمۇ يەتمەيدى-
غان كان رايونىدا بولغاچقىمۇ ئۆلۈم خە-
ۋىرىم بىردەمدىلا ھەممە ئۆيگە يۈر كېتىپ-

تۈمىش. تونۇش - بىلىش، دوست - يارەنلەر كىچىككىنە ھويلىمىزغا يىغىلىپتۇ. ئۆي ئىچىدە ئانامنىڭ «ۋاي بالام، كۆزۈمنىڭ قارىسى بالام ئۇن گۈلۈڭنىڭ بىرى ئېچىلماي سولدۇڭغۇ بالام» دەپ يىغلىغان يىغىسى ئاڭلانغۇدەك. دادام بىلەن ئۇكام بېلىگە ئاق بەلباغ باغلاپ مۇڭلىنىپ ئولتۇرغۇدەك. ئاكام مەھەللىمىزدىكى بىرنەچچە ياش بىلەن يەرلىك كولىغىلى چىقىپ كېتىپتۇمىش.

چۈشتىن كېيىن يەرلىك پۈتكەن بولسا كېرەك، مېنى ئەتىگەندىن بېرى «بۇ دوۋزىخى ھاراقتىن ئۆلۈپتۇ، نامىزىنى چۈشۈرۈش راۋا بولماس» دېگەن ئىمام ئازراق پۇلنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئايەت ئوقۇپ مېنى سۇغا ئېلىپ، كېپەنلەپ تاۋۇتقا ساپتۇ - دە، نامىزىمنى ھويلىدىلا چۈشۈرۈپتۇ. جامائەت مېنىڭ تاۋۇتىمنى تالىشىپ كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا قاراپ مېڭىپتۇ ۋە ئۇلار مېنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىمنى يەنە بىر قېتىم ئېيتىشىپ يەرلىكىمگە قويۇپ، تۇپراق بېشىمدا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دۇئا قىلىپ، دادام، ئاكام ۋە ئۇكامغا تەسەللى ئېيتىپ قايتىپ كەتكۈدەك. مەن قاراڭغۇ گۆردە يېتىۋېرىپ ئىچىم پۇشۇپ، يەر ئۈستىگە چىقىپ ئۇدۇل ئۆيگە بېرىپتىمەن. ئاپام يىغلاۋېرىپ ھوشىدىن كېتىپتۇمىش. دادام بولسا ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇلارغا قاراپ ئۆزۈمنىڭ قىلغانلىرىدىن خىجىل بولۇپ تۇرسام ھويلىنىڭ ئالدىدىكى ئۈلپەتلىرىمگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇلار نېمىلەرنىدۇر دەپ كۇسۇرلىشىۋاتقۇدەك. مەن ئاستا ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ كېپىگە قۇلاق ساپتىمەن:

— قەييۇم يېقىننىڭياقى ھاراق ئىچمەي ياخشى ئادەم بولۇپ قالغانىدى، — دېگۈدەك نۇر ئاغىنەم.

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ تەستىقلىغۇدەك جالال.

— ئۆتكەندە باغدا ئىچىشكىنىمىزدە قەييۇم ئىچمىدى ئەمەسمۇ؟ ئۇلار پۈتۈنلەي يالغان گەپ قىلىۋاتاتتى. باغدا مەن مەست بولۇپ خۇدۇمنى يوقاتقىچە ئىچكەن تۇرسام. ئۈلپەتلىرىمنىڭ كېپىدىن زېرىكىپ ھويلىغا كىرسەم ھويلىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا يۇرت چوڭلىرىدىن ئىمام، مەزىن قاتارلىقلار مېنىڭ توغرامدا پاراڭ سېلىشىۋېتىپتۇمىش.

— قەييۇمجان يېقىننىڭياقى ياخشى ئادەم بولۇپ قالغانىدى، ھاراق ئىچمەي چوڭلارنى كۆرسە سالام قىلىپ يۈرەتتى. ھەي، شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ... — دېگۈدەك ئىمام.

— ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن، — دەپ كۇسۇلدىشىپتۇ ئۇلار.

مەن ھويلىدىن چىقىپ، بىز دائىم ھاراق ئىچىدىغان قاۋاقخانىغا بېرىپتىمەن، تۇۋا بىر پۆكۈنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدىغان سېمىز خوجايىن ئايال مېنىڭ قەرزلىرىمنى مەردلىك بىلەن كۆتۈرۈۋېتىپتۇمىش. قاۋاقتا ھاراق ئىچىۋاتقان بىرنەچچە زابويلار خوجايىن ئايالنى ماختاپ بولۇپ مېنى ماختاشقا ئۆتكۈدەك. مەن قاۋاقتىن چىقىپ ئىدارىگە بېرىپتىمەن. ئۇ جايدىمۇ خىزمەتداشلىرىم ياخشى كېپىمنى قىلىۋاتقۇدەك. مەن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەم ئۇ جايدىمۇ ياخشى كېپىم بولۇۋېتىپتۇمىش. مېنى دائىم تەنقىدلەيدىغان سېمىز باشلىقى:

— قەييۇم ھاراق ئىچمەي خىزمەتكە تولۇق قاتنىشىۋاتقىلى ئىككى ئاي بولغانىدى، بۇ جەرياندا بىرەر قېتىممۇ سەۋەبسىز ئىشتىن قېلىپ باقمىدى. خىزمىتىنىمۇ ياخشى ئىشلىدى، — دەۋاتقۇدەك. ئۇ مېنىڭ ئالدىنقى ئايدا يىگىرمەنەچچە كۈن خىزمەتكە

كەلمىگەنلىكىمنى، كەلگەندىمۇ ھاراق ئىچىپ كەلگەنلىكىمنى ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. ئىدارە باشلىقى ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ:

— ئۇنداق بولسا قەيىۇمنىڭ ئون ئىككىنچى ئاينىڭ مائاشىنى تولۇقى بىلەن ئائىلىسىگە بېرەيلى، بەلگىلىمە بويىچە يەنە تۆت ئايلىق مائاشى بېرىلىدۇ، — دېگۈدەكمىش. بەش يىل ئىشلەپ بىرەر ئاينىڭ مائاشىنى تولۇق ئالالمىغانىدىم.

مانا ئۆلگەندىن كېيىن تولۇق ئېلىۋاتىمەن. بۇرۇن يامان ئاتالغان بولسام ئۆلگەندىن كېيىن ياخشى ئادەم بولۇپ تەرىپلەندىم.

ھەي ئادەملەر، سىلەر مېنى بۇرۇنقىدەك يامان دەۋەرمەمسىلەر، بىراق ئۇلار مېنى يامان دېيەلمەيدۇ، چۈنكى مەن ئۆلگەن ئادەم تۇرسام.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

ئەركىن مەتمەمىن

## قارىچۇقتىكى چىغىريول

1

ئۇ ئاخىرقى كۆيلەرنى كىملەر ئېيتىپ تۈگەتكەن،
چۈشەر پەسىل تاللىماي خىياللارنىڭ قاسىرىقى.
تىلەكلەرنى دېڭىزغا سۆزلەپ بەرگەن ئەقىدە،
سىرغىپ چۈشەر كۆزلەردىن پىنھان چۈشنىڭ قالدۇقى.
كۆرمەي دېڭىز ئەكسىنى مۇساپىدە ئاۋارە،
غايىب بولدى قىيادىن مىليون دىلنىڭ چاقىرىقى.
ئالتۇن بېلىق بوۋايغا تىلەپ كەلگەن ياخشى چۈش،
تەنھا قالدى دېڭىزدا پۇلاڭلىدى قارمىقى.

2

بىر تاشلاندۇق خىيالنىڭ ئانىسىغا چاكارسەن،
چۈۋۈق روھنىڭ تاشلارغا سۆزلەپ بەردى ھېكايەت.
قارىچۇقلىرىڭ چېقىلدى قاتتىق نۇرنىڭ زەربىدىن،
ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ تەگرى قىلار شىكايەت.
سەن ناتونۇش ئۈنلەرنىڭ چاقىرىشىدا ئاۋارە،
ئىزلىرىڭدىن ئۈنمىدى بىراق شادلىق كۆلكىسى.

ئېزىپ قالغان قۇياشقا ئادرىسىمگىنى يېزىپ بەر،
تەنها كۆرگەن چۈشۈمگىنى باردۇ ئۇنىڭ بىلگۈسى.

3

ئولتۇرىدۇ بىر بوۋاي تـۇتەك باسقان كەپىدە،
هاسىسىغا سۆزلەيدۇ بەك قەدىمىي قىسسىنى.
تەڭرى كەبى يالغۇز ئۇ شېرىكى يوق دۇنيادا،
قارىچۇقىدا ئېرىتىپ چۈشەپ قالار ھېسسىنى.
شەيتان ئۇنى ئېپ كەتكەن يۇدۇپ يىراق جىلغىغا،
قان تۆكۈلگەن زېمىندىن پەيدا بولغان ئاچا يول.
ئېپ باقمىغان ھەتتاكى بىرەر قېتىم باغرىغا،
ئاجىز روھتىن تۆرەلگەن خىرۇستالدەك نازۇك قول.
چۈشلىرىدە كۆرمىگەن دوزاخ بىلەن جەننەتنى،
شەيتان ئۈچۈن تەۋەررۇك چىغىرىيولدەك خىيالى.
تەنهالىقنى دەپ قويساڭ يەۋېتىدۇ قارىچۇقى،
سۆڭىكىدىن ئۇنمىدى بىراق، ئۇنىڭ باھارى.

4

تەبەسسۇمىڭ سىرغىيدۇ لېۋىڭدىكى قىيادىن،
قارىچۇقىڭدىن چوڭ ئەمەس بىز ئىنتىلگەن ئۇ ئارال.
يەۋېتىدۇ چۈشلەرنى ئۇۋاق ناندەك كاپ ئېتىپ،
ئۇ ئاداققى خىياللار، ماڭا بەرمەي ھېچ ئامال.
سايىمىسمۇ ئۆچمىگەن يېتىم ئاينىڭ دېڭىزدىن،
يۇلغۇنلاردىن تامچىيدۇ كـۆزۈڭدىكى ياشلىرىڭ.
تاشلاپ قويدۇڭ چىغىرىيول گىرۋىكىگە تىلەكنى،
كىرپىكىڭدىن تۆكۈلدى مېھرى سۇنغان تاشلىرىڭ.
جەسىتىمنى ساتماق بوپ يايما ئاچتىڭ دوقمۇشتا،
باجگىر كەلسە يوشۇردۇڭ يۈرىكىڭگە يۈرەكسىز.
تۇرۇپ قالدىڭ قۇچاقلاپ يەنە قانـداق تىلەكنى،
يىغقىنىڭدا يايماڭنى غايىب بولدۇم دېرەكسىز.

5

كۆزۈڭدىكى قۇياشنىڭ كۆزۈڭدىمۇ ئۇپۇقى،
سېھىرلەنگەن چۈشۈڭنى ئېپ قاچتىمۇ نىگاھلار.

تىنىقىدىن يارالغان تەبىئەتكە تۆت پەسىل،
باھارىڭنى يەۋەتتى باش كۆتۈرگەن گىياھلار.
سېنى باشلاپ كەتتىمۇ قارىچۇقتىكى چىغىرىيول،
كۆزۈڭدىكى قۇياشمۇ ئۇپۇققا پاتتىمۇ.
لەۋلىرىڭدىن ئۆچمىگەن چۇشلىرىڭنىڭ سايىسى،
قارىچۇقىڭغا پاتمىغان قۇياش سېنى ساتتىمۇ.
ئادرېسىڭنى ئىزدىدىم قۇياشتىنمۇ سوراپ باق،
يولۇقمىدىڭ ئۆلۈمگە ئۇمۇ سەرسان يۈرىدۇ.
مۆكۈنگەنتىڭ قاياققا چۈشلىرىڭدىن ئىزدىدىم،
كۆزۈڭدىكى قۇياشنى كۆزۈم قاچان كۆرىدۇ؟

پەرھات كېرىم

## كۆلەڭگە

لېمە دەرسەن كۆلەڭگە «سەن ئۆزۈڭ كىم؟» دەپ سوراپ باقسام،
سۈرۈلسەڭ دالدا — پېنھانغا يولۇڭنى بىر توراپ باقسام.
قاچانكى مەن ئەقىل تاپسام، يېنىمدا سەن قارا سايە،
يېنىمدىن كەتمىدىڭ ئەسلا «يوقال» دەپ كۆپ جوراپ باقسام.
يىقىلدىڭ نەچچە ئازگالغا، يىقىتتىڭ شۇنچىنى سەنمۇ،
ئىزىڭ يوق ئاختۇرۇپ قانچە، يولۇڭغا جىق قاراپ باقسام.
سېنىڭدىن مىڭ بىزار بولغاچ، بازاردا يىتتۇرۇپ كەلسەم،
شىپىرلاپ ئاڭلىنار شەپە، يېنىمغا سىنچىلاپ باقسام.
بوۋامدىن بىر قەپەس قالغان، غۇرۇردىن مىڭ توساقى بار،
يولۇڭدىن يالتىيارسەنمۇ شۇنىڭغا بىر سولاپ باقسام.

ئابدۇغېنى سېيىت

# غەزەللەر

## كەل

كەل يىگىت، شاد قىزلىرىم مەكتەپ ئىلىم - ئىرپانغا كەل،
كەل، سەبىي دىل مەشئەلى تۈندە چىراغ چولپانغا كەل.
ئال بىلىم بۇ مەرىپەتنىڭ باغچىسىدا كەڭتاشا،
يولدا پۇت، كۆكتە قانات، قۇدرەت بېرەر جەۋلانغا كەل.

تەلمۈرۈپ كۈتكەن چېغىڭ كەلدى، ۋۇجۇدۇڭ يايرىدى،
قىل ئىلىم تەھسىل، تىرىش، بۇ باغچىغا ــ بوستانىغا كەل.
سەن خۇشال، ئەجداد خۇشال، تەكتۈشلىرىڭ ئەۋلاد خۇشال،
ئۆزىنتار ئاق يول تىلەپ بۇلبۇل ئارا خەندانىغا كەل.
بىلمەن قەلبىڭدە بىر بايرام ھېسى قايىنام ياسار،
دەۋرىمىز ئىمكان بېرىپ يەتتىڭ بۈگۈن ئارمانىغا، كەل.

## ئاشىقمەن

قارايمەن باغقا زوق ئەيلەپ، نېچۈن گۈلزارغا ئاشىقمەن،
ئاشۇ گۈلزاردىكى غۇنچە سۆيەت گۈليارغا ئاشىقمەن.
گۈزەللىك ئىشقىدا قەلبىم گوياكى سۆيگۈ گۈلخانى،
ياراتقان «جەننەتۇل مەئۋا» ھۆرى گۈلنارغا ئاشىقمەن.
مۇجەسسەممىش جىمى ئالىي سۆيەت، خىسلەت پەرىشتىگە،
گۈزەل، پاكلىق پەرىشتىسى ئۇماق دىلدارغا ئاشىقمەن،
ۋەتەن قىلسا خىتاب بىللە كېسەرمىز تاغنى بىستۇننى،
جەسۇر پەرھاد ۋاپادارى شېرىندەك يارغا ئاشىقمەن.
كىرەرمىز ئوتقىمۇ بىللە پۈتۈشكەن ۋەدىمىز شۇنداق،
نىگارى ئەھدىگە سادىق سىرى ئىنزھارغا ئاشىقمەن.

## كۆيگەنمۇ

چىرايىڭ زەپىرەڭ دوستۇم، ئۆزۈڭ ھىجراندا كۆيگەنمۇ؟
ۋۇجۇدۇڭ ئوت، يۈرەكىڭ ئوت ۋە يا گۈلخاندا كۆيگەنمۇ؟
يېقىپ باغرىنى ئاتەشكە كۆيۈش پەرۋانىغا راھەت،
ئاشۇ پەرۋانىدەك ئەل - يۇرت غېمى ــ ۋولقاندا كۆيگەنمۇ؟
يېغى كەلگەندە ئەل - يۇرتنىڭ بېشىغا قارا تاغ يەڭلىغ،
ئۇنى توسماققا كۆكسۈڭنى كېرىپ مەيداندا، كۆيگەنمۇ؟
دەرىخا، ئوق ئىزى، تاتۇق غەيۇر جىسمىڭ، زىنناقىڭدا،
بېشىڭدىن تەلۋە دۈشمەننىڭ ئوقى ئۇچقاندا كۆيگەنمۇ؟
كى مەشۇق تاۋى ئۆسمەدۇ سېنىڭدەك جەڭچى پالۋاندىن،
شۇ سۆيگۈ بەھرىدە يايراپ زەپەر قۇچقاندا كۆيگەنمۇ؟

## ئالدىراپ

توخۇچە ئەپتىك تۇرۇپ لاچىنچە ئۇچتۇڭ ئالدىراپ،
ئايرىماي دۆڭ، پەسنى ھەم ئازگاللغا چۈشتۈڭ ئالدىراپ.
كەلسە ئىش ئوڭدىن ئەگەر پاتماي تېرەڭگە غادىيىپ،
«مەن ئاكاڭ قارىغاي» دېدىڭ، شادلىقمۇ قۇچتۇڭ ئالدىراپ.
قاتىردىڭ تار خالتا كوچا ئىچرە شۇنچە بىئارام،
پەللىگە يەتمەستىلا داق تامغا ئۇستۇڭ ئالدىراپ.
ئىشىنىپ قۇشقاچ بېشچە بىر ئەمەل بەرگەنتى يۇرت،
قالدى پاتماي كوچىغا ئەۋلادى - پۇشتۇڭ ئالدىراپ.
دوستلىرىڭ تارتسا پېشىڭنى، سىلكىدىڭ ئاچچىقلىنىپ،
ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنۇپ، توڭگۇلدى مۇشتۇڭ ئالدىراپ.
ياغدى ئۇستۇڭدە شىكايەت، تەنلەر يامغۇر كەبى،
كەتتى ئازلاپ كۇنسېرى ھەرياندا دوستۇڭ ئالدىراپ.
ئاقىۋەت تارتىپ زىيان ئاھ... دەپ ياقاڭنى چىشلىدىڭ،
ئۆرتىنىپ ھەسرەت ئارا نەپرەتكە توشتۇڭ ئالدىراپ.

تۇرغۇنجان تۇرسۇن

# تۇرىمەن يۇدۇپ ئېغىر سوكۇناتنى

## ئاي بولۇپ

ئاي بولۇپ يۇرتۇڭنى كېزىمەن دىلبەر،
كۈمۈش نۇر چاچىمەن بەختىڭنى قۇتلاپ.
لېۋىمدىن تامچىغان لالە رەڭ كەۋسەر،
قۇملۇقتا تامدۇ، قويمىدىڭ ئوتلاپ.

پاھ، ئەنە بۇرنۇڭغا ئۇرۇلدى ئىپار،
لېۋىڭگە ھارارەت قۇيدى پىيالە.
يېقىملىق كۈي تولۇپ تىترىدى دىلتار،
مەڭزىڭدە ئېچىلدى جىلۋىگەر لالە.

چېھرىڭدە قىزىل رەڭ، كۆكسۇڭدە ئىتىرەك،
كۆزۈڭدىن مۇھەببەت بارىدۇ تاراپ.
لېۋىڭدە نامايان ئوتلۇق بىر ئىستەك،
دېڭىزدەك جۇپ كۆزگە سالىسەن كاراب.

ئاي بولۇپ يۇرتۇڭنى كېزىمەن دىلبەر،
كۈمۈش نۇر چاچىمەن بەختىڭنى قۇتلاپ.
مەن تۇرغان زېمىنغا سالمايسەن نەزەر،
كېتىمەن تۈن ئارا ئۆزۈمنى سوتلاپ.

## ئىلتىجا

قولدىرىڭ قۇچاقلاشتى قولۇم بىلەن،
بارماقلار پىنھانلاردا گىرەلەشتى.
ئوت چاچار ئىگاھ قىلغان ھۇجۇم بىلەن،
سىنىڭدىن باشقا ئىنسان خىرەلەشتى.

ئەقرارمەن ياندى شۇئان جىسمىمدا ئوت،
ۋە يالقۇن جۇلالىدى كۆزۈمدىمۇ.
تىترىدىم سىھەرلىنىپ، نەدە ئۇ جۇت،
بىر لىرىك كۈي ياڭرىدى سۆزۈمدىمۇ.

كەمپۈتكە ئايلاندۇرۇپ يۈرىكىمنى
ئۆزۈكۆك كۆزلىرىگە سىلىپ قويدۇم.
كىلىچەك تۇغقان ئۈنسىز تىلىكىمنى
دىلخانەڭ بەتلىرىگە تىزىپ قويدۇم.

ھەر كۈنى قىدىرىمەن كائىناتنى
يۈرىكىم تەقدىرىنى بىلمەك بولۇپ.
تۈرىمەن يۈدۈپ ئىغىر سۈكۈناتنى،
گۈللۈكتە، گۈل سىرىنى بىلمەك بولۇپ.

ۋە لىكىن چىلىقىدۇ قەدىمىي ئۆي،
كۆرمەيمەن زىنھار سىنىڭ بىنايىڭنى.
ئومىقىم، قان قۇسماقتا دىلدىكى كۈي،
تىز قۇتقۇز — كۆرسەت گۈلدەك جامالىڭنى.

**غوجىمۇھەممەت مەمەت**

# شېئىرلار

## ئۈچرىشىش

قىسقاردى مۇساپە، قىسقاردى ئاستا،
زەنجىر بەنت جىملىقتىن يۇلقۇندى قۇياش.
ئەسلەردىن پەر قىقىپ ئۇچتى كالىپندار،
يۈرەكتىن دومىلاپ چۈشتى بىر تال تاش.

مۇزىكا جىرىلداپ كەتتى تۇيۇقسىز،
پۇتلارغا ئىسىلدى كالاپاي دۇنيا.
تەبەسسۇم ئەيلىدى ساختا مەغرۇرلۇق،
كۆزلەردە لىغىرلاپ تۇرغان ياش ئارا.

ئەسەبلەر چىچىلدى، يىتتى مۇزىكا،
باغلارغا باقالماي ئۆزىدى باھار.
ئەدىندۇر جار سىلىپ كەلدى رىئاللىق،
شۇدەملەر قۇياشتىن ياغار ئىدى قار.

## مەن

مەن مەۋجۇت،
چەكسىز تەنھالىقىمدا.
چالىمەن ئۆز سازىمنى،
مەڭگۈ ئويغاق سۈكۈت كۈيىگە.
ئىيتىمەن ئۆز ناخشامنى،
چاقماق ئوخشاش ئۆز ئاۋازىمدا.
رەستىلەردە، يوللاردا كۈندۈز،
يۈرىمەن ئۆزۈمنى قەلبىمگە سولاپ.

تارتىپ چىقىرىپ، كۈگۈم چۈشكەندە،
سوراقلايمەن ئۇستەلگە ئىختاپ.
گىرىمچىكنىڭ نازۇك قوللىرى
ياسىيالماس ھەقىقىي مېنى.

مەن
سىلەر ئېيتقان ئۇپۇق سىرتىدا،
چەكسىز كەتكەن تەنھالىقىمدا،
ئۆز ھاياتىمنى ياشايمەن شۇنداق.

## ئاشقى پلانىتتىن كەلگەن خەت

سىلەر
ياشىماقتىسىلەر
ئەڭ قەدىمىي ھاياجان بىلەن،
ئەڭ يېڭى غەم - قايغۇ بىلەن ھەم.
سېغىنماقتا قۇياش يۈرىكى،
چاشقان كىشىلىماقتا ھەقىقەتسىزلىكلاردا.

قەھرىدىن يەر شارىنىڭ،
تولغاق تۇتتى خۇدانى.
تۇغۇلار ئەمدى،
يېپ - يېڭى بىر دۇنيا.
ئىنسانلار...

ئارزۇگۇل ئىمىن

## ۋىجدانىم ئالدىدا قالمايمەن تېنەپ

پۈكۈلمەس تىزلىرىم ناھەق ئالدىدا،
مۈشكۈلات ئالدىدا چۈشمەيدۇ بېشىم.
بولمىغىن ئاۋارە ھەيۋە كۆرسىتىپ،
بولالماس زوراۋان سۆيۈملۈك كىشىم.

قويمايمەن بەختىمنى ئۆزگىگە باغلاپ،
جۆپلەپ قول، تۇرمايمەن شەپقەتلەر تىلەپ.
بۇلغىماس ئۆزىنى ھەرگىزمۇ غۇرۇر،
ۋىجدانىم ئالدىدا قالمايمەن تېنەپ.

ئەخمەتجان ھەتتۇزبان

## كۆكلەمنى سۆيگۈ دەپ

(ئوسمانجان ساۋۇتقا تەقلىد)

كۆكلەمنى سۆيگۈ دەپ ئاتىدىم، دىلدار،
كۆكلەمدىن ۋىسالغا يەتكەچكە سۆيگۈم.
يۈرىكىم ئەركىلەپ كۆكلەم يارىتار،
غۇبارسىز كەلگىنە، كېلىدۇ كۆرگۈم.

كۆكلەمنى سۆيگۈ دەپ ئاتىدىم، دىلدار،
ناخشا ئېيتىدىن كەلگەچكە كۆكلەمنىڭ ھىدى.
كۆلكىلەر زېمىناقتا ئۈيـۈپلا قالار،
ئىزگۈ، شوخ كۈيلەرنىڭ بولغاچقا سېھرى.

كۆكلەمنى سۆيگۈ دەپ ئاتىدىم، دىلدار،
ئۇندا بار ھېس - تۇيغۇ، ئىمتاس ئاق كېچە.
يۇلتۇزلار سۈت رەڭدە زېميا تارقىتار،
ئاسمانمۇ سۈزۈلۈپ ئاتقىلار ئاتـقۇچە.

كۆكلەمنى سۆيگۈ دەپ ئاتىدىم، دىلدار،
مەن كۆكلەم ئاشىقى، كەتمەس بولۇپ كەل.
ئارزۇلار كۆكلەمدەك ئاخىر يۈز ئاچار،
ئىجادتىن ھارارەت بەرسەم مەن تۈگەل.

كۆكلەمنى سۆيگۈ دەپ ئاتىدىم، دىلدار،
تۇرغاچقا كۆزۈڭدىن كۆكلەم كۆرۈنۈپ.
ئۇن توققۇز ياشتىمەن بىلدۇال زىنھار،
ئارمانلار ئىشقىدا يۈرگەن سۆيۈنۈپ.

كۆكلەمنى سۆيگۈ دەپ ئاتىدىم، دىلبدار،
بۇزۇلماس ۋەدە بار كۆكلەمدە مەھكەم.
پاك سۆيگۈم كۆكلەمگە مەڭگۈ چىرمىشار،
سەن كۆكلەم مەن ئۇچۇن ئەبەدىي ئەركەم.

ئەمەتجان قۇربان

## غوۋا ھېسلار تۇغقان ئىستەكلەر

1

مەن ھاياتتىن نېمە ئىزدىدىم،
ھايات مەندىن ئىزدىدى نېمە؟
قىسمەتلەرگە باشمۇ ئەگمىدىم،
بولسىمۇ ئۇ كۆپ تەرەپلىمە.

ھايات قوينى ئەمەس بەكمۇ كەڭ،
لېكىن ئۇ تار قەپەسمۇ ئەمەس.
قىسمىتىگە سالغىنىڭدا زەن،
قىلسەن يا قىلمايسەن ھەۋەس.

ھايات دېگەن نېمە ئۇ نېمە،
يېتەلمىدىم تەكتىگە زادى.
ئادەملىكنىم تېخى بىمەنە،
تاپالمايمەن ئۆزۈمنى گاھى.

تۈز كۆرۈندى ئەگرى ـ دونايلار،
يورۇق كۈننى كۆردۈم قاراڭغۇ.
ئاتەش كەبى گۈلگۈن چىرايلار،
كۆرۈندى بەك ماڭا ياداڭغۇ.

گۈلىستاننى بىلدىم چۆل ئىدىر،
كۆزلىرىمگە تارتىلغاچ گۇگۇم.
ئىبلىسلارنى ھېسابلاپ خىزىر،
ئاسايىشقا تولدى غۇرۇرۇم.

2

نۇر ئىلكىگە چۆمدى سۇبھى ـ تاڭ،
ئوتقاش كەبى قىزاردى ئۇپۇق.
مەنىسىنى تاپتى يېڭى ئاڭ،
يىرتىلغاچقا تاڭدىكى يوپۇق.

قىيقىنۇستەك رەڭ توزدى دۇنيا،
بولغاچ قۇياش تەپتى بەك ئۇلۇغ.
زېرەكلەرنى چاغلىدىم دانا،
بۇ كۆكلۈللەر بولمىغاچ سۇنۇق.

كۈلدى قايتا، كۈلدى قاقاقلاپ،
كۈلەلمىگەن ئارزۇ ـ ئىستەكلەر.
قارا چۈشلەر كەتكەچ يىراقلاپ،
رېتىمىدا سوقتى يۈرەكلەر.

سۇ ئىچكەچكە دىللاردىن دىللار،
ھايات قايتا تاپتى چىن باھا.
جۈپ قوللاردا ئەنگۈشتەر ئاچقۇچ،
ئۆتتى ئادەم ئىلكىگە دۇنيا.

**مەمەتتۇرسۇن مەتتوختى**

## ئايدەك ئايلان، توختىما

كېچە باقسام تولۇن ئايغا مۆكۈلىنىپ،
ئاي قارايدۇ لېكىن كەلمەس ياتسىراپ.
مەن خىيالچان ئايغا ئىشەنچ قەلبىمدە،
ئۆتتى ئۆمۈر كەتتى ياشلىق ھالسىراپ.

ئاي كېتىدۇ ۋە كېلىدۇ ئوخشاشلا،
ماڭلىيىدا قېرىلىقتىن ئەسەر يوق.
مەندىن كېتىپ گۈزەل ياشلىق قايتمىدى
ھاياتىمدا بىرەر ئۇتۇق — زەپەر يوق.

دانىش دېدى: ئايدەك ئايلان توختىما
ياشىرىسەن قېرىمايسەن تا ئەبەد.
ئايدەك ئىشلە، ئايدەك بەرگىن يورۇقلۇق،
ياشلىقىڭغا كۆل چېكىدۇ مۇھەببەت.

**سادىر قادىر**

## تۇنجۇققان سۆيگۈ

سۆيگۈ ئىزدەپ كىردىم دولقۇنغا،
يۇتۇۋالدى ئىشقىمنى بېلىق.
خادا تاشلار بولدى ھەمراھىم،
ئېغىر - ئېغىر ئالغاندا تىنىق.

ياشلىرىمنى تۆكتۈم زېمىنغا،
داللاردا ياسىدى ئۆركەش.
جانانىمنى يۇتقاچ ئەجدىھا،
پەقەت روھى كۆيۈمگە دىلكەش.

**ئابدۇشۈكۈر راشىدىن**

## جۈپ ئىز

ھەر قەلبتە يېڭى بىر سۆيگۈ،
تۇغۇلۇپلا يول ئېلىپ پىنھان.
يۈرۈپ كېتەر يىراق - يىراققا،
نەدە سەن دەپ ئەي گۈزەل جانان.

قالار غېرىپ مۆڭلۈق جۈپ ئىزلار،
داللاردا يەككە - يېگانە.
كۆرۈپ ھەسرەت چېكىدۇ شامال،
ئۇيغا چۆكەر ئۆتكەن پەرۋانە.

مۇشۇ يولدا ماڭغان يولۇچى،
تېپىشىپتۇ دەيدۇ جۈپ ئىزنى.
نەلەردىكىن، ئىزدەپ يۈرەمدۇ،
قىز يىگىتنى، يىگىتچۇ قىزنى؟

ئويلىمايدۇ جۈپلەر ۋە لېكىن
ئىزلىرىنىڭ مىسكىن ھالىنى.
يۈرۈپ كېتەر يېڭى سەيلىگە،
تاشلاپ ئىزغا ئازاب - زارىنى.

توختى تۇرسۇن

## خەلۋەتتىكى ناخشا

كۆكۈملار قوينىغا تۆكەر لىرىكا،
ساھىلدىن ئۆرلىگەن ئاقۇش رەڭ تۇمان.
يىراقتا ئاڭلانغان كارۋان ناخشىسى،
ياشلانغان سۆكۈتتىن ئىزدەيدۇ ماكان.

كەچمىشلەر كۆكسىدىن سارقىغان ھەسرەت،
ياپراقلار كۆكسىگە چۈشكەن ئىپتىمال.
ئاي نۇرى سۈت بەرگەن بۇ قەدىم تۇپراق،
چۈشلەردىن تاپىدۇ ئۆزىگە ۋىسال.

ناۋاسى قۇشلارنىڭ توزىغان مەھەل،
بىخ سۈرگەن ئىپ نازۇك، سەبىي تەلپۈنۈش.
بىر كۈيىنى ئاڭلايدۇ تەكرار ۋە تەكرار،
چىغىرىيول قوينىدا ئۇنتۇلغان كۈتۈش.

ئابلىمىز ئۆمەرھاجى

## لەھەت ۋە لەنەت

قىسمىپ كەلدىڭ يۈرەك - باغرىمنى،
مۇھەببەتنىڭ سوقماقلىرىدا.
ئاتاپ كەلدىم ساڭا بارىمنى،
يۈرۈپ سۆيگۈ سىناقلىرىدا.

ئەقىدەڭگە كەلدىم ئىشىنىپ،
دولقۇنلاردا بولسامۇ غەرق.
كىر قونمىدى ئەقىدەمگە ھەم،
ئۆتتى ئۈيچان يىللار شۇ تەرىق.

نېمە دەيمەن تەقدىرگە ئەمدى،
قۇرۇپ كەتتى مۇھەببەت كۆلى.
بىلىقلىرىم ئۆلۈپ توگىدى،
كۆيۈشمەكتە ۋۇجۇدۇم چۆلى.

باشقىسىنى سۆيۈپ يۈرۈپسەن،
بېرىپ ماڭا قۇرۇق ئېمىزگە.
سۆيۈلۈشكە چۈمۈپ كۈلۈپسەن،
مېنى دەسسەپ سەكرەپ ئېگىزگە.

سۆيمەن دەپ يازغان خەتلىرىڭ،
ۋىجدانىڭغا قويماسمۇ سوئال؟
سىرغا تولغان كۆڭۈل بەتلىرىڭ،
يەتكۈزمەسمۇ بەختىڭگە زاۋال؟!

مىلەپ مېنى پاتقاققا — لايغا،
دېڭىزلاردا بولۇپسەن ئۈۋچى.
قاداپ قويۇپ كۆزۈمنى ئايغا،
كۈندۈزلەردە يۈرۈپسەن نوچى.

مۇھەببەتنى غۇلاتتى نەپرەت،
بېرىپ ماڭا بىھېساب ئىبرەت.
قانىسرايدۇ يىغلاڭغۇ لەنەت،
لەنىتىمگە نەدىكەن لەھەت.

لەھەت ئىزدەپ يۈرمەيمەن ئەمدى،
لەھەت بولدى ئۆلگەن مۇھەببەت.
ياغدۇرمايمەن ساڭىلا لەنەت،
بۇ ئەمەسمۇ ئۆتكۈنچى قىسمەت؟

سەمەتجان تۇرغۇن

## سېغىنىش ۋە ئەسلەش

سېغىنىش ئۇ، چوڭقۇر مۇھەببەت،
سېغىنىش ئۇ، روھــى خاتىرە.
سېغىنىشلىق ھېسلار بولمىسا،
كۆڭۈل بولغاي سوغۇق گۆر ـ قەبرە.

ئەسلىگەندە يارنى، دوستلارنى،
دىلنى قاپلار ئوتلۇق ھارارەت.
ۋاپاسىز ھەم نامەردلەر ئۈچۈن،
قەلبىمدە بار ئۆچمەنلىك، نەپرەت.

چىن سۆيگۈدىن سۆيۈنۈپ دائىم،
ئۈمىد بىلەن ياشايمەن ئەبەد.
ھىجرانلاردىن قورقمايمەن ھەرگىز،
ئالدىنىشتىن قورقىمەن پەقەت...

ئەخمەتجان تۇرۇپ

## سىز قەھرىمان، مەن ئولجا

(بىر شائىرغا تەقلىد)

كۆزىڭىزدىن چاچرىغان ئۇچقۇن،
يۇلتۇزلارنى قىلغاندا خىرە.
سەجدە قىلدىم گۇگۇمغا تەكرار،
بوينىڭىزغا سىيلىشقا گىرە.

تومەن قوشنى كۆي كۈيلىتىپ تاك،
كۆكسىڭىزگە تاقىسا مېدال.
يۈرىكىمگە چۈشكەن نۇرىدىن،
ياندى كۈنسىز كۆزلىرىم يال ـ يال...

سىز قۇياشنى دوست تۇتۇپ ھەردەم،
توزانلارغا سالسىڭىز تەستەك.
مەن بىر ئىزدا مۇگدەپ قالغان دەم،
بەخت دېدىم، تۇتسىلا ئەسنەك.

بىلدىم بۇ دەم (زەررە گۇمان يوق)،
سىز ئىكەنسىز راستلا قەھرىمان.
ساناۋېرىك ئولجا دەپ مېنى،
تارقىغىچە چېھرىمىدىن مانان.

ئەركىن زوردۇن

## ئەجداد ئىزىدىن

خىياللىرىم ئاقار دەريادا،
مەن تۇرىمەن لېكىن قىرغاقتا.
بۇ ھاياتنىڭ يوللىرى ئۇزاق،
كۆرۈنىدۇ مەنزىل يىراقتا.

مەن ماڭىمەن قىرغاقنى بويلاپ،
خىيــال ئىچرە چوڭقۇر ئوي ئويلاپ.
يەيمەن دائىم ئەلنىڭ غېمىنى،
شامال بولۇپ بۇلۇتنى قوغلاپ.

خەلق ئوغلى، ۋەتەن ئەركى مەن،
شېئىرىيەتتىن گۆھەر قازىمەن.
قەلبىم يۈرەك قېنىمنى سىياھ،
ئىزلىرىدەك داستان يازىمەن.

ئابدۇرازاق ئايۇپ

## ئانا

سۆيگۈدىن تۆرەلدىم سۆيۈلگۈچىمەن،
پاك ئىشقىڭ تېنىمدە جۇش ئۇرار ئانا.
پەرۋىشىڭ تۈپەيلى ئۆستۈم شوخ - تېمەن،
مېنى دەپ بولىسەن دائىم جان پىدا.

بىر تامچە سۈتىڭدىن مىڭ تامچە ئەقىل،
ئاتا قىپ ئۆستۈردۈڭ ئاسراپ - پەپىلەپ.
ئەجرىڭنى ياندۇرۇش پەرزىم ۋە قەرزىم،
بۇرچۇمنى ئاقلايمەن چوقۇم ھەسسىلەپ...

نۇرمەمەت ھاشىم

# ئىككى شېئىر

## ئىلتىجا

خۇمارلىق كۆزلىرىڭ تاشلاپ شوخ نەزەر،
سۆيگۈنىڭ قەسرىگە قويدۇمغۇ قەدەم.
چىندۇر مۇھەببىتىم قىلمىغىن ھەزەر،
بولاتتىم ھىجرىڭدا چەكمىسەم ئەلەم.
دىلبىرىم ئۇچۇشقا قاقماي تۇرغىن پەر،
سۆيگۈنىڭ لېۋىدىن ئىچەيلى زەم - زەم.

## كەچكى شەپەق

قىزىل قان رەڭگىدە قىزارغان ئالەم،
قۇياشمۇ قىلىپتۇ غەربكە سەپەر.
يىراقتا ئۇزارغان ئورمان سايىسى،
قاپقارا كېچىدىن بەرمەكتە خەۋەر.

توختى تۇرسۇن

## ئوقۇتقۇچى

ئۇ كۆڭلۈمنى يورۇتقان بىر شام،
نام - نىشانسىز ئۆچىدۇ كۆيۈپ.
ئۇ باغلاردىن ئاققان سۈزۈك سۇ،
ئانا تۇپراق باغرىنى سۆيۈپ.

ئۇ تەڭداشسىز ئۆگىمەس بىر قامۇس،
بەتلىرىگە پۈتۈلگەن ھېكمەت.
ئۇ ھەممىنىڭ بۈيۈك ئىلاھى،
يەر - زېمىنغا چاچار مۇھەببەت.

## ئۈرۈمچىدە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە 1993 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۈرۈمچىدە مەشھۇر يازغۇچى، يېتۈك ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى. مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىبراھىم روزى، پاشا ئىشان، ئىسمايىل تىلىۋالدى، ئەنۋەرخان بابا، مۇسا، قەمبەرخانىم، قاسىم ھېمىت، قەييۇم تۇردى، ئاۋۇت توختى، ما چاڭخۇا، ليۇ چېڭشاۋ، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، غازى ئەمەت، ئوبۇل ئىسلام، ئىمىن ئەخمىدى، چېڭ بەيجۇڭ قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار، شۇنىڭدەك يازغۇچىنىڭ تەڭتۇشلىرى، زامانداشلىرى، قەلەمداشلىرى، ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، يازغۇچىلار ۋە ھەر ساھە ۋەكىللىرىدىن بولۇپ 150 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. مۇھاكىمە يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەت شاۋۇدۇن رىياسەتچىلىك قىلدى.

يولداش مۇھەممەت شاۋۇدۇن ئېچىش نۇتقى سۆزلىگەندە، ئەسلىدە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى 1993 - يىللىق خىزمەت نۇقتىلىرىنى بېكىتكەندە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تاڭجارىق، ۋاڭ يۇخۇ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، يۈسۈپ مامايلار ھەققىدە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلغانلىقىنى، بۈگۈنكى بۇ مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىگە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخىي ماتېرىياللار كومىتېتى كۈچلۈك تۈرتكە بولغانلىقىنى، بۇ يىغىننىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىنى سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى فېڭ داجېن، ئىبراھىم روزى قاتارلىق رەھبەرلەر، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي تەشكىلاتلار قىزغىن قوللىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

مۇھاكىمە يىغىنىدا ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەڭ

قىقاتچىسى قادىر ئەكبەر، شىنجاڭ ھازىرقى
زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ
مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇ-
رېھىم، شىنجاڭ داشۆ تىل - ئەدەبىيات
فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرى، دوتسېنت ئازاد
سۇلتان قاتارلىقلار ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ،
پېشقەدەم ئىجادكارنىڭ مول تۆھپىلىرىنى
ھەرقايسى نۇقتىلاردىن يورۇتۇپ بەردى.

يولداش ئىبراھىم روزى مەشھۇر
يازغۇچى، يېتۇك ئالىم، جەمئىي-
يەت ئەربابى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ يېرىم
ئەسىردىن بۇيانقى مول مەزمۇنلۇق
ئىجادىي ئەمگەكلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى.
ئۇنىڭ سۆزىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا
يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، ئابدۇ-
رېھىم ئۆتكۈر — ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق
مەشھۇر شائىر ھەم يازغۇچى. ئۇ «ئۆمۈر
مەنزىللىرى» نىڭ 52 يىللىنى ئەدەبىي
ئىجادىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، ئۈزلۈكسىز
ئىزدىنىپ، ھارماي - تالماي ئەجىر قىلىپ،
شېئىرىيەت ۋە پروزا ساھەسىدە بەدىئىي
ئىستېداتى ۋە يۇقىرى ماھارىتىنى نامـا-
يان قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ھەم
يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە نادىر
ئەسەرلەرنى ياراتتى. ئۇ 52 يىل مابەينىدە
خەلقىمىزگە «قەشقەر كېچىسى»، «ئۆمۈر
مەنزىللىرى»، «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»
قاتارلىق ئېسىل مېۋىلەرنى تەقدىم قىلىپ،
يۇقىرى ئابرويغا ۋە يۈكسەك ئالقىشقا ئىگە
بولدى. ئۇنىڭ بەزى كىتابلىرى كىتاب-
خانلارنىڭ تەلپىگە ئاساسەن قايتا - قايتا
نەشر قىلىندى؛ بىرمۇنچە ئەسەرلىرى
ئاپتونوم رايونىمىزدىلا يۇقىرى باھاغا
ئېرىشىپ قالماستىن، مەملىكەت بويىچەمۇ
مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ھەتتا چەت ئەللەر-
دىمۇ بەلگىلىك تەسىر قوزغىدى. ئىككىن-
چىدىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر — زامانىمىزنىڭ
يېتۇك ئالىملىرىدىن بىرى. ئۇ يۇقىرى
ئىلمىي قىممەتكە ئىگە كۆپلىگەن ئىلمىي
ماقالىلەرنى يېزىپ ۋە مەملىكەت ئىچى -
سىرتىدىكى كۆپلىگەن ئىلمىي مۇھاكىمە
سورۇنلىرىدا ئۇلارنى ئوقۇپ، ئىلمىي تەت-
قىقات ۋە مىللەتلەر ئارا ئىلىم، مەدەنىيەت
ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىمىزغا كۆرۈنەرلىك
تۆھپە قوشتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «قۇتادغۇ
بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىق
ئەسەرلەرنىڭ يەشمىسىنى ئىشلەش، ئۇلارنى
نەشرگە تەييارلاش ۋە ئىلىم دۇنياسىغا
يېڭىباشتىن تونۇشتۇرۇش جەھەتتە ئوي-
نىغان مۇھىم رولى كىشىنى تېخىمۇ
خۇرسەن قىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئابدۇرېھىم
ئۆتكۈر نوپۇزلۇق جەمئىيەت ئەربابى،
مەشھۇر دېموكراتىك زات، پارتىيىمىزنىڭ
يېقىن دوستى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
رەھبەرلىكىنى قىزغىن ھىمايە قىلدى،
پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىگە
يېقىندىن ماسلاشتى. ئېلىمىزدىكى ۋەتەن-
پەرۋەر دېموكراتىك زاتلار بىلەن بىرلىكتە
پارتىيىنىڭ كەڭ بىرلىك سەپ تۇغى ئاستىغا
زىچ ئۇيۇشۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە
ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىپ ياشنىشى ئۈچۈن
زور ئەجىر سىڭدۈردى. ئۇ پارتىيىمىزنىڭ
يېقىن دوستلىرى قاتارىدا ئاپتونوم را-
يونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ 5 -، 6 - نۆ-
ۋەتلىك كومىتېتلىرىغا ئەزا بولۇش جەر-
يانىدا سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەتەنپەرۋەر-
لىك بىرلىك سەپ پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ
قاتنىشىپ، مىللىي ماتارىپنى تېز تەرەققىي

قىلدۇرۇش، جەمئىيىتىمىزدە ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ مەكتەپ تەربىيىسىدە ئەخلاق تەربىيىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، پارتىيىمىزنىڭ سىرتقا قاتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىگە ماسلىشىپ، چەت ئەللەردىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ھۆكۈمەتكە كۆپ قېتىم تەكلىپ، لايىھىلەرنى سۇنۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى، جەمئىيەت ئەخلاقىنىڭ ساغلام بولۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشتى. ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ كومىتېتنى تارىخىي قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ماقالىلەر بىلەن تەمىنلىدى، بۇ كومىتېتنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملەشتى. قىسقىسى، ئۇ ۋەتەنپەرۋەر زاتلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ۋەتەننى سۆيۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھىمايە قىلىش، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئويناشتىن ئىبارەت شەرەپلىك تارىخىي بۇرچىنى مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلدى.

يىغىندا يەنە ئىسمايىل تىلىۋالدى، قەييۇم تۇردى، ما چاڭخۇا، ئاۋۇت توختى، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، شۈكۈر يالقىن، خالىق ساقى، ليۇبىڭ، رازىيە قاتارلىق يولداشلار ئىختىيارىي سۆز قىلىپ، يازغۇچىنىڭ مەنىلىك ئۆتكەن ئىجادىي ھاياتىغا، غايەت زور ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇدى.

خالىق ساقى بىلەن ئىبراھىم مۇتىئى يىغىننى تەشكىللىگەن ئورۇنلار نامىدىن يازغۇچىغا تون تەقدىم قىلدى. ئىبراھىم روزى، قەييۇم تۇردى قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار يازغۇچىغا تون كىيدۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى، سىفەن داشۆ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن بىرمۇنچىلىغان شەخسلەر يازغۇچىغا كەينى - كەينىدىن سوۋغا ھەم لەۋھە تەقدىم قىلدى.

يىغىندا يەنە ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇسالام توختى، ئابلىمىت سادىق، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن قاتارلىق ئەدىبلەر شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى. جاپپار ئەمەت، مەھمۇت زەيدى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ شائىرغا بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرىمۇ ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

يىغىننىڭ ئاخىرىدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر يىغىننى تەشكىللىگەن ئورۇنلارغا ۋە يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بىرقانچە رۇبائىيسىنى ئوقۇپ بەردى. ئىيغىن ئىنتايىن كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئىچىدە ئاياغلاشتى.

ئۆز خەۋىرىمىز

# ئىجادىيەت مۇنبىرىدە

يېقىندا ئۈرۈمچىدە يازغۇچى، ئالىم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەدەبىي ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. سۈرەتتە: يىغىندىن كۆرۈنۈشلەر.



ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى سۆز قىلماقتا.




مەشھۇر رەسسام غازى ئەمەت ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە سوۋغا تەقدىم قىلماقتا.




ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە تون كىيدۈرۈلمەكتە.




يىغىندىن كېيىن.




ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر سۆز قىلماقتا.

قېيۇم تۇرسۇن فوتوسى




《塔 里 木》 文学月刊 (维吾尔文)

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL

IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1993 ـ يىل 9 ـ سان(391 ـ سان) ، 43 ـ يىل نەشرى .
ئۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国际统一刊号：ISSN 1002－9044　ISSN 1002 ـ 9044　خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى :

国内统一刊号：CN　65－1010／I　CN 65 ـ 1010 / I　مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى :

国外代号：Q4462　خەلقئارا ۋاكالەت نومۇرى : Q 4462

邮发代号：58－66 定　价：2.00元　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 . باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 2.00 يۈەن

邮政编码：830000 : پوچتا نومۇرى